(2)不完全系助动词:常用的不完全系助动词有:ئىكەن , ئىدى . ئىمىش。

ئىدى它加在静词或动词的静词性形式之后表示说话者用直接知道所叙述的事件的语气。

www.uyghurkitap.com

### «ئىدى» 的人称和数的变化

| 人称＼数 | | 单数 | 复数 |
|---|---|---|---|
| 第一人称 | | ئىدىم | ئىدۇق |
| 第二人称 | 普称 | ئىدىڭ | ئىدىڭلار |
| | 尊称 | ئىدىڭىز | |
| 第三人称 | | ئىدى | |

① ئۆتكەن يىلى ئوقۇغۇچى ئىدىم، ھازىر ئوقۇتقۇچى بولدۇم.
② بۇرۇن بەك ياخشى ئىدىڭىز، يېقىندىن بۇيان ئۆزگەردىڭىز.
③ سىنىپىتىكى ئوقۇغۇچى ئەسلى 20 ئىدى، ھازىر 25 بولدى.
④ مەن سىزگە دېگەن نەرسە مۇشۇ ئىدى.
⑤ مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىدىم.
⑥ ئۇ تۈنۈگۈن كەلگەنىدى.
⑦ بىز ئۇلارنى كۆرگەنىدۇق.

ئىكەن 它加在静词或动词的静词性形式之后表示说话者用间接知道的语气(即根据某种结果，迹象或别人的话语才知道的语气)来说话。

### «ئىكەن» 的人称和数的变化

| 人称＼数 | | 单数 | 复数 |
|---|---|---|---|
| 第一人称 | | ئىكەنمەن | ئىكەنمىز |
| 第二人称 | 普称 | ئىكەنسەن | ئىكەنسىلەر |
| | 尊称 | ئىكەنسىز | |
| 第三人称 | | ئىكەن | |

① ئۇنىڭ نەزەرىدە مەن يامان ئادەم ئىكەنمەن.

② سىز بەك ياخشى ئىكەنسىز.
③ ئۇنىڭ بالىسى بەش ئىكەن.
④ ئۇ قەشقەرگە بارغانىكەن.
⑤ مەن سىزنى بۇرۇن كۆرگەنىكەنمەن.
⑥ سىز بۇ يەرگە كەلگەنىكەنسىز.

(3)«ئىكەن ، ئىدى» 的疑问形式

«ئىدى» 的疑问形式在«ئىدى»后面或前面加上语气词«مۇ»构成,但语气词加在前面时«…مۇئىدى»要紧缩成 «…مىدى» 并和前面的词连写。如:

① سىز دوختۇر ئىدىڭىزمۇ؟/ سىز دوختۇرمىدىڭىز؟
② ئۇلار دوختۇر ئىدىمۇ؟/ ئۇلار دوختۇرمىدى؟
③ تۈنۈگۈن سىز ئۆيدە ئىدىڭىزمۇ؟/ تۈنۈگۈن سىز ئۆيدىمىدىڭىز؟

«ئىكەن» 的疑问形式在«ئىكەن» 前面加上语气词«مۇ» 构成,«مۇ ئىكەن»要紧缩成 «مىكەن»并和前面的词连写。如:

① ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانمىكەن؟
② ئۇ ئوقۇغۇچىمىكەن؟
③ ئۇ ئالىم بىلەن يۇرتداشمىكەن؟

注:在口语里ئىكەنمەن , ئىكەنسەن , ئىكەن ,…… 中的«ئى»常脱落,其余部分与前面的词语连读。如:

① مەن ئايگۈل بىلەن ساۋاقداش ئىكەنمەن (ساۋاقداشكەنمەن)
② بىز ئايگۈل بىلەن ساۋاقداش ئىكەنمىز (ساۋاقداشكەنمىز)
③ سەن ئايگۈل بىلەن ساۋاقداش ئىكەنسەن (ساۋاقداشكەنسەن)
④ سىز ئايگۈل بىلەن ساۋاقداش ئىكەنسىز (ساۋاقداشكەنسىز)
⑤ سىلەر ئايگۈل بىلەن ساۋاقداش ئىكەنسىلەر (ساۋاقداشكەنسىلەر)

⑥ ئۇ (ئۇلار) ئايگۈل بىلەن ساۋاقداش ئىكەن (ساۋاقداشكەن)

ئىدى، ئىكەن 与形动词附加成分 «-غان //-قان //-گەن //-كەن» 结合时要连写。如：

ئوقۇغان + ئىدى = ئوقۇغانىدى

ئوقۇغان + ئىكەن = ئوقۇغانىكەن

كەلگەن + ئىدى = كەلگەنىدى

كەلگەن + ئىكەن = كەلگەنىكەن

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 将每一个单词抄写一行。

3. 把下列动词用形动词的过去时、现在时、将来时肯定式进行变化。

示例：

باشلا- : باشلىغان، باشلاۋاتقان، باشلايدىغان

| | | |
|---|---|---|
| ئاچ- | قىزىق- | ئوينا- |
| قاتناش- | قارشى ئال- | ئۇلتۇرۇش قىل- |
| پاراڭلاش- | تەكرار قىل- | يە- |
| دە- | ئۇخلا- | بار- |

4. 把下列动词按形动词的过去时、现在时、将来时否定式进行变化。

示例：

باشلا : باشلىمىغان، باشلىمايۋاتقان، باشلىمايدىغان.

| | | |
|---|---|---|
| يېقىنلا- | ئۆگەن- | ئوخشا- |
| قايت- | ئوقۇ- | تىرىش- |
| ئوينا- | ئۆت- | ئىشلە- |
| سۆزلە- | ياخشى كۆر- | سۈرت- |

5. 用系助动词填空。

www.uyghurkitap.com

① سىز بۇرۇن دوختۇر . . .

② ئۇلارنىڭ سىنىپىدا 30 ئوقۇغۇچى بار . . . .

③ مەن تۈنۈگۈن بازارغا بارغان. . . .

④ مەن سىنىپقا كىرگەندە ئۇ يوق. . . .

⑤ ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەممىدىن ياخشى. . . .

⑥ بۇ يىل ھاۋا بەك سوغۇق. . . .

⑦ سىز تېكىستنى تەرجىمە . . . .

⑧ سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 30 . . . .

6. 将下列句子译成汉文。

① ئۇلار بىز بىلەن بىللە كىنو كۆرگەن.

② مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئالتە يىل ئوقۇغان.

③ بىز بۇ يەرگە تۈنۈگۈن كەلگەن.

④ يېڭى كەلگەن ساۋاقداشلارنى قارشى ئالدۇق.

⑤ مەن بېيجىڭغا بارمىغان.

⑥ ئالىم تاپشۇرۇقنىڭ بىرىنىمۇ ئىشلىمىگەن.

⑦ سىلەر ئوقۇغان كىتابنى بىزمۇ ئوقۇدۇق.

⑧ ئالىم تۈنۈگۈن كىنوغا بارمىغانىكەن.

7. 用下列动词的形动词形式各造一个句子。

كېچىك-، باشلا-، قىزىق-، ياز-، كۆر-، ئوينا-، ئاچ-، قاتناش-، پاراڭلاش-

8. 把下列句子变成疑问句并作否定的回答。

① مەن بۇ كىتابنى ئوقۇغان.

② ئۇ تۈنۈگۈن دەرسكە كەلگەن.

③ مەن چۈشتە كىر يۇغانىدىم.

④ مەن سىنىپقا كىرگەندە ئۇ گېزىت كۆرۈۋاتقانىكەن.

⑤ مەن ئۆتكەن يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن

⑥ بۇ ھېكايىنى دوستۇم تەرجىمە قىلغان.

⑦ يازلىق تەتىلدە ئۇ غۇلجىغا بارغانىدى.

9. 将下列句子译成维文。

①我喜欢听故事。

②你的名字不叫买买提吗？
③去年我十九岁，今年 20 岁。
④原来他们不是伊宁人。
⑤他们来乌鲁木齐以前一点儿维吾尔语都不会。
⑥这些书我数过了，一共是 215 本。

10. 回答问题。

① بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دەرس بارمۇ؟
② سىلەر نەگە باردىڭلار؟
③ بۈگۈن نىمە كىنو بار ئىكەن؟
④ بىلەتنىڭ باھاسى قانچە ئىكەن؟
⑤ كىنونى سائەت نەچچىدە باشلايدىكەن؟
⑥ تاماقتىن كېيىن نەگە باردىڭلار؟

11. 句型练习。

①

| | | |
|---|---|---|
| شەنبە كۈنى<br>بۈگۈن<br>تۈنۈگۈن<br>چارشەنبە | چۈشتىن كېيىن | دەرس يوق ئىدى.<br>كىنوغا بارغانىدىم.<br>بازارغا بارغانىدىم.<br>يىغىنغا قاتناشقانىدىم. |

②

| | |
|---|---|
| مەن ئالىمجان بىلەن بىللە | كىنوغا باردىم.<br>توپ ئوينىدىم.<br>بازارغا بارغان.<br>كۈتۈپخانىغا چىققان. |

③

| | | |
|---|---|---|
| مەن بۇرۇن | بۇ كىنوخانىغا<br>بۇ شەھەرگە<br>بېيجىڭغا<br>ئالىمنىڭ ئۆيىگە | بارمىغانىدىم. |

| | | |
|---|---|---|
| كىنونى | | باشلايدىكەن . |
| يىغىننى | | باشلىغانىدى . |
| ④ دەرسنى | سائەت ئالتىدە | باشلايدۇ . |
| چىراغنى | | ئۆچۈرىدىكەن |
| ئالىم | | كەلگەنىدى . |
| ئاشخاننى | | ئاچىدىكەن . |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمىنچى دەرس

بىلىم — كۈچ.
知识就是力量。

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① ئاساسىي بىلىملەرنى 1 - يىللىقتىن باشلاپلا پۇختا ئۆگىنىش لازىم.

② دەرسنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىغاندىن باشقا خاتىرە يېزىپ مېڭىشىمىز لازىم.

③ خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقماسلىق كېرەك.

④ كۆپ ئاڭلاش دېگىنىمىز — دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، رادىئونى كۆپ ئاڭلاش دېگىنىمىز.

## تېكىست

### ئاساسىي بىلىملەرنى پۇختا ئۆگىنىش لازىم

1. ئاساسىي بىلىملەرنى 1 - يىللىقتىن باشلاپلا پۇختا ئۆگىنىش لازىم. ھازىر بىز ئۆگىنىۋاتقان دەرس تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. شۇڭا ھەربىر دەرسنى قېتىرقىنىپ

ئۆگىنىش لازىم. ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش كېرەك. دەرس ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا دىققەت قىلىپ ئاڭلاشتىن باشقا، خاتىرە يېزىپ مېڭىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ياخشى ئىگىلىيەلەيمىز. دەرس ۋاقتىدا چۈشەنمىگەن جايلارنى مۇئەللىمدىن سوراش كېرەك.

2. كۆنۈكمىلەرنى تەلەپ بويىچە ياخشى ئىشلەپ مېڭىش لازىم. ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ تېكىستنى، سۆزنى ئۈنلۈك ئوقۇش لازىم. تېكىست، دىئالوگنى يادلاش لازىم. نۇقتىلىق سۆزلەرگە ئېغىزچە، يېزىقچە جۈملە تۈزۈش لازىم. دائىم ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە ئادەتلىنىش، خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقماسلىق كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇيغۇرچىنى ياخشى ئۆگىنەلەيمىز.

## سۆھبەت

ئا: سىز نەدە ئوقۇيسىز؟
ئە: مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن.
ئا: نېمە ئۆگىنىۋاتىسىز؟
ئە: ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن.
ئا: كەسپىڭىز ئوبدان ئىكەن.
ئە: سىز ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، نەدە ئۆگەنگەنىدىڭىز؟
ئا: مەنمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەن.
ئە: نەدە ئىشلەيسىز؟
ئا: ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيمەن.
ئە: ئۇنداقتا، ئۆگىنىش تەجرىبىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟
ئا: بولىدۇ، تىل ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن كۆپ ئاڭلاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

كۆپ سۆزلەش، كۆپ يېزىش كېرەك.

ئە: تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەمسىز؟

ئا: كۆپ ئاڭلاش دېگىنىم، دەرس ۋاقتىدا دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، دەرستىن كېيىن رادىئودىن ئۇيغۇرچە ئاڭلاش ئۇيغۇرلارنىڭ پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلاش دېگىنىم.

ئە: كۆپ ئاڭلىغاننىڭ قانداق پايدىسى بار؟

ئە: پايدىسى كۆپ، ئاڭلاش، چۈشىنىش قابىلىيىتىڭىز ئۆسىدۇ.

ئە: كۆپ يېزىش دېگىنىمىز سۆزلەرنىلا ياز دېگىنىڭىزمۇ؟

ئا: ياق، ئۇنىڭدىن باشقا يېزىقچە جۈملە تۈزۈشنى، تېكىستنى يازما تەرجىمە قىلىشنى كۆپ مەشىق قىلىش دېگىنىم.

ئە: سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، رەھمەت سىزگە.

ئا: ئەرزىمەيدۇ. سىز چوقۇم ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە ئادەتلىنىڭ، خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقماڭ.

ئە: بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن قورقماي سۆزلەيمەن.

ئا: سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

ئە: رەھمەت.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| پۇختا | (س) | 结实的，坚实的，牢固的 |
| تېيىز | (س) | 浅 |
| چوڭقۇر | (س) | 深，深刻，深厚 |
| تەلەپ | (ئى) | 要求 |
| سورا- | (نېمىنى) | 问，询问，打听；请求 |
| ئېغىزچە | (ئى) | 口头 |
| يېزىقچە | (ئى) | 书面 |
| ئادەتلەن- | (نېمىگە) | 习惯 |
| خاتا | (س) | 错误的 |

| | | |
|---|---|---|
| پوزىتسىيە | (ئى) | 态度 |
| قورق- | (كىمدىن، نېمىدىن) | 怕、害怕,吓,畏惧,恐惧 |
| ئوبدان | (س) | 好 |
| دىئالوگ | (ئى) | 对话 |
| ھۆكۈمەت | (ئى) | 政府 |
| پايدا | (س) | 利,利益,好处 |
| ئۆس- | (نېمە) | 长,成长,生长,提高;上升 |
| قابىلىيەت | (ئى) | 能力,才能 |
| ئاۋارە قىل- | (كىمنى) | 麻烦,打扰 |
| مەشق قىل- | (نېمىنى) | 练习 |
| شۇڭا | (ب) | 因此 |
| ئۇتۇق | (س) | 胜利,成绩,成就 |
| جۈملە | (ئى) | 句子 |
| تۈز- | (نېمىنى) | 造,修理 |
| كېرەك | (س) | 要,需要;应当,应该;必须 |
| قېتىرقىنىپ | (س) | 刻苦,认真 |
| كۆڭۈل قوي- | (نېمىگە) | 用心 |
| خاتىرە ياز- | (نېمىنى) | 记笔记 |
| ئىگىلە- | (نېمىنى) | 掌握,占有 |
| چۈشەن- | (نېمىنى) | 了解,明白,懂得 |
| بويىچە | (تىر) | 按照,依照;一直 |
| گەپ | (ئى) | 话,语,言 |
| قوي- | (نېمىنى، كىمنى، نەگە) | 放,放置;留;提出;戒除 |
| لازىم | (س) | 要,必须,应该 |
| ئاساسىي | (س) | 基本的,根本的,主要的 |
| بىلىم | (ئى) | 知识 |

〔词语用法说明〕

一、لا

«لا» 是语气词，表示强调、限制，或表示动作与其它动作发生的时间紧密相连。如：

بىر كۈنلا قالدى.　只剩下一天了。

بىز باشتىن باشلاپلا ياخشى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

我们应该一开始就好好学习。

بولدىلا، ئۇ بارمىسۇن.　行了，别让他去。

ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرچە بىلىدىكەن.

听说他上大学以前就会维吾尔语。

## 二、لازىم، كېرەك

كېرەك، لازىم 经常与动名词连用，表示对动名词所表达的行为动作实现的必要性。如：

① ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش لازىم.

② خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقماسلىق كېرەك.

③ ئاساسىي بىلىملەرنى 1 - يىللىقتىن باشلاپلا پۇختا ئۆگىنىشىمىز لازىم.

## 三、باشقا

1. باشقا用作代词，可以代替已明确提到的人或事物之外的人或事物的名称。如：

① بۇ يىغىنغا بىز قاتناشتۇق، باشقىلار قاتناشمىدى.

② مەن ئالىمنى تونۇيمەن، باشقىلارنى تونۇمايمەن.

③ باشقىلار ئەتە كېلىدۇ.

2. 用作后置词，与带从格的词连用，可起区分和特指的作用。如：

① دەرسنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىغاندىن باشقا خاتىرە يېزىپ مېڭىشىمىز لازىم.

② ئالتايدا قازاقلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار.

## 四、بويىچە

بويىچە 副词

1. 表示行为动作的范围。如：

① مەكتەپ بويىچە چوڭ تازىلىق قىلدۇق.
② بىز بۈگۈن سىنىپ بويىچە كىنو كۆردۇق.

2. 表示用某种事物或动作作为依据或基础。如：

① كۆنۈكمىلەرنى تەلەپ بويىچە ياخشى ئىشلەپ مېڭىش لازىم.
② سىز مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ئۆگىنىڭ.

〔语音常识〕

**口语中«لى»，«لۇ» 的脱落**

چال, قال, كەل , سال, ئال, بول, قىل 等 «ل» 结尾的单音节动词附加 «-ىپ//-ۇپ//-پ» 变副动词后，再加助动词结合起来表示各种情态时，口语中，其中的 «لى» 或 «لۇ» 音节脱落。

例如：

ئېلىپ بېقىڭ، كۆرۈپ باقاي/ ئېپ بېقىڭ، كۆرۈپ باقاي.
你拿过来，让我看看。

ئۇ زۇكام بولۇپ قېلىپتۇ/ ئۇ زۇكام بوپ قېپتۇ.
他感冒了。

بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز/ بەك ئاۋارە بوپ كەتتىڭىز.
你太辛苦了。

〔语法要点〕

**一、副动词** رەۋىشداش

副动词是动词的一种非人称形式，兼有副词和动词的特点。它不能按动词的时态，人称和数发生变化，只表示动作的状态、方式、目的、原因、时间等意义，维吾尔语副动词的种类较多。

پ 副动词(状态副动词) «پ» لىق رەۋىشداش

پ 副动词是在动词词干后附加«-پ//-ىپ//-ۇپ//-ۈپ»附加成分构成。如：

ئىشلە + پ = ئىشلەپ　　ياز + ىپ = يېزىپ
ئوقۇ + پ = ئوقۇپ　　ئال + ىپ = ئېلىپ
كۆر + ۈپ = كۆرۈپ　　تور + ۇپ = تورۇپ
ئولتۇر + ۇپ = ئولتۇرۇپ　　كەل + ىپ = كېلىپ

پ 副动词的否定式是在动词(或动词语态)词干后附加

«ـ ماي // ـ مەي» 构成。如：

ياز + ماي = يازماي

كەل + مەي = كەلمەي

تۇر + ماي = تۇرماي

ئوقۇ + ماي = ئوقۇماي

ئىشلە + مەي = ئىشلىمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پ 副动词的用法：

(1)修饰动词谓语，表示动作进行的方式。如：

① ئۇ تىرىشىپ ئوقۇيدۇ.

② ئەخمەت توختىماي سۆزلىدى.

(2)当主体发出两个以上的动作时，在不强调各个动作的独立性，而只表示它们之间的顺序和同时存在等关系的情况下，除最后的动词外，其余的动词都要用پ副动词。例如：

① ئۇ ئۇيغۇرچىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

② ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىمىنى كىيىپ، يۈزىنى يۇيۇپ سىرتقا چىقتى.

## 二、体助动词 تۈس ياردەمچى پېئىلى

维吾尔语里有一部分动词有时与 پ 副动词结合(有的与其它副动词结合)全部或部分地失去原来的词汇意义，给 پ 副动词所指的动作增添某种附加意义。这种失去了原来的词汇意义而给پ副动词所指动作增添某些附加意义的动词叫做体助动词。

维吾尔语中，常用的体助动词有：

ئەت-، بەر-، ئال-، چىق-، يۈر-، تۇر-، بول-، كۆر-، باق-، بار-، سال-، ئۆت-، قوي-، قال-، كەت-، كەل-

(1)体助动词-قال

体助动词-قال 可以和一些不及物动词构成的پ 副动词组合，使 پ 副动词所指动作的出现具有突然、意外等色彩。如：

① مۇئەللىم ئاغرىپ قالدى.

② سائىتىڭىز توختاپ قاپتۇ.

助动词 فال- 也可结合在 ئۇنتۇ-، ئاڭلا-، كۆر- 等几个及物动词构成的 پ 副动词后,表示这种意思。

① مەن ئۇنى بازاردا كۆرۈپ قالدىم.
② تاپشۇرۇق دەپتىرىمنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
③ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم.

(2)助动词-بول

助动词-بول 与 پ 副动词结合,表示 پ 副动词所指动作涉及到有关事物全部。如:

① تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم.
② ماقالەمنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ؟
— كۆرۈپ بولدۇم.
③ خام سۆزلەرنى بىر قېتىمدىن يېزىپ بولدۇڭلارمۇ؟
— يېزىپ بولدۇق.

(3)助动词 -باق

助动词-باق 与副动词结合,表示主体尝试着做 پ 副动词所指的动作。如:

① بۇ سوئالنى سىز مۇئەللىمدىن سوراپ بېقىڭ.
② بۇ ماگىزىنغا كىرىپ باقايلىمۇ؟
③ ئىمتىھان قەغىزىڭىزنى كۆرۈپ باقايمۇ؟

(4)助动词-كۆر

助动词 -كۆر 与副动词结合时意思和 باق 一样表示主体尝试着做 پ 副动词所指的动作,但是助动词 باق 用的较多。如:

① مەن بۇ كىيىمنى كىيىپ كۆردۈم.
② بۇنداق تاماقنى يەپ كۆرگەنمۇ؟
③ بۇ يولدا مېڭىپ كۆرگەنمۇ؟

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 将每一个单词抄写一行。

3. 把下列动词变成 پ 副动词的肯定和否定形式。

| | | |
|---|---|---|
| باشلا- | ئۆگەن- | ئوقۇ- |
| چوڭقۇرلا- | پايدىلان- | ئاڭلا- |
| دىققەت قىل- | ياز- | ئىگىلە- |
| چۈشەن- | چۈش- | سورا- |
| تۇر- | يادلا- | تۈز- |
| بىل- | ئادەتلەن- | ئىشلە- |

4. 选用 پ 副动词的肯定或否定附加成分填空。

① باھار كەل______، قارلار ئېرىشكە باشلىدى.

② مەن سىنىپقا كىر______كىتاب، دەپتەرلىرىمنى ئال______ سىرتقا چىقتىم.

③ تۇرسۇن ئاغرىپ قال______ دەرسكە كەلمىدى.

④ ئۇ تىرىشىپ ئۆگەن______ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى.

⑤ بىز ئاپتوبۇسقا چۈش______ پىيادە باردۇق.

⑥ پولۇ يە______، لەڭمەن يەيمەن.

⑦ ئۇلار كۇتۇپخانىغا بار______ كىتاب ئوقۇدى.

⑧ ئۇلار مېنى كۆر______ گەپ قىلمىدى.

⑨ دەرس ۋاقتىدا پاراڭ سال______ دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار.

⑩ تەتىل ئاخىرلاش______ ئوقۇش باشلاندى.

5. 把下列句子变成否定句。

① ئۆتكەن ئايدا بىز ئالدىراش ئىدۇق.

② تۈنۈگۈن مەن ئۆيدە ئىدىم.

③ بۇرۇن بىزنىڭ سىنىپتا بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

④ ئۈچ ھەپتە بۇرۇن ئۇ قەشقەردە ئىدى.

⑤ ئۇ كۈنى ھاۋا ئىسسىق ئىدى.

⑥ بۇ ھېكايىنى ئەخمەت تەرجىمە قىلغانىدى.

6. 把下列句子译成汉文。

www.uyghurkitap.com

① سىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ يېزىڭ.
② ئۇكام تونۇگۇن كېلىپ بوگون كەتتى.
③ قورقماي سۆزلەڭلار.
④ بىز چۈشتىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ، بىرنەچچە كىتاب ئېلىپ قايتىپ كەلدۇق.
⑤ بىز تىرىشىپ ئوقۇيمىز.
⑥ بايا غەيرەت كېلىپ، سىز تونۇگۇن سىزغان رەسىمنى ماڭا بەردى.
⑦ بالىلار مەيداندا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ.

7. 用下列动词的副动词形式造句。

دىققەت قىل-، تۇر-، يە-، باشلا-، سورا-، ئىشلە-، چۈش-، يادلا-

8. 将下列句子译成维文。

①他进屋来,拿上一本书走了。

②你坐着说吧。

③你慢慢读。

④同学们努力学习维吾尔语。

⑤他吃完饭走出来。

⑥我五点钟回来。

9. 用适当的词填空。

① بالىلار دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە ________.
② بىز خەنزۇچە سۆزلىمەي، ئۇيغۇرچە ________.
③ مۇئەللىم دەرسكە كىرگەندە، ساۋاقداشلار ئورنىدىن ________.
④ ئوقۇغۇچىلار يىغىندا نۇرغۇن ناخشى

پىكىرلەرنى ______ .

⑤ خېتىمنى يېزىپ بولۇپ، پوچتىخانىغا ______ .

10. 用助动词填空。

① بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشى، سىز ئوقۇپ ______ .

② تۇردى كېچىكىپ ______ ئەمگەككە قاتنىشالمىدى.

③ مەن بۇ دەرسنىڭ كۆنۈكمىسىنى تېخى ئىشلەپ ______ .

④ ماۋۇ تاماقتىن سىزمۇ يەپ ______ .

⑤ سىز سىنىپقا قاراپ ______ .

⑥ سىز تاپشۇرۇقنى سائەت ئالتىدىن بۇرۇن ئىشلەپ ______ .

11. 回答问题。

① ئاساسىي بىلىملەرنى قانداق ئۆگىنىش لازىم؟

② ھازىر سىز ئوقۇۋاتقان دەرس قانداق؟

③ ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن قانداق قىلىش كېرەك؟

④ مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىگىلىيەلەيمىز؟

⑤ دەرس ۋاقتىدا چۈشەنمىگەن جايلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟

⑥ كۆنۈكمە، تېكىستلەرنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟

⑦ ئۆگىنىش ئۇسۇلى توغرا بولۇشتىن باشقا يەنە قانداق قىلىش كېرەك؟

12. 句型练习。

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاساسىي بىلىملەرنى<br>1 - يىللىقتىن<br>① تېكىستنى باشتىن<br>ئۇيغۇرچە سۆز-<br>لەشكە باشتىن | باشلاپلا | پۇختا ئۆگىنىش<br>يادلاپ مېڭىش<br>ئادەتلىنىش | لازىم. |

| | |
|---|---|
| ② دەرسنى دىققەت قىلىپ<br>ئاڭلىغاندىن باشقا | خاتىرە يېزىپ مېڭىشىمىز لازىم.<br>جۈملە شەكىللىرىنى ئىگىلەپ<br>مېڭىش لازىم.<br>دەرسكە تولۇق كېلىشىمىز لازىم. |

| | |
|---|---|
| خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن<br>باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ<br>③ قېلىشىدىن<br>كېچىكىپ قېلىشتىن<br>ئىمتىھاندىن | قورقماسلىق كېرەك. |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە بىرىنچى دەرس

تاما ـ تاما كۆل بولۇر.
一滴一滴的水能聚成湖泊。

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① بىز ئەتە سىنىپ يىغىنى ئاچماقچى.
② بۇ ئىنتايىن مۇھىم يىغىن.
③ سىلەر ياخشىراق تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار.
④ ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى يامان ئەمەس.
⑤ دالى ئۆگىنىشتە مەندىن ياخشىراق.

## تېكىست

### ئەتە سىنىپ يىغىنى ئاچماقچى

ساۋاقداشلار، بىز ئەتە سىنىپ يىغىنى ئاچماقچى، ھەممىڭلار قاتنىشىڭلار. بۇ ناھايىتى مۇھىم يىغىن. مەن سىنىپىمىزنىڭ بۇ بىر مەۋسۇملۇق ئۆگىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلماقچى، يەنە ئەتىلدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ قويماقچى. سىلەر ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قارىتا تەلەپ،

پىكىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار. يىغىنغا كېچىكىپ قالماڭلار، ۋاقتىدا كېلىڭلار. بۈگۈن كەلمىگەن ساۋاقداشلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار.

## سۆھبەت

ئا: ئەتە مۇئەللىم سىنىپ يىغىنى ئاچماقچىكەن.
ئە: نېمە يىغىن ئاچىدىكەن؟
ئا: خۇلاسە يىغىنى ئاچماقچى ئوخشايدۇ.
ئە: ھەممىمىز قاتنىشىدىكەنمىزمۇ؟
ئا: شۇنداق، ھەممىمىز قاتنىشىدىكەنمىز.

× × ×

ئا: بۇ مەۋسۇمدە ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى يامان ئەمەس، 30 ئوقۇغۇچىدىن 28 ى ئىمتىھاندىن ئۆتتى، ئىككى ئوقۇغۇچى «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» دەرسىدىن ئۆتەلمىدى.
ئە: مۇئەللىم، قايسى ئىككى ئوقۇغۇچى ئۆتەلمىدى؟
ئا: لى خۇڭ بىلەن شاۋ دۇڭ.
ئە: بىز ئۇيغۇر تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز، لېكىن ئۇنۇمى ياخشى بولمايۋاتىدۇ.
ئا: ئۇنداقتا، ۋاڭ لى تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەرسۇن.
ئە: مۇئەللىم، دالى دەرستە مەندىن ياخشىراق، ئۇ سۆزلەپ بەرسۇن.
ئا: ئەمىسە ھەر ئىككىڭلار سۆزلەپ بېرىڭلار.
ئە: ناھايىتى ياخشى بولدى.
ئا: سىلەرنىڭ قانداق پىكىر ـ تەلەپلىرىڭلار بار؟
ئە: فاكۇلتېتنىڭ ئۆگىنىش شارائىتىمىزنى تېخىمۇ

ياخشىلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئا: يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن تەتىل بولىدۇ. تەتىلدە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭلار، مەكتەپكە ۋاقتىدا قايتىپ كېلىڭلار.

ئە: چوقۇم ۋاقتىدا قايتىپ كېلىمىز.

www.uyghurkitap.com

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يىغىن | (ئى) | 会、会议 |
| خۇلاسە قىلـ | (نىمىنى) | 作总结 |
| ئوقۇتۇش | (ئى) | 教学 |
| خىزمەت | (ئى) | 工作 |
| قارىتا | (تىر) | 对，针对 |
| پىكىر | (ئى) | 意见，主意 |
| خەۋەر قىلـ | (كىمگە، نىمىنى) | 通知，报导 |
| نەتىجە | (ئى) | 成绩，结果，成果 |
| ئوقۇش | (ئى) | 学习，学业 |
| ئۈنۈم | (ئى) | 效果，效率，收获 |
| ئۇسۇل | (ئى) | 方法，办法，方式 |
| تەجرىبە | (ئى) | 经验，试验 |
| سۆزلەپ بەر- | (نىمىنى، كىمگە) | 说，讲，告诉 |
| شارائىت | (ئى) | 条件，环境 |
| ئۈمىد قىلـ | (نىمىنى) | 希望，盼望 |
| بىخەتەرلىك | (ئى) | 安全，保险 |
| قايتىپ كەلـ | (نەدىن، نەگە) | 回来，返回 |
| تېخىمۇ | (ر) | 更，更加 |
| ئوتتۇرىغا قويـ | (نىمىنى) | 提出 |
| بۇيان | (ر) | 以来 |

但是　　　　　　　　　　　　　　　　（ب）　　　　　　　　　لېكىن

〔语法要点〕

一、目的动词　　　　　　　　　　مەقسەت پېئىلى

目的动词是动词的非变位形式之一 由 «ماق» 动名词结合附加成分«چى -» 构成，表示打算进行的动作。如：

يازماق + چى = يازماقچى　　كۆرمەك + چى = كۆرمەكچى

ئولتۇرماق + چى = ئولتۇرماقچى　　ئىشلىمەك + چى = ئىشلىمەكچى

تۇرماق + چى = تۇرماقچى　　بەرمەك + چى = بەرمەكچى

ئالماق + چى = ئالماقچى　　كەلمەك + چى = كەلمەكچى

目的动词没有否定形式，它的否定意义是通过与 ئەمەس 连用表示的。例如：

يازماقچى ئەمەس　　كۆرمەكچى ئەمەس

ئىشلىمەكچى ئەمەس　　قارىماقچى ئەمەس

目的动词后附加语气词 مۇ 可构成其疑问形式。例如：

يازماقچىمۇ　　كۆرمەكچىمۇ　　ئوقۇماقچىمۇ

ئىشلىمەكچىمۇ　　كەتمەكچىمۇ　　بەرمەكچىمۇ

二、形容词的级　　　　　　　　　سۈپەت دەرىجىلىرى

维吾尔语的形容词分为性质形容词和关系形容词两种。性质形容词表示事物的形状、性质。如：

ياخشى （好）　　كىچىك （小）　　چوڭ （大）

تار （窄的）　　كەڭ （宽的）　　ئېگىز （高）

关系形容词表示事物与时间、空间动作、抽象概念等的关系，是由名词、形容词、动词、副词等派生出来的。例如：

پلانسىز （无计划的）　　ئەمگەكچان （勤劳的）

بۈگۈنكى （今天的）　　تارتىنچاق （腼腆的）

يىغلاڭغۇ （爱哭的）　　سىياسىي （政治的）

ئەركەك （雄的，公的）　　چىشى （雌的，母的）

维吾尔语的性质形容词表示的特征可以有程度上的差别。这

种差别用级来表示，维吾尔语的大部分性质形容词都有形容词级的变化。

形容词的级有原级、减弱级、增强级、表爱级。

(1)原级　　ئەسلى دەرىجە

形容词的原形即形容词的原级，由形容词的未变化的形式表示。原级是形容词构成其它级的基础形式。如：

چوڭ، يېنىك، ئېغىر، ئېگىز، ياخشى، يېڭى، . . .

(2)减弱级　　كېمەيتمە دەرىجە

表示事物本身性质的减弱，减弱级由原级形容词结合附加成分 - رەك // - راق 构成。如：

چوڭ + راق = چوڭراق　　ياخشى + راق = ياخشىراق

ئېگىز + رەك = ئېگىزرەك　　كەڭ + رەك = كەڭرەك

كىچىك + رەك = كىچىكرەك　　يىراق + راق = يىراقراق

注：形容词按减弱级变化时，«ئە, ئا» 不弱化。如：

ئەلا ( 优秀 ) ئەلاراق　　قىسقا ( 短的 ) قىسقاراق

(3)增强级　　ئاشۇرما دەرىجە

表示性质特征的程度较原级强的级叫增强级。

构成：首先在形容词第一个音节的元音后附加 پ ，然后再连写整个形容词。如：

يېڭى ← يېپيېڭى　　ئاق ( 白的 ) ← ئاپئاق

توغرا ← توپتوغرا

有些形容词的增强级形式与一般形容词的增强级形式略有不同。如：

(绿的→绿油油的)　　يېشىل ← ياپيېشىل

(干净→干干净净的)　　پاكىز ← پاكپاكىز

增强级的构成带有很大的局限性，只有表示事物颜色的形容词和一部分表示事物性质、特征的形容词才具有增强级形式。

(4)表爱级　　ئەركىلەتمە دەرىجە

表示说话者对事物性质特征具有一种喜爱感情的级叫表爱级。

构成：形容词后附加 -غىنە // -قىنە // -گىنە // -كىنە 附加成分构成。如：

سېمىز ← سېمىزغىنە （胖→胖呼呼的）

ئوماق ← ئوماققىنە （可爱的→挺可爱的）

چىرايلىق ← چىرايلىققىنە （漂亮→挺漂亮的）

与形容词增强级的构成一样，表爱级的构成也带有很大的局限性，只有一部分性质形容词才具有表爱级形式。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 把每一个单词抄写一行。

3. 把下列动词变成目的动词。

ئاچ - ، قاتناش - ، خۇلاسە قىل - ، دە - ، تەييارلىق قىل - ، كەل - ، خەۋەر قىل - ، ئۆگەن - ، ئۆت - ، ئەھمىيەت بەر - ، سۆزلە - ، تەكلىپ قىل - ، دىققەت قىل - ، قايت - ، كۆر -

4. 写出下列形容词的减弱级形式。

پاكىز　　يېشىل　　يىراق　　كىچىك

گۈزەل　　ئىسسىق　　ياخشى　　چىرايلىق

چوڭ

5. 选用 «-رەك//-راق» ، «-مەكچى//-ماقچى» 填空并译成汉文。

① ئالىم بۇگۈن چۈشتە سامسا يە______ ئىكەن.

② مۇئەللىم بىزگە سىنىپ يىغىنى ئاچ______ بولۇۋاتىدۇ.

③ بۇ سىنىپ ئۇ سىنىپتىن چوڭ______.

④ ئانارگۈل مەندىن ئېگىز______.

⑤ يەكشەنبە كۈنى بىز بىللە بازارغا چىق______ بولدۇق.

⑥ ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق، چاينى كۆپ ______ ئىچىڭلار.
⑦ سىز قىشلىق تەتىلدە ئۆيىڭىزگە قايت ______
⑧ مەن بۇ كۆينەكنى ئال ______ ئەمەس.
⑨ خەتنى چىرايلىق ______ يېزىڭلار.
⑩ ئالىم ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەر ______.

6. 将下列句子译成维文。

①我们明天打算去公园。

②你们都想学英语吗?

③后天我准备回家。

④今天晚上你打算干什么?

⑤这张地图比那张地图大一点儿。

⑥时间到了,咱们快点走吧。

7. 用下列动词各造一个带目的动词的句子。

① دە -　② قاتناش -　③ ئۆگەن -

① ئوينا -　⑤ ئولتۇرۇش قىل -　⑥ كۆر -

8. 用下列形容词的减弱级各造一个句子。

① چىرايلىق　② كىچىك　③ ياخشى

④ ئۇستا　⑤ ئىسسىق　⑥ ئېگىز

9. 把短文译成汉文。

بۈگۈن يەكشەنبە، مەن سائەت 10 دا ئورنۇمدىن تۇردۇم. يۈزۈمنى يۇيۇپ، نان بىلەن چاي ئىچتىم. چۈشتە پاتىگۈلنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۆيدە پاتىگۈلنىڭ ئاپىسى بار ئىكەن، پاتىگۈل ئىككىمىز تېلېۋىزور كۆردۇق. پاتىگۈلنىڭ ئاپىسى لەغمەن ئەتتى. مەن لەغمەندىن ئىككى قاچا يېدىم. كەچ سائەت يەتتىدە مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم.

(چاي ئىچ 喝茶 ، تېلېۋىزور 电视 ، يۈز 脸)

10. 回答问题。

① مۇئەللىم ئەتە نېمە قىلماقچى؟

② بۇ قانداق يىغىن؟

③ مۇئەللىم يىغىندا نېمە قىلماقچى؟

④ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا نېمە دېدى؟

⑤ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى قانداق؟

⑥ ئىمتىھاندىن كىم ئۆتەلمىدى؟

11. 句型练习。

| | |
|---|---|
| ① مەن ئەتە | سىنىپ يىغىنى ئاچماقچى. |
| | بازارغا بارماقچى. |
| | كىر يۇماقچى. |
| | تانسىغا بارماقچى. |

| | | |
|---|---|---|
| ② بۇ يىغىن | ناھايىتى | مۇھىم يىغىن. |
| بۇ كىتاب | | ياخشى كىتاب. |
| بۇ ئادەم | | ياخشى ئادەم. |
| بۇ دەرس | | قىيىن دەرس. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ③ سىلەر | سىنىپ يىغىنىغا | ياخشىراق | تەييارلىق قىلىپ | قويۇڭلار. |
| | بۇ ئىشنى | | ئويلىنىپ | |
| | تېكىستنى | | ئوقۇپ | |
| | ئەركىنگە | | قاراپ | |

| | |
|---|---|
| ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى | يامان ئەمەس. |
| ④ ئۇنىڭ ئەھۋالى | |
| بىزنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمىز | |

| | | |
|---|---|---|
| دالى ئۆگىنىشتە | مەندىن | ياخشىراق. |
| ⑤ ئۇنىڭ بويى | | ئېگىزرەك. |
| ئۇنىڭ سالامەتلىكى | | ياخشىراق. |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى دەرس

| |
|---|
| سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختار. |
| 只要想办法,筐里能盛水。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① شەرققە قاراپ بىر ئاز ماڭسىڭىز قىزلار ياتىقىغا بارىسىز.

② دەرۋازىنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر بىنا بار.

③ بىزنىڭ مەكتىپىمىز 80 يىللىق تارىخقا ئىگە.

④ بۇ بىنادا 18 سىنىپ بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيدۇ.

## تېكىست

### گۈزەل مەكتىپىم

سىز شەھىرىمىزنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ كوچىنى بويلاپ شەرققە قاراپ بىر ئاز ماڭسىڭىز، يولنىڭ شىمالىدىكى كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك بىر دەرۋازىنى كۆرىسىز. بۇ شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ.

دەرۋازىدىن كىرىشىڭىز بىلەن تۈپتۈز ئاسفالت يولنى ۋە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى رەت - رەت ئورمانلارنى كۆرىسىز. دەرۋازىنىڭ شەرق تەرىپىدە ھەيۋەتلىك بىر بىنا بار. بۇ بىنا تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ بىنادا يەنە ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، مەمۇرىي خادىملار ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانىسى، قىرائەتخانا ۋە چوڭ - كىچىك ئۈچ مەجلىسخانا بار.

يولنىڭ غەرب تەرىپىدە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەش كورپۇس ئوقۇتۇش بىناسى بار. بۇ بىنادا 18 سىنىپ بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيدۇ.

بىنانىڭ كەينىگە ئۆتسىڭىز خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى بار. تەجرىبىخانىنىڭ كەينىدە چوڭ بىر تەنتەربىيە مەيدانى بار. شەرق تەرەپتە بىر كورپۇس ئۆي بولۇپ، بۇنىڭدا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتچىلىق كەسپىي سىنىپى، يەسلى قاتارلىقلار بار.

بىزنىڭ مەكتىپىمىز 80 يىللىق تارىخقا ئىگە.

## سۆھبەت

ئا: شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە قانداق بارىدۇ؟
ئە: چوڭ كوچىنى بويلاپ شەرققە قاراپ بىرئاز ماڭسىڭىز بارىسىز.
ئا: كەسپىي تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قەيەردە؟
ئە: دەرۋازىنىڭ شەرق تەرىپىدە.
ئا: نەگە بارىسىز؟
ئە: خەلق مەيدانىغا.
ئا: ماۋۇ تەرەپتىن مېڭىڭ .
ئە: يېقىن ئەتراپتا ئاشخانا بارمۇ؟

ئا: ئالدىڭىزغا ئىككى يۈز مېتىر ماڭسىڭىز بىر ئاشخانا بار.

ئە: رەھمەت، ئاۋارە قىلدىم.

ئا: شىنجاڭ مېھمانخانىسىغا مۇشۇ يولدىن بارامدۇ؟

ئە: كەچۈرۈڭ، بىلمەيدىكەنمەن، باشقىلاردىن سوراپ بېقىڭ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| مەجلىسخانا | (ئى) | 会议室 |
| ئىشخانا | (ئى) | 办公室 |
| ئورمان | (ئى) | 森林 |
| ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى | (س ب) | 学生会 |
| ھەيۋەتلىك | (س) | 雄伟的,庄严的,浩荡的 |
| مەركەز | (ئى) | 中心,中央 |
| مەمۇرىي خادىم | (س ب) | 行政工作人员 |
| مېھمانخانا | (ئى) | 旅馆,饭店 |
| كۆركەم | (س) | 壮丽的,美的,美丽的,好看的 |
| فىزىكا | (ئى) | 物理 |
| گۈزەل | (س) | 美丽的,优美的 |
| دەرۋازا | (ئى) | 大门 |
| خىمىيە | (ئى) | 化学 |
| كوچا | (ئى) | 街,巷 |
| كورپۇس | (م) | 栋 |
| شىمال | (ئى) | 北 |
| رەھبەرلىك | (ئى) | 领导 |
| رېمونتچىلىق | (ئى) | 修理,修理业 |
| قىرائەتخانا | (ئى) | 阅览室 |

| | | |
|---|---|---|
| 东 | (ئى) | شەرق |
| 城市,城 | (ئى) | شەھەر |
| 城市的 | (س) | شەھەرلىك |
| 家用电器 | (س ب) | ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى |
| 沿着,顺着 | (ىېمىنى) | بويلا- |
| 一点儿,稍微 | (س ب) | بىر ئاز |
| 生物 | (ئى) | بىئولوگىيە |
| 历史 | (ئى) | تارىخ |
| 实验室 | (ئى) | تەجرىبىخانا |
| 平坦的,笔直的 | (س) | تۈپتۈز |
| 柏油路 | (س ب) | ئاسفالت يول |

〔词语用法说明〕

**قاراپ**

1.قاراپ 是 «قارا-» 动词的副动词形式。如:

① دوسكىغا قاراپ ئولتۇرۇڭلار.

② ئۇ ماڭا قاراپ كۈلدى.

2. 作后置词,表示以下意义:

(1)同带有向格的词连用,明确指出行为动作的趋向。

① سىز چوڭ كوچىنى بويلاپ شەرققە قاراپ بىر ئاز ماڭسىڭىز، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىسىز.

② بىز ئۆرۈمچىدىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

(2)同带有向格名词连用,表示进行某种事的依据。

① ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىل.

② پېئىللار تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلىش - قىلماسلىقىغا قاراپ، ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

〔语音常识〕

一、合成词或对偶词中 « ئا » 音的读法

如果 « ئا » 音出现在合成词地名或对偶词的前一个成分的末尾时，要读为« ئى »，书面形式不变。如：

| 读法 | 写法 |
|---|---|
| قارىماي | قاراماي |
| ئارىئۆستەڭ | ئارائۆستەڭ |
| ئاتىئانا | ئاتا ـ ئانا |
| باشقىباشقا | باشقا ـ باشقا |
| قارىرەڭ | قارا رەڭ |

## 二、汉语借词的拼写法

1. 汉语借词中的单韵母《a、o、i、u、ü》和双韵母《in、ing、en、eng、un、ün、ang、uan、ua》等按普通话发音拼写。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| (Bohai) | بوخەي | (zawen) | زاۋېن |
| (bingtuan) | بىڭتۇەن | (Zhejiang) | جېجياڭ |
| (lüzhang) | لۈجاڭ | (lishi) | لىشى |
| (Kunming) | كۇنمىڭ | (shengmu) | شېڭمۇ |
| (Hangzhou) | خاڭجۇ | (Yünnan) | يۈننەن |
| (zhonghua) | جۇڭخۇا | (Guangzhou) | گۇاڭجۇ |

2.《an、ian、uan、üan、ai、ei、uai、ui》等韵母中的《a》音写成« ئە »,《i》写成« ي »。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| (Tianjin) | تيەنجىن | (Yan'an) | يەنئەن |
| (bingtuan) | بىڭتۇەن | (Tian'anmen) | تيەنئەنمېن |
| (Shanghai) | شاڭخەي | (Xüeyüan) | شۆيۈەن |
| (Huaihe) | خۇەيخې | (Beijing) | بېيجىڭ |
| (Changjiang) | چاڭجياڭ | (Guizhou) | گۇيجۇ |

3. 汉语普通话中的《üe、uo、ou》复韵母，在维吾尔语里用«ئۇئۆ, ئۇ»写成。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| (guowuyüan) | گوۋۇيۈەن | (Zhou Enlai) | جۇئېنلەي |
| (Xüeyüan) | شۆيۈەن | (daxüe) | داشۆ |

4. 汉语普通话的《ao、iao》复韵母中的《o》在维吾尔语里

写成« ۋ »。如：

(Jiao Yülu) جياۋ يۈلۈ (Mao Zedong) ماۋ زېدۇڭ

(Shaoshan) شاۋشەن (Liaoning) لياۋنىڭ

5. 汉语普通话的《ong、iong》韵母在维吾尔语里写成 «يۇڭ ， ئۇڭ»。如：

(qiongzhou) چيۇڭجۇ (zongli) زۇڭلى

6. 汉族人名中，姓和名要分开写。如：

(Wang chünyuan) ۋاڭ چۈنيۈەن (zhang ling) جاڭ لىڭ

〔语法要点〕

## 一、动词条件式 پېئىلنىڭ شەرت رايى

条件式表示假设、虚拟等语法意义。动词的条件式由动词词干结合如下附加成分构成。

| 人称 | 数 | | 附加方法：前元音音节 | 后元音、央元音音节 |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| | | | ئۆگەنـ ، كۆرـ ، ئىشلە | ئوقۇـ ، ئالـ ، ئېرىشـ |
| 第一人称 | 单数 | | ـ سەم | ـ سام |
| | 复数 | | ـ سەك | ـ ساق |
| 第二人称 | 单数 | 普称 | ـ سەڭ | ـ ساڭ |
| | | 尊称 | ـ سىڭىز | ـ سىڭىز |
| | 复数 | | ـ سەڭلار | ـ ساڭلار |
| 第三人称 | 单、复数 | | ـ سە | ـ سا |

条件式的否定形式是在动词词干上先加否定附加成分 -ما//مە，然后再加条件式附加成分构成。

ئوقۇ + سام = ئوقۇسام　　ئوقۇ + ساق = ئوقۇساق

ئوقۇ + ساڭ = ئوقۇساڭ　　ئوقۇ + ساڭلار = ئوقۇساڭلار

ئوقۇ + سا = ئوقۇسا　　كىر + سەك = كىرسەك

بىل + سەم = بىلسەم　　كۆر + مە + سەڭلار = كۆرمىسەڭلار

تىرىش + ما + سا = تىرىشمىسا　　ياز + ما + ساق = يازمىساق

ياز + ما + سام = يازمىسام　　بەر + مە + سىڭىز = بەرمىسىڭىز

بەر + سىڭىز = بەرسىڭىز

① كىشىلەر بىلمىسۇن دېسەڭ، بۇ ئىشنى قىلما.

若要人不知，除非己莫为。

② ئالدىنقىلار دەرەخ تىكسە، كېيىنكىلەر سايىداپتۇ.

前人栽树，后人乘凉。

③ تىرىشساق، ئۇيغۇرچىنى ياخشى ئۆگىنەلەيمىز.

如果我们努力，就一定能学好维吾尔语。

④ تىرىشساڭ ئالغا باسىسەن.　你只要努力，就会进步。

条件式动词具有肯定与否定人称和数的变化，没有时的区别。它仅表示将来时意义，条件式动词的过去时或现在时意义是用形动词与 بول - 的条件式形式连用表示的。

① ئەگەر ئالىدىغان بولساڭلار، چاپسان بېرىڭلار.

如果你们要买就赶快去。

② ئۇخلاۋاتقان بولسا، ئەتە كېلەيلى.

如果他在睡觉的话，我们明天来吧。

名词、形容词、数词、代词等充当静词谓语，需要谓语变成条件式时，要在这些词后结合-بول的条件式。如：

① كىم ياخشى بولسا، شۇنىڭدىن ئۆگىنەيلى.

谁好，我们就向谁学习。

② پىكىرىڭلار بار بولسا، بېرىڭلار.　如果你们有意见就提吧。

③ كەچتە كىنو بار بولسا، كۆرەمسىز؟

晚上要是有电影，你看吗？

④ ئەگەر يېڭى كىنو بولسا كۆرىمەن.

如果是新电影，我就看。

条件式还可以表示愿望、请求等意义。如：

① بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز. 请你唱个歌。

② ئىككىمىز بىرگە بارساق. 我俩一起去，好吗？

③ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇسام، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!

我能上大学该多好啊！

**二、附加成分-دىكى/-تىكى及其用法**

用在名词或人称代词之后，表示某种事物的存在范围。如：

① مەندىكى ئۇيغۇرچە گېزىتلەر سىنىپنىڭ.

我这儿的维文报是班里的。

② بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار. 我们班的学生。

③ بۇ يەردىكى مەسىلە. 这里的问题。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 将每一个单词抄写一行。

3. 把下列词变成动词的条件式。

ئويۇن قوي - ، بويلا- ، چاقناپ تۇر- ، ياسا- ، قوللا- ، قارا- ، يۇر- ، كېچىك- ، ئاچ- ، سال-

4. 把下列词变成动词条件式的否定形式。

خەۋەر قىل- ، دە- ، ئوينا- ، ئىشلە- ، ياخشى كۆر- ، سۇرت- ، تىرىش- ، تۇز-

5. 用动词的条件式填空。

① ئۆگەنگەن سۆزلۈكلەرنى يادلا _____ قانداق بولىدۇ؟

② ئۇ بار _____ مەنمۇ بارىمەن.

www.uyghurkitap.com

③ ئۇلار كىنو كۆر ______ بىزمۇ كۆرەيلى.

④ ئالدى دەرۋازىدىن كىر ______ يېقىن.

⑤ شەرق تەرەپكە قارا ______ بىر بىنا كۆرۈنىدۇ.

⑥ بىز بار ______ ئۇلار يوق ئىكەن.

⑦ پىكرىڭلار بولما ______ نېمىشقا ئۇنداق دەيسىلەر؟

⑧ ئۇ يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەر ______.

⑨ پۇلۇڭ يوق بول ______ مەن بېرەي.

⑩ ئوغۇل بول ______ بەك ياخشى بولاتتى.

6. 用适当的附加成分填空。

① بۇ كىتاب قەيسەر ______ بار.

② بىزنىڭ ياتاق ______ ساۋاقداشلار.

③ مەن ئۆگىنىش ______ ئانچە ياخشى ئەمەس.

④ بازار ______ نېمە بار دەيسەن؟

⑤ كۆنۈكمە ______ بەزى سۆزلەرنى ئۆگەنمىگەن.

⑥ بۇ مەن ______ ئەڭ چوڭ خاتالىق.

⑦ سەن ______ بار پۇل مەندىمۇ بار.

⑧ خەت ______ نېمە دەپتۇ؟

7. 用下列词各造一个带动词条件式的句子。

ئاۋارە قىل، دىققەت قىل، تىرىش، قوللا، كەل

8. 将下列句子译成维文。

①假如他不来，我就不去。

②如果你知道就告诉我们。

③这里的问题不简单。

④在校的日子非常有意义。

⑤那边的事情完了吗？

⑥你要玩就好好地玩，不玩就不要玩。

⑦我们班的学生非常好。

⑧你走了，我怎么办？

9. 将下列句子译成汉文。

① بىزنىڭ مەكتەپكە بارسىڭىز، ئالدى بىلەن ناھايىتى

كۆركەم ياسالغان، ھەيۋەتلىك بىر دەرۋازىنى كۆرىسىز.

② ئۈرۈمچىنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى تاغ.

③ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

④ يېقىن ئەتراپتىكى دۇكانلارنىڭ ھەممىسىدە دەپتەر، قەلەملەر بار.

⑤ مەكتىپىمىزدە مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان نۇرغۇن ئوقۇتۇش بىناسى بار.

10. 回答问题。

① يولنىڭ شىمالىدا قايسى مەكتەپ بار؟
② دەرۋازىدىن كىرىشىڭىز بىلەنلا نېمىنى كۆرىسىز؟
③ يولنىڭ شەرق تەرىپىدە نېمە بار؟
④ دەرۋازىنىڭ غەرب تەرىپىدە نېمە بار؟
⑤ بىنانىڭ كەينىدە نېمە بار؟

11. 介绍新疆大学。

12. 背会对话,互相提问。

13. 句型练习。

| | |
|---|---|
| ① شەرققە قاراپ بىرئاز ماڭسىڭىز | بىزنىڭ ئۆيگە بارىسىز. |
| | مەكتەپ كىنوخانىسىغا بارىسىز. |
| | تەجرىبىخانىغا بارىسىز. |
| | دەرۋازىغا چىقىسىز. |
| | مەجلىسخانىغا بارىسىز. |
| | قىرائەتخانىغا بارىسىز. |

| | |
|---|---|
| ② دەرۋازىنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر | دۇكان بار. |
| | ئاشخانا بار. |
| | مېھمانخانا بار. |
| | يەسلى بار. |
| | ئىدارە بار. |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس

| |
|---|
| ئۆيدىكى خىيال بازارغا توغرا كەلمەپتۇ. |
| 家里所想的巴扎上行不通。 |

نۇقتىلىق جۈملە　　　　重点句子

① ئۇ مەيلى يەكشەنبە، مەيلى بايرام كۈنلىرى بولسۇن هاراق ئىچمەيدۇ.
② ئۇ مېنى ئالدى بىلەن ساتىراشخانىغا ئاپىرىدۇ، ئاندىن كىتابخانىغا ئاپىرىدۇ.
③ دادام ماشىنىمۇ، ئۆزىگىمۇ كىتاب سېتىۋالدى.

## تېكىست

### بۇ خىسلەت دادىڭىزدا بارمۇ؟

مېنىڭ دادامنىڭ غەلىتە مىجەزلىرى يوق، ئۇ مەيلى يەكشەنبە، مەيلى بايرام كۈنلىرى بولسۇن بەزى دادىلاردەك بولۇشىغا ئىچىپ، مەست بولۇپ كوچىلاردا يېتىۋالمايدۇ. دادامنىڭ گاھى - گاھىدا بەزى ئىشلارغا چىچىلىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرىمەن، ئەمما مۇنداق چاغلاردا تاماكا

چېكمۇالمايدۇ.
ئۇ ھەر قېتىم مائاش ئالغاندىن كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى مېنى بازارغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئالدى بىلەن ساتىراشخانىغا ئاپىرىدۇ، ئاندىن كىتابخانىغا باشلاپ بېرىپ ماڭىمۇ ھەم ئۆزىگىمۇ كىتاب سېتىۋالىدۇ. بىر چاغلاردا ئاپام دادامنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشىغا قارشى ئىدى. كېيىن ئاپامنىڭ بۇ مىجەزى ئۆزگىرىپ، كىتاب خۇمارى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىمىز تېخىمۇ ئىناق بولۇپ كەتتى. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئىناقلىقى مېنىڭ بەختىم، مەن ئۇلارنىڭ ئۇمىدى.
دوستۇم، بۇ خىل خىسلەت سىزنىڭ دادىڭىزدىمۇ بارمۇ؟ سىز دادىڭىزنىڭ ئاشۇ قامىتىدىن شۇنداق خىسلەتنى ئىزدەپ كۆردىڭىزمۇ؟

## سۆھبەت

ئا: سىز ھاراق ئىچەمسىز؟
ئە: بەزىدە ئىچىپ قويىمەن.
ئا: تاماكا چېكەمسىز؟
ئە: ياق، تاماكا چەكمەيمەن، سىزچۇ؟
ئا: مەن تاماكىدىن ئايرىلالمايمەن.
ئە: چەكمىسىڭىز بولمامدۇ؟
ئا: ئۆگىنىپ قاپتىمەن، تاشلىيالمايۋاتىمەن.
ئە: بۈگۈن كەچتە ۋاقتىڭىز بارمۇ؟
ئا: بار.
ئە: كەچتە مەخمۇتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى.
ئا: بولىدۇ، سائەت نەچچىدە؟
ئە: سائەت بەشتە، دەرۋازا ئالدىدا كۆرۈشەيلى.
ئا: كىرىڭ!
ئە: مەخمۇت بارمۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئا: بار، ئۆيگە كىرىڭلار.

ئە: مەخمۇت ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

ئا: ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ئۆزۈڭلارچۇ؟

ئە: بىزمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز.

ئا: قېنى، چاي ئىچىڭلار، ئېلىڭلار.

ئە: ئېلىۋاتىمىز، كۆپ ئاۋارە بولماڭ.

ئا: بىرەر رومكىدىن ئىچەيلىمۇ؟

ئە: كەچ بولۇپ كەتتى، بىز قايتايلى.

ئا: يەنە بىردەم ئولتۇرمامسىلەر!

ئە: خوش، بىز قايتايلى.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ياتـ | (نەدە) | 躺,卧;睡觉 |
| ئىچـ | (نېمىنى) | 喝,服,吃 |
| ئىزدە | (نېمىنى) | 找,寻找,寻觅 |
| ئىناقلىق | (ئى) | 亲善关系,和睦关系 |
| ئۈمىد | (ئى) | 希望,期望 |
| ئۆزگەر | (نېمە) | 变,变化 |
| مەست بول | (كىم) | 醉,喝醉 |
| مەيلى | (ئىم، ب) | 好,好吧,行,成,可以 |
| غەلىتە | (س) | 奇怪的,奇异的,不正常的 |
| گاھى ـ گاھىدا | (ر) | 有时 |
| مائاش | (ئى) | 工资 |
| خۇمار | (ئى) | 嗜好,癖性,瘾 |
| خىسلەت | (ئى) | 风格,品德,气质 |
| قارشى | (ئى) | 反对,反抗 |
| ساتـ | (نېمىنى) | 卖,出售;出卖 |

| | | |
|---|---|---|
| 身材,体态 | (ئى) | قامەت |
| 幸福 | (ئى) | بەخت |
| 尽情 | (ر) | بولۇشىغا |
| 那时候 | (ر) | بىر چاغ |
| 吸烟,抽烟 | (س ب) | تاماكا چەك- |
| 头发 | (ئى) | چاچ |
| 时候,时辰 | (ئى) | چاغ |
| 生气 | (نېمىگە) | چىچىل- |
| 拿去,带 | (نېمىنى) | ئاپار- |
| 分,分开;离开 | (نېمىنى، نېمىدىن) | ئايرى- |
| 扔;放弃,戒除 | (نېمىنى، نەگە) | تاشلا- |
| 酒杯 | (ئى) | رومكا |
| 种,类 | (س) | خىل |

〔**词语用法说明**〕

**مەيلى**

1. مەيلى(无论、不论、不管)作连词,用在偏句句首，表示概括提出的特殊条件。如:

① ئۇ مەيلى يەكشەنبە، مەيلى بايرام كۈنلىرى بولسۇن هاراق ئىچمەيدۇ.

② مەيلى بۈگۈن، مەيلى ئەتە بولسۇن، بىز چوقۇم بارىمىز.

2. 作语气词,用在句首,表示答应。如:

① بىللە كىنوغا بېرىپ كېلەيلىمۇ؟

— مەيلى، بارساق بارايلى.

② تېكىستنى مەنمۇ يادلاپ بېرەيمۇ؟

— مەيلى.

③ بۇ كىتابنى ماڭا بېرىپ تۇرامسىز؟

— مەيلى، ئېلىڭ.

3. 与动词条件式连用,表示句中所提出的条件由对方选择。

如：

① سىز كىنوغا بارسىڭىزمۇ مەيلى، بارمىسىڭىزمۇ مەيلى.

② ئۇ كەلمىسىمۇ مەيلىما؟

— مەيلى.

〔语音常识〕

ج 的读法

ج 音出现在音节末或词末时一般要读成 ژ 。如：

| 读 法 | 写 法 |
| --- | --- |
| باژ | باج |
| باژلار | باجلار |
| كاژ | كاج |
| كاژلىق | كاجلىق |
| ۋىژدان | ۋىجدان |
| ئۆژمە | ئۆجمە |
| ئەژدات | ئەجداد |

〔语法要点〕

一、体助动词« ئال »及其用法

它与以 پ 副动词结合，表示以下两种意义：

1. 表示动作的结果趋向于施动者。如：

① بىز نۇرغۇن كىتابلارنى سېتىۋالدۇق（سېتىپ ئال）.

我们买了许多书。

② ئۇ بىر تال قەلەم تېپىۋالدى（تېپىپ ئال）.

他拾到了一支笔。

③ مەن تاشلاپ بېرەي، سەن پەستە تۇرۇپ تۇتۇۋال（تۇتۇپ ئال）.

我往下扔，你在下面接住。

④ ئوبدان ئولتۇرۇۋال（ئولتۇرۇپ ئال）، يىقىلىپ كېتىسەن.

你得坐好，不然会摔倒的。



www.uyghurkitap.org

2. 表示本不应该做，而偏偏做了的色彩。如：

① سەن رەسىمنى كۆرسەتمىسەڭمۇ، مەن كۆرۈۋالدىم (كۆرۈپ ئالدىم).

② ئۇ مەنمۇ بارىمەن دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى (تۇرۇپ ئالدى).

③ ئۇ بەزى دادىلاردەك بولۇشقا ئىچىپ، مەست بولۇپ كوچىلاردا يېتىۋالمايدۇ (يېتىپ ئالمايدۇ).

注：پ副动词与体助动词ئال连用时پ变成ۋ并与ئال连写。

**二、附加成分 »دەك // تەك« 及其用法**

1. 附加在名词或代词后表示某种事物、动作、特征在形状、性质、程度等方面与名词、代词所指称的事物相似。如：

① تۈنۈگۈن بازاردىن سىزنىڭ قەلىمىڭىزدەك بىر قەلەم ئالدىم.

昨天我在街上买了一支你那样的笔。

② ئۇلار ئاكا - ئۇكىدەك ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ياردەم قىلىدۇ.

他们象兄弟似地互相关心，互相帮助。

③ بۇ ماقالە ئۇ ماقالىدەك قىيىن ئەمەس.

这篇文章不象那篇文章那么难。

2. دەك-//تەك- 附加在形动词或形容词后面与 »-تۇر« 或 »-قىل« 连用，可构成句子的复合谓语，并表示对行为动作的回忆或猜测。如：

① سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك تۇرىمەن (قىلىمەن).

我似乎在什么地方见过你。

② ئۇلار ئەتە كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ (قىلىدۇ).

他们好象要明天来。

③ سىز ئاغرىپ قالغاندەك قىلىسىز (تۇرىسىز).

你好像是病了。

④ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشىدەك قىلىدۇ (تۇرىدۇ).

看来他身体不错。

⑤ بۇ ئۆي بىزنىڭ ئۆيدىن چوڭدەك تۇرىدۇ (قىلىدۇ).

这间房子似乎比我们的大些。

كىتاب نۇر بىكتى

## 三、«غانلىق» 动名词 «غانلىق» ئىسىمداش

«غانلىق» 动名词，是过去时形动词、现在时形动词、将来时形动词之后分别附加 -لىق//-لىك 构成。

| | | |
|---|---|---|
| ئوقۇغان + لىق | كەلگەن + لىك | （过去时） |
| ئوقۇۋاتقان + لىق | كېلىۋاتقان + لىق | （现在时） |
| ئوقۇيدىغان + لىق | كېلىدىغان + لىق | （将来时） |
| بارمىغان + لىق | ئىشلىمىگەن + لىك | （过去时） |
| بارمايدىغان + لىق | ئىشلىمەيدىغان + لىق | （将来时） |
| بارمايۋاتقان + لىق | ئىشلىمەيۋاتقان + لىق | （现在时） |

1. 这种动名词与从格附加成分结合或 ئۈچۈن 连用表示原因，句中作状语。如：

① ئۇ ئاغرىپ قالغانلىقتىن بۈگۈن دەرسكە كەلمىدى.

② مەن ئاغرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن دەرسكە قاتناشمىدىم.

③ ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقتىن، مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرمىدى.

④ ئۇنىڭ يېشى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز بىر نىمە دېيەلمىدۇق.

2. 人称或格附加成分结合，表示动作的过程，这时«غانلىق»动名词的主体要用领属格形式。如：

① مەن دادامنىڭ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باققان ئەمەس.

我没有看到过父亲掉眼泪。

② ئۇ بالىسىنىڭ ئوقۇشتىن قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى.

他得知孩子逃学了。

③ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئورنىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى

ئاڭلىدىم.

我听说职工们都在各自的岗位上上班。

④ ئۇلارنىڭ نېمە يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىم.

我没看见他们在写什么。

⑤ مېنىڭ كىنو كۆرۈۋاتقانلىقىمنى ساڭا كىم ئېيتتى.

谁告诉你我在看电影。

⑥ ئۇ سېنىڭ بۇ روماننى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلمەيدۇ.

他不知道你要看这本小说。

⑦ سىلەرنىڭ ئۇيغۇرچىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنەلەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمىز.

我们相信你们一定能学好维吾尔语。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词

2. 将每一个单词抄写一行。

3. 先用«غانلىق»或«تەك, دەك»填空并将句子译成汉文。

① ئۇلار خۇددى ئاچا - سىڭىللار ____ ئىناق ئۆتىدۇ.

② بۇ بالا مەكتەپتە ئوقۇغان ____ قىلىدۇ.

③ ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىل ____ بىلدى.

④ بۈگۈن ئۇ يەنە تاماكا چەككەن ____ تۇرىدۇ.

⑤ ئۇلارنىڭ نېمە دە ____ ئاڭلىيالمىدىم.

⑥ ئۇنىڭ شۇنداق ئېيت ____ ئىشىنىمەن.

4. 用下列动词各造一个带体助动词ئال的句子。

① يات - ② ئۇخلا - ③ ئىگىلە - ④ ياسا - ⑤ كۆر- ⑥ كەل - ⑦ تاماكا چەك - ⑧ يادلا -

5. 按下列句型造句。

① مەيلى . . . . بولسۇن . . . .

② . . . . گاھى ـ گاھىدا . . . .

③ . . . . دىن (تىن) كېيىن . . . .

④ . . . . ھەم . . . .

6. 将下列句子译成维文。

①老师好象很高兴。

②我没看见过他生气。

③好象时间快到了。

④她俩长得就象姐妹。

⑤你听谁说我会说维吾尔语。

⑥我知道他今天要来。

⑦我看见他在喝酒。

⑧你的那个朋友好象是维吾尔族。

7. 将下列句子译成汉文。

① مەن ئۇنىڭ غەلىتە مىجەزى بارلىقىنى بىلىمەن.

② ئاكام مائاشىنى ئالغاندىن كېيىن ئاپامغا بېرىدۇ.

③ ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى بۇرۇنقىدەك ياخشى ئەمەس.

④ مەن ئۇنىڭ دوستىدىن كەلگەن خېتىنى ئوقۇۋالدىم.

⑤ ئانام مېنىڭ توپ ئوينىشىمغا قارشى ئىدى.

⑥ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئېگىز ئادەم يوق.

8. 回答问题。

① سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ مىجەزى قانداق؟

② دادىڭىز مائاش ئالغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىدۇ؟

③ ئانىڭىز دادىڭىزنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشىغا قانداق قارايدۇ؟

ⓘ سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزدا مۇشۇنداق خىسلەتلەر بارمۇ؟

9. 背会对话。

10. 句型练习。

| | |
|---|---|
| ① مەيلى بايرام كۈنلىرى بولسۇن ئۇ مەيلى يەكشەنبە، | مەكتەپتىن چىقمايدۇ. |
| | دەرس ئۆگىنىشنى بىلمەيدۇ. |
| | كىنو كۆرمەيدۇ. |
| | باغچىغا بارمايدۇ. |
| | بازارغا بارمايدۇ. |

| | |
|---|---|
| ② ئۇ ئالدى بىلەن مېنىساتىراشخانىغا ئاپىرىدۇ، ئاندىن | كىتابخانىغا ئاپىرىدۇ. |
| | بوۋامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ. |
| | بازارغا ئاپىرىدۇ. |
| | باغچىغا ئاپىرىدۇ. |
| | كىنوغا ئاپىرىدۇ. |
| | مۇنچىغا ئاپىرىدۇ. |

| | |
|---|---|
| ③ دادام | ماشىنىمۇ، ئۆزىگىمۇ كىتاب سېتىۋالدى. |
| | رۇسچىنىمۇ، ئىنگلىزچىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. |
| | شاڭخەينىمۇ، گۇاڭجۇنىمۇ كۆرۈۋالدى. |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە تۆتىنچى دەرس

| |
|---|
| ئۆزۈڭ نىمە يېسەڭ، دوستۇڭغا شۇنى قوي. |
| 你自己吃什么，就给朋友端什么。 |

## نۇقتىلىق جۇملىلەر　重点句子

① مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇراتتىم.
② ئەخمەتجان مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ئالاھىدە ياردىمىگە ئېرىشتى.
③ بالىلار ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.
④ مەن ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپلا، تالاغا چىقتىم.

## تېكىست

### ياردەم

مەن ساۋاقدىشىم ئەخمەتجاننى كۆرگەندە، بەكمۇ خىجىل بولىمەن.
مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىقىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇراتتىم. ئۇ دەرستە ناچار ئىدى. مەن بولسام سىنىپتىكى ئەلاچىلارنىڭ بىرى ئىدىم.

ئەخمەتجان مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ ئالاھىدە ياردىمىگە ئېرىشەتتى. ئۇ تاپشۇرۇقلارنى مەندىن كۆچۈرەتتى. ئىمتىھان ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭغا دەپ بېرەتتىم ياكى كۆچۈرتكۈزەتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىمتىھاندا ئەلا ئۆتەتتى. لېكىن بۇ ئالاھىدە ياردەملەر ئۇنىڭغا پالاكەت ئېلىپ كەلدى.

بىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش ئالدىدا تۇراتتۇق. ھەممە باللار ئىمتىھانغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. لېكىن ئەخمەتجان ماڭا ئىشىنىپ كىتاب كۆرمەي ئويناپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ: «ساۋاقداشلار، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاننى بىر تۇتاش ئالىدۇ، شۇڭا ياخشىراق تەييارلىق قىلىڭلار.» — دېدى.

ئەخمەتجان بۇنى ئاڭلاپ بىرئاز قورقتى ۋە ماڭا:

— ئاداش، بۇ قېتىم ئىمتىھاننى بىردىن ئولتۇرغۇزۇپ ئالسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى.

مەن بىپەرۋالىق بىلەن:

— قورقما، — دېدىم.

ئىمتىھان باشلاندى. بىز بىر پارتىدا بىردىن ئولتۇرۇپ ئىمتىھان بەردۇق. مەن ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپلا تالاغا چىقتىم. مەن ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئىمتىھان مەيدانىدىن روھى چۈشكەن ھالدا چىقتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. لېكىن ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدى.

مانا مەن ھازىر ئۇنىڭدىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيمەن. ئەگەر ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ياردەم بەرگەن بولسام، ئۇمۇ مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان بولاتتى.

## سۆھبەت

ئا: سىز قايسى سىنىپتا؟

ئە: مەن 95 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئا: سىز لى خۇڭ بىلەن بىر سىنىپتىمۇ؟

ئە: شۇنداق.

ئا: سىنىپىڭىز ئۆگىنىش ھەيئىتى كىم؟

ئە: مەن.

ئا: لى خۇڭ ئۆگىنىشتە قانداقراق؟

ئە: ئوتتۇراھال.

ئا: ئىمتىھان قاچان باشلىنىدۇ؟

ئە: كېيىنكى ھەپتە.

ئا: ئوقۇغۇچىلار قاچان پۈتىدۇ؟

ئە: يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن.

ئا: ئۆگىنىشتە لى خۇڭغا كۆپرەك ياردەم قىلىڭ.

ئە: مەن چوقۇم ياردەم قىلىمەن.

ئا: ئىمتىھاندا كۆچۈرمەڭلار جۇمۇ.

ئە: ھەرگىز كۆچۈرمەيمىز.

ئا: ئىمتىھاننى قانداقراق بەردىڭلار؟

ئە: ناھايىتى ياخشى بەردۇق.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يان | (ئى) | 旁边，身边，侧面 |
| يۇقىرى | (س) | 高；上，上面；上级 |
| ئىتتىر- | (نېمىنى) | 推，搡；推卸 |
| ئېسىت | (ئىم) | 可惜 |

| | | |
|---|---|---|
| 信,相信,信赖;信仰 | (كىمگە) | ئىشەن- |
| 得到,获得;受到 | (نېمىگە) | ئېرىش- |
| 拿来;带来 | (پ) | ئېلىپ كەل- |
| 生命 | (ئى) | ئۆمۈر |
| 或,或者 | (ب) | ياكى |
| 据住,坐 | (نەدە) | ئولتۇر- |
| 低劣的,不好的,不良的 | (س) | ناچار |
| (表示状态)样式,样子 | (تىر) | پېتى |
| 真正的,真实的,真的 | (س) | ھەقىقىي |
| (表示状态) | (تىر) | ھالدا |
| 毕业 | (س ب) | مەكتەپ پۈت- تۈر- |
| 抄写 | (نېمىنى) | كۆچۈر- |
| 含泪,噙泪 | (س ب) | كۆزگە ياش ئال- |
| 山洞,岩洞,穴 | (ئى) | غار |
| 羞愧,难为情,不好意思;为难 | (كىمدىن، نېمىدىن) | خىجىل بول- |
| 等,等待;存,保存;保持,维持;保佑 | (نېمىنى، نەدە) | ساقلا- |
| 情绪低落 | (س ب) | روھى چۈش- |
| 前,前面,前边 | (ئى) | ئالد (ئالدى) |
| 优等生 | (ئى) | ئەلاچى |
| 担心,担忧,惦念 | (نېمىدىن) | ئەنسىرە- |
| 优良的,优秀的,优异的 | (س) | ئەلا |
| 马虎,粗心大意 | (ئى) | بىپەرۋالىق |

| | | |
|---|---|---|
| بىر تۇتاش | (س ب) | 统一 |
| پالاكەت | (س) | 灾祸，灾难；笨的，笨拙的 |
| تالا | (ئى) | 外面，室外，野外 |
| ئاداش | (ئى) | 朋友；伙计 |

〔词语用法说明〕

## 一、هالدا

1. هالدا 是后置词，该词往往和形容词或形动词连用，表示行为动作的状态，可充当句子的状语。如：

① ئۇ ئىمتىھان مەيداندىن روھى چۈشكەن هالدا چىقتى.

② مۇئەللىم خۇشال هالدا كىرىپ كەلدى.

2. 有时也用于作者语言和人物语言之间。如：

ئانا بالىغا كۆيۈنگەن هالدا:

— بالام، گەپ ئاڭلا - هە! — دېدى.

## 二、پېتى

پېتى 与形动词连用，充当句子的状语，表示后一个动作按前一个动作的状态下进行。例如：

① ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

② ئۇ ئۆيگە كىرگەن پېتى تېلېۋىزورنى ئاچتى.

〔语法要点〕

## 一、动词直接陈述式反复过去时

## ۋاستىسىز بايان رايىدىكى تەكرار ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى

反复过去时主要表示说话时刻前反复发生或持续存在的动作。

反复过去时是在动词词干上先加 ـات//ـەت//ـيت，然后再附加过去时直接陈述式人称附加成分而构成。

**动词直接陈述式反复过去时的附加成分及其附加方法**

| 人称 \ 数 \ 附加成分 \ 附加方法 | | | 元音结尾的词 | 辅音结尾的词 | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 前元音音节 | 后元音或央元音音节 |
| | | | (-يت) | (-ەت) | (-ات) |
| 第一人称 | 单数 | | يتتىم | ەتتىم | اتتىم |
| | 复数 | | يتتۇق | ەتتۇق | اتتۇق |
| 第二人称 | 单数 | 普称 | يتتىڭ | ەتتىڭ | اتتىڭ |
| | | 尊称 | يتتىڭىز | ەتتىڭىز | اتتىڭىز |
| | 复数 | | يتتىڭلار | ەتتىڭلار | اتتىڭلار |
| 第三人称 | 单、复数 | | يتتى | ەتتى | اتتى |

反复过去时的否定形式是在否定动词词干后先加 -يت 然后再加过去时直接陈述式人称而构成。

ئوقۇ + يت +

تىم = ئوقۇيتتىم (ئوقۇمايتتىم)
تۇق = ئوقۇيتتۇق (ئوقۇمايتتۇق)
تىڭ = ئوقۇيتتىڭ (ئوقۇمايتتىڭ)
تىڭىز = ئوقۇيتتىڭىز (ئوقۇمايتتىڭىز)
تىڭلار = ئوقۇيتتىڭلار (ئوقۇمايتتىڭلار)
تى = ئوقۇيتتى (ئوقۇمايتتى)

كەل + ەت + تىم = كېلەتتىم (كەلمەيتتىم)

تۇق = كېلەتتۇق (كەلمەيتتۇق)

تىڭ = كېلەتتىڭ (كەلمەيتتىڭ)

تىڭىز = كېلەتتىڭىز (كەلمەيتتىڭىز)

تىڭلار = كېلەتتىڭلار (كەلمەيتتىڭلار)

تى = كېلەتتى (كەلمەيتتى)

ياز + ات + تىم = يازاتتىم (يازمايتتىم)

تۇق = يازاتتۇق (يازمايتتۇق)

تىڭ = يازاتتىڭ (يازمايتتىڭ)

تىڭىز = يازاتتىڭىز (يازمايتتىڭىز)

تىڭلار = يازاتتىڭلار (يازمايتتىڭلار)

تى = يازاتتى (يازمايتتى)

بىل + ەت + تىم = بىلەتتىم

قىل + ات + تىم = قىلاتتىم

كىر + ەت + تىم = كىرەتتىم

كىچىك + ەت + تىم = كىچىكەتتىم

疑问式：有两种

(1)在上述肯定式和否定式后加语气词«مۇ»构成。如：

ئوقۇيتتىم + مۇ = ئوقۇيتتىممۇ (ئوقۇمايتتىممۇ)

كېلەتتىم + مۇ = كېلەتتىممۇ (كەلمەيتتىممۇ)

يازاتتىم + مۇ = يازاتتىممۇ (يازمايتتىممۇ)

تىرىشاتتىم + مۇ = تىرىشاتتىممۇ (تىرىشمايتتىممۇ)

ئوقۇيتتۇق + مۇ = ئوقۇيتتۇقمۇ (ئوقۇمايتتۇقمۇ)

كېلەتتىڭ + مۇ = كېلەتتىڭمۇ (كەلمەيتتىڭمۇ)

يازاتتىڭىز + مۇ = يازاتتىڭىزمۇ (يازمايتتىڭىزمۇ)

يازاتتىڭلار + مۇ = يازاتتىڭلارمۇ (يازمايتتىڭلارمۇ)

تىرشاتتى + مۇ = تىرشاتتىمۇ (تىرشمايتتىمۇ)

(2)在动词词干上(包括否定形式)先加疑问附加 «-ام//ەم//-م» 再加以«ت»(-تى. . .-تىم) 起头的过去时直陈式人称附加成分构成。如:

ئوقۇ + م + تىم = ئوقۇمتىم (ئوقۇمامتىم)

كەل + ەم + تىم = كېلەمتىم (كەلمەمتىم)

ئوقۇ + م + تىڭ = ئوقۇمتىڭ (ئوقۇمامتىڭ)

كەل + ەم + تى = كېلەمتى (كەلمەمتى)

ياز + ام + تىڭىز = يازامتىڭىز (يازمامتىڭىز)

تىرىش + ام + تىڭلار = تىرىشامتىڭلار (تىرىشمامتىڭلار)

① ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى چۈشىنەتتى. 他们互相很了解。

② ئۇ دائىم كىنو كۆرەتتى. 他经常看电影。

③ كەپتەرلەر ئاسماندا پەرۋاز قىلاتتى. 鸽子在天空飞翔。

④ ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە كېلەتتى.

每个星期他都到我们家来。

这种过去时如果与条件式连用,它所表达的仅仅是对过去可能发生的行为的一种估计、虚构或愿望。

① ئۇ بۇ يەردە بولسا، قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئامال تاپقان بولاتتى.

他要是在这儿,好歹也能拿出个主意。

② ئۇ ۋاقىتتا ئۇ كەلمىگەن بولسا، مەن بازارغا باراتتىم.

那时候如果他不来,我就去市场了。

## 二、动词的语态(一) پېئىل دەرىجىلىرى

语态表示动作与主体之间的关系。

根据语法意义,动词的语态可以分为主动态、被动态、自复态、使动态和交互—共同态五种。

### 1・主动态 ئەسلى دەرىجە

动词除人称附加成分以外的词干就是主动态形式,主动态表示动作行为由主体发出并由主体完成。例如:

卡斯木穿了袷袢。 ① قاسىم چاپىنىنى كىيدى.

是阿里木派我来的。 ② مېنى ئالىم ئەۋەتتى.

我问你一个问题 ③ مەن سەندىن بىر سوئال سوراي.

以上例句中的 كىيـ ، ئەۋەتـ ، سورا ـ 等动词都是动词的主动态形式。

2·使动态(一) مەجبۇر دەرىجە

使动态表示行为动作不是由主体自己完成,而是主体促使另外的客体(人或物)来执行或完成动作。使动态,在动词词干后附加以下附加成分构成。

① ـت ② ـغۇز // ـقۇز // ـگۈز // ـكۈز ③ ـۈر // ـۇر ④ ـدۇر // ـتۇر // ـدۈر // ـتۈر .

(1)在以元音和ر، ي结尾的多音节动词后结合附加成分ت构成。如:

(读→使读,数) ئوقۇ + ت = ئوقۇتـ

(说→让说) سۆزلە + ت = سۆزلەتـ

(增多→使增多) كۆپەي + ت = كۆپەيتـ

(号召、召唤→使号召,使召唤) چاقىر + ت = چاقىرتـ

(2)在以元音和ر结尾的单音节动词以及辅音ت结尾的动词后,一般结合附加成分 ـكۈز // ـگۈز // ـقۇز // ـغۇز 构成。如:

(吃→让吃) يە + گۈز = يېگۈز

(去→让去) بار + غۇز = بارغۇز

(躺→让躺) يات + قۇز = ياتقۇز

(走→让走) ماڭ + غۇز = ماڭغۇز

有少数常用动词的使动态形式是不规则的,要熟记。如:

قايتـ ← قايتۇرـ

كۆرـ ← كۆرسەتـ

ئولتۇرـ ← ئولتۇرغۇزـ

我让别人修了房子。 ① ئۆينى ياساتتىم.

我让孩子们烧了茶水。 ② چاينى بالىلارغا قايناتقۇزدۇم.

语态附加成分的叠用

因交际的需要，维吾尔语中一个主动态动词词干后，可以接加两个甚至三个语态附加成分。如：

主动态—使动态—使动态

مەن ئۇنىڭغا كىتاب جاھازىسى ياساتقۇزدۇم.

(ياسا + ت + قۇز + دۇم)

مەن ئۇنىڭغا مۇئەللىم دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ كۆچۈرتكۈزەتتىم.

(كۆچۈر + ت + كۈز + ەتتىم)

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 将每一个单词抄写一行。

3. 把下列动词变成动词直接陈述式反复过去时的肯定式、否定式和疑问式。

① يۇگۈر- ⑥ خىجىل بول-
② ساقلا- ⑦ ئەنسىرە-
③ ئېيت- ⑧ ياردەم بەر-
④ ئىشەن- ⑨ كەل-
⑤ ئولتۇر- ⑩ يە-

4. 用下列动词各造一个带使动态动词的句子。

ئىشەن- بار-
دە- قورق-
ياز- ساقلا-
ئولتۇر- كۆپەي-

5. 把下列句子分别变成否定句和疑问句。

① مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇراتتىم.

② ئۇ تاپشۇرۇقلارنى مەندىن كۆچۈرەتتى.

③ ئۇ ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى.

④ بىز داۋاملىق ئۈنلۈك ئوقۇيتتۇق.

⑤ ئۇ ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتەتتى.

6. 将下列句子译成维文。

①老师让我们坐在一起。

②我经常让他唱歌。

③上中学时我常打球。

④我们以前不懂维吾尔语。

⑤那时，你还小，你懂什么？

⑥妈妈，我小时候喜欢听歌吗？

⑦我不让他说。

⑧父母不让我和他玩。

⑨真的，他以前每次考试都是优。

⑩姐姐不让我去。

7. 将下列句子译成汉文。

① سىز بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويدىڭىزمۇ؟

② ئۇ چاغدا مەن ئىمتىھاندىن بەك قورقاتتىم.

③ بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلالمىدىم.

④ بىر يىللىق ئۆمۈرۈم بىكارغا كەتتى. ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتىمەن.

⑤ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم ئۇنىڭغا پالاكەت ئېلىپ كەلدى.

⑥ ئېسىت، ئاشۇ ۋاقىتتىكى كۈنلىرىم.

⑦ ئۇ ئىشلارنى مەنمۇ بىلەتتىم.

8. 回答问题。

① سىز ئەخمەتجاننى كۆرگەندە قانداق بولىسىز؟

② سىز ئەخمەتجانغا قانداق ياردەم بەردىڭىز؟

③ ئەخمەتجان قانداق بىر ئوقۇغۇچى ئىدى؟

④ ئىمتىھاندا قانداق قىلدىڭلار؟

⑤ ئىمتىھاندىن كېيىن قانداق بولدى؟

⑥ سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟

9. 背会对话,互相提问。

10. 句型练习。

| | |
|---|---|
| ① مەن ئۇنىڭ بىلەن | بىر ياتاقتا ياتىمەن. |
| | بىر مەكتەپتە ئوقۇيمەن. |
| | بىر زاۋۇتتا ئىشلەيمەن. |
| | بىر يەردە ئولتۇرىمەن. |
| | بىر يەردە تۇرىمەن. |

| | |
|---|---|
| ② ئەخمەتجان مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن | گېپىمنى ئاڭلىيالىدى. |
| | خېتىمنى كۆرەلىدى. |
| | مەندىن كۆچۈرەلىدى. |
| | مېنىڭدىن سورىدى. |
| | مەندىن ئىمزا تارتتى. |

| | |
|---|---|
| ③ بالىلار | ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. |
| | تاماق يېۋاتاتتى. |
| | باغچىغا كېتىۋاتاتتى. |

| | |
|---|---|
| ④ مەن ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپلا | ياتاققا قايتتىم. |
| | بازارغا باردىم. |
| | ئۆيگە خەت يازدىم. |
| | تالاغا چىقتىم. |
| | ئۇنى ساقلىدىم. |
| | بىرئاز قورقتۇم. |

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە بەشىنچى دەرس

| |
|---|
| ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق. |
| 有草的地方无水，有水的地方无草。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① گۈزەلنۇر سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى.

② گۈزەلنۇر كۆڭلەكنى دوستلىرىغا كۆرسىتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز پۇتىغا سۇ چاچىراپ كەتتى.

③ گۈزەلنۇر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، سائەتنى تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى.

## تېكىست

### گۈزەللىك

گۈزەلنۇر سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى. بۈگۈن گۈزەلنۇر ئاپىسىغا ئالدۇرغان يېڭى سائەتنى تاقاپ، هاۋا رەڭ كۆڭلەكنى كىيىپ مەكتەپكە كەلدى. دەرس تۈگىگەندىن كېيىن گۈلنۇر بىلەن بىرقانچە قىز سىنىپتا قېلىپ،

گۈزەلنۇرنىڭ كۆڭلىكى، سائىتى ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى. گۈزەلنۇر كۆڭلىكنى دوستلىرىغا كۆرسىتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز پۇتىغا سوغۇق بىر نەرسە تەگكەندەك بولدى. ئۇ دەررۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ يەر سۈپۈرۈۋاتقان تۇرسۇنگۈلنى كۆردى.

— ئاستاراق سۈپۈرسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى گۈزەلنۇر ئاچچىق بىلەن. تۇرسۇنگۈل يۈزى قىزارغان ھالدا:

— خاپا بولما، تېگىپ كېتىپ قالدى . . . .

گۈزەلنۇر چىرايىنى تۈرۈپ: كۆزۈڭ كۆرمەمدۇ! قاراپ تۇرۇپ پۇتۇمغا لاي چاچرىتىۋەتتىڭ، سۈپۈرۈشنى بىلمىسەڭ سۈپۈرگىنى قويۇپ ئىشىڭنى قىل! — دېدى.

— خاپا بولما، قەستەن قىلغىنىم يوق . . .

— خاپا بولما دېسەڭ ئىش تۈگەمدىكەن!

گۈزەلنۇر ئۆيگە قايتىپ كەلدى. قولىدا ئانىسى تېخى چۈشتىلا ئېلىپ بەرگەن سائىتى يوق تۇراتتى. ئۇ سائىتىنى نەگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمىدى. ئۇ ئانىسىغا نېمە دېيىشىنى زادىلا بىلمەيتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىكنى بىرى چەكتى. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك ئالدىدا ئۇ ئۆچ كۆرىدىغان ساۋاقدىشى تۇرسۇنگۈل تۇراتتى. گۈزەلنۇر ئۇنى كۆرۈپ، ئالىيىپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمىگە كەلدىڭ؟

— مەن . . .

— ئىشىڭ بارمىدى؟

— ھەئە . . .

ئۇ يانچۇقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئالدى ۋە گۈزەلنۇرغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ سىنىڭمۇ؟

گۈزەلنۇر ئۆز سائىتىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ھەئە مېنىڭ ! . . . دېدى ئۇ ھاياجان ئىچىدە.
— سىنىپنى سۈپۈرۈۋېتىپ تېپىۋالدىم، چۈشتە قولۇڭدا كۆرگەنتىم . . . گۈزەلنۇر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ساڭگىلاپ تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى.
شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تۇرسۇنگۈلگە قىلغان ئىلگىرىكى ۋە بايىقى قوپاللىقى ئېسىگە كېلىپ يۈزى چىمىلداپ كەتتى.
گۈزەلنۇر چىن قەلبىدىن ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:
— ئۇ مەندىن گۈزەل ئىكەن.

## سۆھبەت

ئا: قاراپ سۈپۈرسەڭ بولمامدۇ؟
ئە: نېمە بولدى؟
ئا: پۇتۇمغا لاي چاچرىتىۋەتتىڭ.
ئە: خاپا بولماڭ.
ئا: كۆزۈڭ كۆرمەمدۇ؟
ئە: خاپا بولماڭ، قەستەن قىلغىنىم يوق.
ئا: خاپا بولما دېسىلا ئىش تۈگەمدىكەن؟
ئە: بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي.

× × ×

ئا: تۈنۈگۈن سىزگە ئارتۇقچە ئاچچىقلاپتىمەن.
ئە: ھېچقىسى يوق. مەندىنمۇ سەۋەنلىك ئۆتتى.
ئا: مەندىن خاپا بولمىغانسىز؟
ئە: ياق، مەن خاپا بولمىدىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

# سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| سۈپۈر- | (نېمىنى) | 扫,清扫,打扫 |
| خىيالىغا كەل- تۇر- | (نېمىنى) | 回忆,想 |
| زادى | (ر) | 究竟,到底 |
| قىزار- | (نېمە) | 发红,变红,呈红色 |
| قاراپ تۇر- | (نېمىگە، كىمگە، نەگە) | 看着,眼看着;等着;观望 |
| ئالاي- | (كىمگە، نېمىگە) | 瞪,斜视 |
| بۇرۇل- | (نەگە) | 转,转弯,转折,转身 |
| پاراڭغا چۈش- | (كىم) | 谈话,聊天 |
| پىچىرلا- | (كىمگە، نېمىگە) | 叽咕,悄悄说,低声说 |
| تاقا- | (نېمىنى) | 闩,上;顶;戴,佩戴 |
| تەگ- | (كىمگە، نېمىگە) | 接触,触动;挨上,碰上;嫁;受,患,得 |
| تۈگە- | (نېمە) | 告终,完毕,了结,结束 |
| چاچ- | (نېمىنى) | 撒;洒 |
| چۈشۈرۈپ قوي- | (نېمىنى) | 丢失 |
| چەك- | (نېمىنى) | 抽,吸;敲 |
| يۈزى چىمىلدا- | (س ب) | 脸红,害臊;眨(眼) |
| خاپا بول- | (كىمگە، نېمىدىن، كىمدىن) | 生气,见怪 |
| كۆرسەت- | (نېمىنى، كىمنى) | 让…看;指,指出;展示 |
| ئۆچ كۆر- | (نېمىنى، كىمنى) | 仇恨,憎恨,怨恨 |
| چىراي | (ئى) | 脸色,面,相貌,模样儿 |
| پۇت | (ئى) | 脚,腿 |
| قال- | (نەدە) | 留下;剩下 |

| | | |
|---|---|---|
| 想起来;恢复知觉 | (نېمە) | ئېسىگە كەل- |
| 无意的,不由自主的;情不自禁的 | (ر) | ئىختىيارسىز |
| 以前的 | (س) | ئىلگىرىكى |
| 天蓝色 | (س ب) | هاۋا رەڭ |
| 激动地 | (س ب) | هاياجان ئىچىدە |
| 关于;论 | (تىر) | ھەققىدە |
| 举,提,抬 | (نېمىنى) | كۆتۈر- |
| 补衣,衬衫;连衣裙 | (ئى) | كۆڭلەك |
| 泥 | (ئى) | لاي |
| 美,美丽 | (ئى) | گۈزەللىك |
| 立即,立刻,马上 | (ر) | دەررۇ |
| 冷的,凉的,寒冷的;冷淡的,冷漠的;寒冷,凉 | (س) | سوغۇق |
| 当时 | (س ب) | شۇ ئەسنادا |
| 依袋,口袋 | (ئى) | يانچۇق |
| 故意,存心,有意 | (ر) | قەستەن |
| 粗鲁行为,粗野举动 | (ئى) | قوپاللىق |
| 奇怪的,古怪的;真 | (ر) | ئەجەب |
| 刚才的 | (س) | بايىقى |
| 后悔 | (نېمىگە) | پۇشايمان قىل- |
| 突然,忽然 | (ر) | تۇيۇقسىز |
| 还,尚 | (ر) | تېخى |
| 找,拾到;获得 | (نېمىنى) | تاپ- |
| 真心 | (س ب) | چىن قەلب |
| 苦辣;愤怒,生气;劲大的 | (س) | ئاچچىق |
| 慢,缓慢;悄悄 | (س) | ئاستا |
| 不知怎么的,不知为什么 | (ئا) | قانداقتۇر |

〔词语用法说明〕

**تېخى، —**

副词。(1)常用在否定句里,表示早该完成的行为动作到说话时还未进行或完成。如:

① ئۇلار تېخى كەلمىدى.
② بىز تاپشۇرۇقنى تېخى ئىشلىمىدۇق.
③ تاماقنى تېخى يەپ بولالمىدىم.

(2)表示行为动作刚开始不久。如:

① ئۇ تېخى تۇنۇگۇنلا كەلگەن ئىدىغۇ؟
② تېخى هازىر كەلدىم.
③ ئۇ ئاپىسى تېخى هېلى ئېلىپ بەرگەن سائەتنى يىتتۇرۇپ قويدى.

二、زادى

1. 副词。常用在否定句里的否定词前面,表示坚决否定。如:

بۇنىڭدىن كېيىن كىنوغا زادى بارمايمەن.
ئۇ نېمە دېيىشىنى زادىلا بىلەلمەيتتى.

2. 语气词。(1)在疑问句中,表示加强追问的色彩。如:

سەن زادى قايسى چەت ئەل تىلىنى بىلىسەن؟
ئۇلار زادى كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ؟
سەن زادى نېمە دېمەكچى؟

(2)在陈述句中修饰谓语,表示强调并加强肯定语气。如:

مەن ئاقسۇغا زادى بارىمەن.
ئۇلار بۇ يەرگە زادى كەلمەي قويمايدۇ.

三、شۇنداق

شۇنداق是代词

1. 在对话中表示对方所提出的某种情况的肯定。如:

① ئاقسۇغا سىزمۇ بارامسىز؟
— شۇنداق، مەنمۇ بارىمەن.
② شۇنداق، سىزنىڭ پىكرىڭىز توغرا.

2. 表示强调程度、性质、状态、方式、数量等。如:

① گۈزەلنۇر ئۆز سائىتىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتى.

② شۇنداق تىرىشسامۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم.
③ مۇنچىدا ئادەم شۇنداق كۆپ ئىكەن.
④ بىزنىڭ دەرسخانىمىز شۇنداق يورۇق.
⑤ ئۇ شۇنداق چىرايلىق قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

3. 条件复句的偏句中用« قانداق »时，在正句中就用« شۇنداق »来对应。如：

① سىز قانداق قىلىشنى ئويلىسىڭىز، شۇنداق قىلىڭ.
② سەن قانداق قىل دېسەڭ، مەن شۇنداق قىلىمەن.
③ باشقىلار قانداق ئۆگەنگەن بولسا، سەنمۇ شۇنداق ئۆگەن.

〔语法要点〕

**动词的语态(二)** **پېئىل دەرىجىلىرى**

1. 使动态(二) مەجبۇر دەرىجە

(-ۇر // -ۈر // -تۇر // -تۈر // -دۇر // -دۈر)

(1)在« ي، ڭ، غ، گ، ز، ن، م، ل »结尾的动词之后附加 -دۇر / -دۈر。如：

| | |
|---|---|
| ① ئۇ دەرھال تاماق كەلتۈردى. | 他马上把饭弄来了。 |
| ② خەتنى ئاكىڭىزغا يازدۇرامسىز؟ | 你把信让你哥哥写吗？ |
| ③ كۆينەكنى تىكتۈردۈم. | 我让别人给缝制了衬衣。 |
| ④ بىز ئۇنى كۈلدۈردۇق. | 我们把他逗笑了。 |

有些动词不按此规则变化，要一一熟记。如：

كەل + تۈر　　ئۆل + تۈر

(2)在以« پ، ك، ش، ق، س »结尾的动词之后附加 -تۇر/ -تۈر.

| | |
|---|---|
| باس + تۇر = باستۇر | (压——→镇压) |
| تەپ + تۈر = تەپتۈر | (踢——→让踢) |
| ئۇق + تۇر = ئۇقتۇر | (明白——→使明白) |

有些动词不按此规则变化，要一一熟记。

چىق + ار　　قورق + ۇت

پىش + ۇر　　ئاش + ۇر

(3)在以 چ 结尾的动词之后附加-ۇر / -ۈر

(逃走——→使逃走) قاچ + ۇر = قاچۇر

(搬——→使搬) كۆچ + ۈر = كۆچۈر

(飞——→使飞) ئۇچ + ۇر = ئۇچۇر

(下——→使下来) چۈش + ۈر

不及物动词接受使动态附加成分之后便具有及物动词的性质。如：

他马上把饭弄来了。 ① ئۇ دەرھال تاماق كەلتۈردى.

信让你哥哥带吗？ ② خەتنى ئاكىڭىزدىن ماڭدۇرامسىز؟

我让别人给缝制了衬衣。 ③ كۆينەكنى تىكتۈردۈم.

我们把他逗笑了。 ④ بىز ئۇنى كۈلدۈردۇق.

⑤ ئاخشام ئانام مېنى كىنوغا بارغۇزمىدى.

昨晚妈妈没让我去看电影。

2.交互—共同态 ئۆملۈك دەرىجە

交互—共同态表示两个或两个以上的主体相互或共同完成的动作。在元音结尾的动词词干后加 ش ，辅音结尾的动词词干后加-ىش // ۇش // ۈش-构成。如：

(说——→交谈，会谈) سۆزلە + ش = سۆزلەش

(写——→共同写) ياز + ىش = يېزىش

(打——→互相打，打架) ئۇر + ۇش = ئۇرۇش

(看——→互相看，会见) كۆر + ۈش = كۆرۈش

(笑——→同时笑) كۈل + ۈش = كۈلۈش

孩子们都穿上了衬衣。 ① باللار كۆينەكلىرىنى كىيىشتى.

你要和同志们见面吗？ ② سەن يولداشلار بىلەن كۆرۈشەمسەن؟

我替你抱抱孩子吧。 ③ بالىڭىزنى مەن كۆتۈرۈشۈپ بېرەي.

工人们上班去了。 ④ ئىشچىلار ئىشقا مېڭىشتى.

阿迪里他们交谈了很久。 ⑤ ئادىللار ئۇزۇن سۆزلەشتى.

我们帮他们洗衣服了。 ⑥ بىز ئۇلارغا كىر يۇيۇشۇپ بەردۇق.

www.uyghurkitap.com

# كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 将每一个单词抄写一行。
3. 把下列词变成动词使动态。

① ئېسىگە كەل-، ② چاچ-، ③ تاپ-، ④ ياز-، ⑤ ئاچ-،
⑥ چەك-، ⑦ قىل-، ⑧ تىك-، ⑨ ئال-، ⑩ ماڭ-، ⑪ سال-

4. 把下列词变成动词交互—共同态。

① قىزار-، ② سۆزلە-، ③ تاقا-، ④ پاراڭغا چۈش-،
⑤ تاپ-، ⑥ كۆر-، ⑦ ماڭ-، ⑧ يۇ-، ⑨ كىي-

5. 用动词语态填空。

① مەن ئۇلارغا بىر پارچە خەت ياز ______
② ئۇلار خېلى ئۇزۇن كۈل ______
③ مۇئەللىم بىزگە تېكىستنى يادلا ______
④ ئۇلار قىزىق پاراڭغا چۈش ______
⑤ ئۇ بىزگە يەنە بىر قېتىم چۈشەن ______
⑥ بۇ خەۋەرنى سىلەرگە كىم ئۇق ______
⑦ دادىسى ئۇنى كىنوغا بار ______
⑧ ئۇلار بۈگۈن مۇئەللىم بىلەن كۆر ______

6. 用以下词造句。

① ئېسىگە كەل-، ② ئال-، ③ تەرجىمە قىل-، ④ تاپ-،
⑤ كۆتۈر، ⑥ كۆرسەت-، ⑦ چەك-، ⑧ خاپا بول-

7. 把下列句子译成维文。

①古扎丽努尔见到她非常生气。
②我让弟弟写了一封信。
③对不起，我不是故意的。
④她俩互相不说话。
⑤下课后，同学们都回了家。
⑥突然有个东西碰到我手上了。
⑦她不知对母亲说什么好。

⑧我不知道他会这样说。

⑨我不会让他抄作业。

8. 回答问题。

1. گۈزەلنۇر قانداق قىز؟
2. گۈزەلنۇر كۆڭلىكىنى قىزلارغا كۆرسىتىۋاتقاندا نېمە ئىش بولدى؟
3. گۈزەلنۇر تۇرسۇنگۈلگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟
4. گۈزەلنۇر كېيىن قانداق ئويلىدى؟

9. 背会对话，互相提问。

10. 句型练习。

| | | |
|---|---|---|
| ① گۈزەلنۇر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي | كىتابنى تۇتقان پېتى | تۇرۇپ قالدى. |
| | ئىشىكنى ئاچقان پېتى | |
| | ئانىسىغا قارىغان پېتى | |
| | ئىمتىھان قەغىزىنى تۇتقان پېتى | |

| | |
|---|---|
| ② گۈزەلنۇر سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە | ئەڭ ئەقىللىقى. |
| | ئەڭ ئېگىزى. |
| | ئەڭ چىرايلىقى. |
| | ئەڭ ياخشىسى. |

| | |
|---|---|
| ③ گۈزەلنۇر كۆڭلىكىنى دوستلىرىغا كۆرسىتىۋاتقاندا | تۇيۇقسىز بىرى كىرىپ قالدى. |
| | پۇتىغا سۇ چاچراپ كەتتى. |
| | مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. |
| | قەلىمى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئالتىنچى دەرس

| |
|---|
| جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس. |
| 舍不得性命，得不到美人。 |

نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن ئۆگەندى.
② ئاكام ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئارمىيىگە قاتناشتى.
③ بوۋامنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس.
④ موماม بولتۇر يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

## تېكىست

### مېنىڭ ئائىلەم

بىزنىڭ ئۆيىمىزدە بوۋام، دادام، ئانام، ئاكام، يەڭگەم ۋە

مەن بولۇپ، ئالتە جان بار. بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن بىز كۇچا ناھىيىسىدە تۇراتتۇق. ئۇ چاغدا دادام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيتتى. مەن تېخى كىچىك بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. كېيىن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بىز ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدۇق.

ھازىر دادام 50 ياشقا كىردى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسى ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن، ئائىلىسىدە يەر، ئات ـ ئۇلاغ يوق بولۇپ، تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئىكەن. دادام ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەن. ئانام ئەسلى يەسلىدە ئىشلەيتتى، كېيىن تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ مال ساتقۇچىسى بولدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئاكام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشتى. ئۇ ئارمىيىدە تۆت يىل تۇردى. ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى «1 ـ ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا خىزمەتكە كىردى. ئۇ ھازىر مۇئاۋىن سېخ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. يەڭگەممۇ شۇ سېختا ئىشلەيدۇ. ئۇ بوغالتىر.

بوۋام ھازىر 71 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس. ئۇ شەھەر تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي، ئۈچ يىل بۇرۇن يۇرتقا كەتتى. مومام بۇلتۇر يۇرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان. تاغام يۇرتتا. ئۇ تراكتورچى. بۇلتۇر مەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا كېلىشتىن بۇرۇن يۇرتقا بېرىپ بوۋامنى ۋە تاغامنى يوقلىدىم. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، يېزىلار ئىسلاھات ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بوۋام، تاغاملار ئاخىرقى ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سۆھبەت

ئا: ئۆيىڭىزدە كىملەر بار؟
ئە: ئۆيىمىزدە بوۋام، دادام، ئانام، ئاكام، يەڭگەم ۋە مەن بولۇپ ئالتە جان بار.
ئا: سىلەر بۇرۇن نەدە تۇراتتىڭلار؟
ئە: بۇرۇن كۇچا ناھىيىسىدە تۇراتتۇق.
ئا: دادىڭىز نەدە ئىشلەيتتى.
ئە: ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە.
ئا: سىلەر ئۈرۈمچىگە قاچان كۆچۈپ كەلگەن؟
ئە: 1992 ـ يىلى.
ئا: دادىڭىز نەچچە ياشقا كىردى.
ئە: ئەللىك ياشقا كىردى.
ئا: ئانىڭىز ھازىر نەدە ئىشلەيدۇ؟
ئە: يەسلىدە.
ئا: قاچان پېنسىيىگە چىقىدۇ؟
ئە: پات يېقىندا.
ئا: ئاكىڭىز ھەربىي سەپكە قاتناشقانمۇ؟
ئە: شۇنداق.
ئا: ھازىر نەدە ئىشلەيدۇ؟
ئە: ھازىر «1 ـ ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا.
ئا: بوۋىڭىزنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟
ئە: بوۋامنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس.
ئا: تۇرمۇشۇڭلار قانداق؟
ئە: ياخشى.

## سۆزلۈك

( ئى )

| | |
|---|---|
| يەڭگە | 嫂嫂 |

| | | |
|---|---|---|
| يوقلا- | (كىمنى) | 看望,慰问 |
| يۇرت | (ئى) | 家乡,故乡 |
| ئېغىر | (س) | 重 |
| ئىسلاھات | (ئى) | 改革 |
| ئىيۇل | (ئى) | 七月 |
| ئېلىپ بار- | (نېمىنى) | 进行 |
| ۋاپات بول- | (كىم) | 去世,逝世 |
| ناھىيە | (ئى) | 县 |
| ناھىيىلىك | (س) | 县的 |
| ھەربىي | (ئى) | 军;军人;军事的,军用的 |
| مال ساتقۇچى | (س ب) | 售货员 |
| موما | (ئى) | 奶奶,祖母,外祖母 |
| مۇئاۋىن | (س) | 副的 |
| مۇدىر | (ئى) | 主任 |
| كۆچ- | (نەدىن نەگە) | 搬,迁移;升入,转入 |
| كۆن- | (نېمىگە) | 习惯,适应;同意,答应 |
| خەلق ھۆكۈمىتى | (س ب) | 人民政府 |
| كەمبەغەل | (س) | 穷的,贫穷的,贫苦的 |
| كۇچا | (ئى) | 库车(地名) |
| سەپ | (ئى) | 队,队列,排;战线,阵线 |
| سېخ | (ئى) | 车间 |
| قىياپەت | (ئى) | 面貌 |
| شۇ چاغ | (س ب) | 当时 |
| بەختلىك | (س) | 幸福的 |
| بوغالتىر | (ئى) | 会计 |
| بوۋا | (ئى) | 祖父,外祖父,爷爷 |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| بۇلتۇر | (ر) | 去年 |
| بىر تەرەپتىن | (س ب) | 一边 |
| پۇرسەت | (ئى) | 机会，时机 |
| پېنسىيىگە چىق- | (كىم، قاچان) | 退休 |
| توقۇمىچىلىق فابرىكىسى | (س ب) | 纺织厂 |
| تۈرلۈك ماللار شىركىتى | (س ب) | 百货公司 |
| تراكتورچى | (ئى) | 拖拉机手 |
| جان | (ئى) | 命，生命；人，人口；表示亲昵 |
| ئات - ئۇلاغ | (ئى) | 牲畜 |
| ئارمىيە | (ئى) | 军队 |
| ئازادلىق | (س) | 解放 |
| ئەسلى (ئەسلىدە) | (ر) | 原来，本来 |

〔词语用法说明〕

### بولۇپ

بولۇپ 是动词 «بول-» 的副动词形式，在句中同静词性谓语连用充当系助动词，起连接词组或分句的作用。例如：

① بىزنىڭ ئۆيىمىزدە بوۋام، دادام، ئانام، ئاكام، يەڭگەم ۋە مەن بولۇپ، ئالتە جان بار.

我们家有爷爷、父亲、母亲、哥哥、嫂子和我六口人。

② مەن تېخى كىچىك بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئىدىم.

那时我还小，是小学一年级的学生。

〔语法要点〕

## 句子成分 جۈملە بۆلەكلىرى

句子是说话的基本单位，它是由词和词组构成。句子根据构成情况，可以分为单句和复句。单句中的词和词组根据它们在句中的

位置和作用，可以划分为主语、谓语、宾语、定语、状语和特殊成分。

1. 主语：主语是句子中被陈述的对象，可以回答 نېمە ، كىم ، قەيەر 等问语。主语主要由主格形式的名词（包括动名词）、代词、名词化的其它类的词或各种词组充当。例如：

① ئۇ ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان. 他早就成家了。

② داۋۇت زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. 达吾提在工厂工作。

③ بۇ مەكتەپ. 这是学校。

④ ئۆگىنىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. 学习是我们的任务。

⑤ ساۋاقداشلار ئەمگەك قىلىپ بولۇپ مۇنچىغا كەتتى.
同学们劳动完后，就去洗澡了。

⑥ كارىدور پاسكىنا، ئىشخانا پاكىز. 走廊脏、办公室干净。

⑦ بۇ سائەتنى دادام بەرگەنىدى. 这块表是爸爸给的。

2. 谓语：谓语是句子中对主语加以陈述的部分，可以回答 نېمە بولدى ، كىم بولىدۇ ، قانداق 等问语。

维吾尔语中，谓语最大的特点是在人称上要与主语保持一致关系，即便主语不出现，从谓语的人称上也可以确定出主语的人称。谓语主要由动词、名词（包括动名词）、形容词、代词、数词或各种词组构成。例如：

① ئۇ ئۇيغۇر. 他是维吾尔人。

② ھېلىقى ئادەم كىم؟ 哪个人是谁？

③ مەن مەكتەپكە بارىمەن. 我去学校。

④ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى. 他身体好。

3. 宾语：宾语表示动作所及的对象，可以回答 نېمىنى ، كىمنى 等问语。宾语主要由名词（包括动名词）、代词、名词化的其它类词及各种词组充当。宾格附加成分是宾语的形式标志。例如：

① بىز ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز. 我们热爱祖国。

② هازىر 26 ـ دەرسنى باشلايمىز. 现在开始上第二十六课。

4. 定语：限定或修饰主语、静词性谓语、宾语的句子成分，可以回答 كىمنىڭ ، قانچە ، قانداق ، قەيەرنىڭ ، نېمىنىڭ ، نەچچىنچى 等问语。定语主要由名词、形容词、数词、代词、形动词、象声词或各种词组充当。例如：

① سەن ماڭا ئۈچ دەپتەر بەردىڭ. 你给了我三个本子。

② ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈرۈمچىدە ئىشلەيدۇ. 他父母在乌鲁木齐工作。

③ بۇ بېيجىڭغا بارىدىغان پويىز. 这是开往北京的火车。

④ بۇ تاۋۇز ئاۋۇ تاۋۇزدىن ياخشى. 这个西瓜比那个西瓜好。

⑤ ئۇ ياخشى ئوقۇغۇچى. 他是好学生。

⑥ مېنىڭ ئاكام شوپۇر. 我哥哥是司机。

5. 状语：修饰或说明动词谓语或形容词谓语的句子成分，它可以回答 نېمە ئۈچۈن ، قاچان ، قانداق ، قاچانغىچە ، نەگە ، نەدىن ، نېمە بىلەن 等问语。状语主要由副词、形容词、名词、象声词或各种词组充当。例如：

① سىز سەل كۈتۈپ تۇرۇڭ، ئۇ هازىرلا كېلىدۇ.
你稍等一会儿，他马上就来。

② ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. 他正跑着来呢。

③ ئۇ چىرايلىق يازىدۇ. 他写得漂亮。

④ بىر يەپ باقاي. 让我吃一吃。

⑤ بۇ كىتاب ناهايىتى ياخشى. 这本书很好。

⑥ ئۇلار زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. 他们在工厂工作。

⑦ ئۇ مەكتەپكە كەتتى. 他到学校去了。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| باشقا ئادەم | باشقا دۇنيا |
| باشقىدىن سۆزلىمەك | ئۇنىڭدىن باشقا |
| تۇغقان يوقلىماق | كېسەل يوقلىماق |
| دەم ئېلىشقا چىققانلارنى يوقلىماق | ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلىماق |
| مۇسابىقە ئېلىپ بارماق | ئىسلاھات ئېلىپ بارماق |
| ئۆي كۆچمەك | سىنىپ كۆچمەك |
| گەپكە كۆنمەك | يېزا تۇرمۇشىغا كۆنمەك |
| تاماققا كۆنەلمەسلىك | بىرىنچى سەپ |
| ئالدىنقى سەپ | ھەربىي سەپكە كىرمەك |
| سەپتە تۇرماق | بەختلىك ئائىلە |
| مائارىپ سېپى | بەختلىك كۈن |
| بەختلىك تۇرمۇش | پۇرسەت كۈتمەك |
| پۇرسەت ئىزدىمەك | سۆزلەش پۇرسىتى |
| پۇرسەت يوق | بىر يەردە تۇرماق |
| ئورۇندىن تۇرماق | شەھەردە تۇرماق |
| بالدۇر تۇرماق | جان ئانا |
| جان دوست | جېنى چىقماق |
| بەش جان | يېرىم جان |

3. 把下列两组词搭配成词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| مۇئاۋىن | يېزا |
| ياتاق | پۇرسەت |
| كەمبەغەل | كېسەل |
| ئازادلىق | ئۆزگىرىش |
| ئوتتۇرا | كۆچمەك |
| ئوقۇش | مۇناسىۋەت |
| خىزمەت | قاتناشماق |

www.uyghurkitap.com

يۈرەك　　　　ئارمىيە

قىياپەت　　　　مەكتەپ

زور　　　　مۇدىر

4. 用下列词造句。

يۈرت،　　بەختلىك،　　يوقلا -،　　كۆن-

پىنسىيىگە چىق-،　　پۇرسەت،　　تۇر-

5. 模仿重点句子进行造句练习。

6. 把下列句子译成维文。

①他们早就搬走了。

②我们的生活非常艰难。

③我们全家人都去看望了爷爷和叔叔。

④自从来到这所学校,同学们都在努力学习。

⑤哥哥和嫂子不让我去看电影。

⑥现在我们的生活非常幸福。

7. 分析句子成分。

① بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيمىز.

② بۇ كىتاب ياخشى.

③ مەن ئاۋۇ نەرسىنى ئالىمەن.

④ بىزنىڭ سىنىپتا 30 ئوقۇغۇچى بار.

⑤ ئۇلار ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ.

⑥ بوۋام دائىم ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ.

⑦ دوستۇمنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ياخشى چىقىدۇ.

⑧ بۇلتۇر مەن بېيجىڭغا باردىم.

⑨ مەن بۇ يىل 18 ياشقا كىردىم.

⑩ بىزنىڭ ئوقۇشىمىز بەك ياخشى.

8. 用适当的词填空。

① تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولغاندىن ________ ئۆيگە خە

يازمەن.

② بۇ كىتابنى بىر كۈندە ________ بولىمەن.

③ ________ ئۇ ئۈرۈمچىلىك ئەمەس ئىكەن.

④ سىنىپ يىغىنىغا ________ قاتنىشىڭ.

⑤ مومام يۈرەك كېسىلى ________ ۋاپات بولدى.

⑥ مۇئەللىم بىزگە تېكىستنى ________.

⑦ سىلەر دائىم ئۇيغۇرچە سۆزلىشىڭلار، خەنزۇچە ________.

⑧ مەن بۇ ________ كۆنەلمىدىم.

⑨ بوۋامنىڭ سالامەتلىكى ________ ياخشى ئەمەس.

⑩ مېنىڭ تۇرمۇشۇم ناھايىتى ________.

9. 回答问题。

① ئائىلىڭىزدە كىملەر بار؟

② ئائىلىڭىز نېمە ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى؟

③ دادىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

④ ئانىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

⑤ ئاكىڭىز بىلەن يەڭگىڭىز نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟

⑥ بوۋىڭىز قەيەردە تۇرىدۇ، تاغىڭىزچۇ؟

⑦ ھازىر يېزىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

10. 写一篇关于自己家庭的短文。

11. 背会对话,互相提问。

12. 句型练习。

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ① | ئۇ | بىر تەرەپ-<br>تىن | ئوقۇپ<br>ئىشلەپ<br>تاپشۇرۇق ئىشلەپ | بىر تەرەپ-<br>تىن | تەرجىمە قىلدى.<br>ئوقۇدى.<br>تېلېۋىزور كۆر-<br>دى. |

| | | |
|---|---|---|
| ② | ئاكام مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن | ھەربىي سەپكە قاتناشتى. |
| | | خىزمەتكە كىردى. |
| | | ئوقۇتقۇچى بولدى. |
| | | زاۋۇتتا ئىشلىدى. |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ③ | ئۇنىڭ | ئۆگىنىشى | ئانچە | ياخشى | ئەمەس. |
| | | سالامەتلىكى | | ياخشى | |
| | | بويى | | ئېگىز | |
| | | تۇرمۇشى | | كۆڭۈللۈك | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ④ | ئانام يۈرەك كېسىلى | بىلەن | ۋاپات بولدى. |
| | مەن ئايروپىلان | | كەلدىم. |
| | ئۇ مۇشۇ ئىش | | ئالدىراش. |
| | مەن ئۇنىڭ ياردىمى | | ئوقۇۋاتىمەن. |

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە يەتتىنچى دەرس

> ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.
> 今天的羊肝肺，胜似明天的羊尾巴。

重点句子 نۇقتىلىق جۈملىلەر

① شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىم چارۋىچىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى.

② ھاۋا دائىم دېگۈدەك ئوچۇق بولىدۇ.

③ ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى، شۇنىڭدەك مۇھىم سانائەت شەھىرى.

## تېكىست

### شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى كەڭ، بايلىقى مول،

تۇپرىقى مۇنبەت.

شىنجاڭدىن نېفىت، تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭدا بۇغداي، قوناق، شال، پاختا، قىچا قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، ياڭاق، ئەنجۈر، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر، قوغۇن - تاۋۇزلار ۋە ھەر خىل كۆكتاتلار ئۆستۈرۈلىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىم چارۋىچىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى. قوي، ئۆچكە، ئات، كالا قاتارلىق چارۋىلارنىڭ سانى 34 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق.

شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھاۋا دائىم دېگۈدەك ئوچۇق بولىدۇ. يامغۇر ئاز ياغىدۇ. ياز پەسلى ئىسسىق، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە كۆپ مىللەتلىك رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، شىبە، ئۆزبېك، تاتار، داغۇر، مانجۇ، تاجىك، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى.

ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى، شۇنىڭدەك مۇھىم سانائەت شەھىرى.

## سۆھبەت

ئا: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نەگە جايلاشقان؟

ئە: مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان.

ئا: شىنجاڭدا قانداق كان بايلىقلىرى بار؟

ئە: شىنجاڭدا نېفىت، تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىق كان بايلىقى بار.

ئا: شىنجاڭدا قانداق زىرائەتلەر ۋە مېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ؟

ئە: شىنجاڭدا بۇغداي، قوناق، شال، پاختا، قىچا قاتارلىق زىرائەتلەر، ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، ياڭاق، ئەنجۈر، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئا: شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

ئە: ھاۋا دائىم دېگۈدەك ئوچۇق بولىدۇ. يامغۇر ئاز ياغىدۇ. ياز پەسلى ئىسسىق، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ.

ئا: شىنجاڭدا قايسى مىللەتلەر بار؟

ئە: شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، شىبە، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، داغۇر، مانجۇ، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر بار.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون | (س ب) | 自治区 |
| چارۋىچىلىق | (ئى) | 畜牧业 |
| جايلاش- | (نەگە) | 座落,位于,处于 |
| تۆمۈر | (ئى) | 铁 |
| تۇپراق | (ئى) | 土,土壤,土地 |
| تۇياق | (م) | 只 |
| تاجىك | (ئى) | 塔吉克族 |
| تاتار | (ئى) | 塔塔尔族 |
| داغۇر | (ئى) | 达斡尔族 |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| مانجۇ | (ئى) | 满族 |
| پاختا | (ئى) | 棉花 |
| كان | (ئى) | 矿 |
| كالا | (ئى) | 牛 |
| دېگۈدەك | (ي) | 几乎 |
| غەربىي شىمال | (س ب) | 西北 |
| كۈمۈش | (ئى) | 银 |
| كۆمۈر | (ئى) | 煤，炭，煤炭 |
| كۆكتات | (ئى) | 蔬菜 |
| مىس | (ئى) | 铜 |
| مېۋە | (ئى) | 果子，果，水果；成果，果实 |
| موڭغۇل | (ئى) | 蒙古族 |
| مۇنبەت | (س) | 肥沃的 |
| مول | (س) | 丰富的，丰盛的 |
| مەھسۇلات | (ئى) | 产品，物产 |
| مەملىكەت | (ئى) | 国家 |
| ھاۋا كىلىماتى | (س ب) | 气候 |
| ئوچۇق | (س) | 开着的，开放的；公开的；直爽的；清晰的，清楚的；晴朗的，晴明的；鲜艳的，鲜明的 |
| نېفىت | (ئى) | 石油 |
| نەشپۈت | (ئى) | 梨，香梨；梨树 |
| ئۆچكە | (ئى) | 山羊 |
| بۇغداي | (ئى) | 麦子，小麦 |
| بايلىق | (ئى) | 财富 |
| بازا | (ئى) | 基地 |
| ئەنجۈر | (ئى) | 无花果 |

| | | |
|---|---|---|
| ئانار | (ئى) | 石榴 |
| ئالما | (ئى) | 苹果 |
| ئالتۇن | (ئى) | 金子 |
| ئالاھىدىلىك | (ئى) | 特点 |
| قاتتىق | (س) | 硬的;特别的 |
| شال | (ئى) | 稻子,稻谷,水稻 |
| شاپتۇل | (ئى) | 桃子 |
| قىش | (ئى) | 冬,冬天 |
| قىرغىز | (ئى) | 柯尔克孜族 |
| قوي | (ئى) | 羊,绵羊 |
| قوناق | (ئى) | 玉米 |
| رايون | (ئى) | 地区,区域;区 |
| زىرائەت | (ئى) | 庄稼,农作物 |
| سىياسىي | (ئى) | 政治 |
| سانائەت | (ئى) | 工业 |
| شىبە | (ئى) | 锡伯族 |
| شۇنىڭدەك | (ب) | 并,并且 |
| كۆپ مىللەتلىك | (س ب) | 多民族的 |
| كەڭ | (س) | 宽的,宽广的;宽大的;辽阔的 |
| ئۆزىگە خاس | (س) | 独特的,特有的 |
| ئۆزبېك | (ئى) | 乌孜别克族 |
| ئۈزۈم | (ئى) | 葡萄 |
| ئۆرۈك | (ئى) | 杏,杏子 |
| ياز | (ئى) | 夏,夏天 |
| ياشا- | (قانداق، نەدە) | 活,活着,生存;生活,过日子;居住 |

| | | |
|---|---|---|
| 雨 | (ئى) | يامغۇر |
| 下 | (نېمە) | ياغ- |
| 核桃 | (ئى) | ياڭاق |
| 面积 | (س ب) | يەر كۆلىمى |
| 种，播种 | (نېمىنى) | تېرى- |
| 油菜；芥菜 | (ئى) | قىچا |
| 多余的，多的 | (س ر) | ئارتۇق |
| 文化 | (ئى) | مەدەنىيەت |

〔词语用法说明〕

**بىرى (بىر + ى)**

数词 بىر 与第三人称附加成分 ى 连用表示以下意义。

1. 与领属格形式的词连用表示“其中之一”。如：

① شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىم چارۋىچىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى.

新疆是我国重要的畜牧业基地之一。

② ئۇمۇ فاكۇلتېتىمىزدىكى ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى.

他也是我们系的好学生之一。

③ لۇغەتنىڭ بىرىنى مەن ئالدىم.

词典的一个我拿了。

2. 表示“某人”的意思。如：

① دەرۋازا ئالدىدا بىرى سىزنى ساقلاپ قالدى.

大门口有个人在等你。

② بىرىدىن قۇتۇلۇپ ئونىغا تۇتۇلدۇم.

摆脱了一个人，反而被十个人缠住。

〔语法要点〕

## 一、被动态 مەجھۇل دەرىجە

表示行为动作由他人完成，并由主体承受。

构成：

1. 元音结尾的动词词干后加附加成分 «ن» 或 «ل» 构成。（最后一个音节中带 ل 的动词附加 ن ，其余的加 ل ）。例如：

(制造→被制造) ياسا + ل = ياسال

(开始→被开始) باشلا + ن = باشلان

(读→被读) ئوقۇ + ل = ئوقۇل

(做→被做) ئىشلە + ن = ئىشلەن

2. 辅音结尾的动词词干最后一个音节中带«ل» 的要加附加成分 ن- / ۇن - / ۈن - ,其它动词结合附加成分ل- /-ۇل - ۈل - 构成。例如：

(说→被说) ئېيت + ىل = ئېيتىل

(打→被打) ئۇر + ۇل = ئۇرۇل

(拿→被拿) ئال + ىن = ئېلىن

(找→被找) تاپ + ىل = تېپىل

(做→被做) قىل + ىن = قىلىن

(长→被长) ئۆستۈر + ۈل = ئۆستۈرۈل

注：دە- , يە - , يۇ -的被动态,不是 دەل- , يەل - , يۇل - 而是 - دېيىل , يېيىل , يۇيۇل 要一一熟记。

被动态附加成分一般附加在及物动词的词干上。附加了被动态附加成分的动词均变为不及物动词。主语由表示非生物名词充当时，谓语动词一般要用被动态形式。例如：

① بۇ كىيىم يۇيۇلدى. 这件衣服洗过了。

② بۇ ھەرپ قانداق ئوقۇلىدۇ؟ 这个字母怎么读？

③ ئۇ ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ سايلاندى.

他被评为三好学生。

① مەكتىپىمىز 1935 ـ يىلى قۇرۇلغان.

我们的学校是一九三五年建立的。

⑤ سالام خەت يېزىلىپ بولدى.　信写好了。

⑥ بۇ كىنو ھەرقايسى مەملىكەتلەردە قىزغىن قارشى ئېلىندى.

这部电影在各国都受到了热烈的欢迎。

## 二. 附加成分 ـ غىچە // ـ قىچە // ـ گىچە // ـ كىچە 及其用法

它附加在名词性词之后，在句中作状语，表示句中所提到的行为动作要持续的时间、距离、数量等方面的界限或范围。如：

① مەن 1992 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.

1992 年至 1996 年我在新疆大学学习。

② بىز سائەت سەككىزدىن 12 گىچە دەرس ئوقۇيمىز.

我们从八点到十二点上课。

③ ئۇنىڭ يۈزى قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

她的脸红到了耳根。

④ مەن دوستۇمنى بېكەتكىچە ئاپىرىپ قويدۇم.

我把朋友一直送到了车站。

ـ غىچە // ـ قىچە // ـ گىچە // ـ كىچە 附加成分的附加方法：

1. 后元音音节辅音结尾的词之后附加 ـ غىچە // ـ قىچە（后元音结尾的词之后附加 ـ غىچە）。如：

| | |
|---|---|
| ياز + غىچە | ئاتۇش + قىچە |
| يول + غىچە | كىتاب + قىچە |
| كىنوخانا + غىچە | ئاقسۇ + غىچە |

2. 前元音音节辅音结尾的词之后附加 ـ گىچە // ـ كىچە（前元音

结尾的词之后附加گىچە-)。如：

| | |
|---|---|
| يۈز + گىچە | بەش + كىچە |
| سۆز + گىچە | ئۈچ + كىچە |
| يەتتە + گىچە | سۈپۈرگە + گىچە |

3. 以央元音组成的词带有«گ ، ك»音时，辅音结尾的词之后附加گىچە-//كىچە-(央元音结尾的词之后附加گىچە-)；不带«گ ، ك»音时，辅音结尾的词之后附加غىچە-//قىچە-(央元音结尾的词之后附加غىچە-)。如：

| | |
|---|---|
| كېزىت + كىچە | كىم + گىچە |
| ئىككى + گىچە | كىشى + گىچە |
| سىنىپ + قىچە | قىز + غىچە |
| ئىت + قىچە | يىل + غىچە |
| ئىشچى + غىچە | قېرى + غىچە |

4. 有些以央元音组成的词，虽然不带«گ ، ك» 音，但发音时词中的«ئى, ئي»的发音是前元音。所以要附加گىچە -。如：

| | |
|---|---|
| بىز ← بىزگىچە | سىز ← سىزگىچە |
| بىر ← بىرگىچە | بىلىم ← بىلىمگىچە |
| ئىلىم ← ئىلىمگىچە | سىلى ← سىلىگىچە |

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| ھاۋا ئوچۇق | ئوچۇق ئىمتىھان |
| ئوچۇق چىراي | ئىشىك ئوچۇق |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوچۇق قىزىل　　　　ئوچۇق دەرس
ئوچۇق شەھەر　　　　قولى ئوچۇق
يەرلىك ئالاھىدىلىك　　　　مىللىي ئالاھىدىلىك
تىيانشان رايونى　　　　ئاپتونوم رايون
ئاقسۇ رايونى　　　　تازىلىق رايونى
كەڭ قورساق　　　　كەڭ يول
زېمىنى كەڭ　　　　كەڭ يايلاق

3. 将下列两组词搭配成词组并译成汉文。

بىر　　　　قىسىم
سانائەت　　　　مەلۇمات
سانلىق　　　　مەركەز
مەدەنىيەت　　　　كۆلەم
يەر　　　　سان
ئومۇمىي　　　　تەكشۈرۈش
بىخەتەرلىك　　　　شەھەر
ئوقۇتۇش　　　　بىرىنچى
نوپۇس　　　　خىزمەت
بالا　　　　باغچە

4. 把下列动词变成动词的被动态形式。

باشلا-　　　　يىغىلا-　　　　تەرجىمە قىل-
ئاچ-　　　　ئۆت-　　　　تەشكىل قىل-
تۇت-　　　　رەت قىل-　　　　ياسا-
ھېسابلا-　　　　ئال-

5. 用下列附加成分填空。

(-غىچە/ -قىچە/ -گىچە/ -كىچە، -دىكى /-تىكى)

① ئۇ ئەتىگەندىن كەچ ________ كىتاب ئوقۇدى.
② باغ ________ گۈللەر تېخى ئېچىلمىدى.

③ مەن سائەت سەككىزدىن توققۇز ________ كىنو كۆردۈم.

④ ئۇنىڭ ئىسمىنى هازىر ________ بىلمەيمەن.

⑤ قىش ________ سوغۇقنى ئويلىساملا قورققۇم كېلىدۇ.

⑥ تۈنۈگۈن چۈش ________ ئۇخلىدىم.

⑦ ئوغلۇم بىردىن يۈز ________ سانىيالايدۇ.

⑧ بۇ ئىشنى گۈلنۇر ________ بىلىدۇ.

6. 用下列动词各造一个带被动态的句子。

باشلا- ئىشلە- ياسا-

ئاچ- يۇ- كۆر -

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 把下列句子译成维文。

①第二十七课课文较长,所以上了八学时。

②这本书正在翻译。

③明天下午还要上课吗?

④她到现在还没有回来。

⑤乌鲁木齐是自治区的政治、经济、文化中心。

⑥这个演员在我国受到了热烈的欢迎。

9. 回答问题。

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەيەرگە جايلاشقان؟ يەر كۆلىمى قانداق؟

② شىنجاڭدا قانداق كان بايلىقلىرى بار؟ شىنجاڭدا قانداق زىرائەتلەر ۋە مېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ؟

③ شىنجاڭنىڭ هاۋا كىلىماتى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

④ شىنجاڭدا قايسى مىللەتلەر بار؟

10. 背会对话,互相提问。

11. 句型练习。

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ① | هاۋا | دائىم دېگۈدەك | ئوچۇق بولىدۇ. |
| | ئۇ | دائىم دېگۈدەك | كېچىكىپ قالىدۇ. |
| | ئۇ | دائىم دېگۈدەك | خۇشال يۈرىدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ② | ئۇ مەكتەپ | بويىچە | ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ | بىرى. |
| | گۈزەلنۇر سىنىپ | بويىچە | چىرايلىق قىزلارنىڭ | بىرى. |
| | بۇ، بىنا | بويىچە | ئەڭ پاكىز ئۆيلەرنىڭ | بىرى. |

# يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس

| |
|---|
| تىلى يۇمشاق ئاش يەر، تىلى قاتتىق مۇشت. |
| 嘴软吃馒头，嘴硬挨拳头。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، دۇنيا ئاھالىسى بەش مىلياردتىن ئېشىپ كەتكەن.

② ئۇلار ئاسىيا، ئافرىقا، ئوكيانىيىگە ھەمدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا جايلاشقان.

③ ئاسىيا دۇنيا بويىچە نوپۇس ئەڭ زىچ جايلاشقان رايون.

## تېكىست

### دۇنيا ئاھالىسى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1986 ـ يىلى دۇنيا ئاھالىسى بەش مىلياردتىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئىككى مىليارد 300 مىليونغا يەتكەن. ئوكيانىيە ۋە تىنچ

ئوكيان ئاراللىرىنىڭ نوپۇس سانى ئەڭ ئاز بولۇپ، ئاران 22 مىليونغا يېتىدۇ. دۇنيادا ئاھالىلەرنىڭ تارقىلىشى تەكشى ئەمەس. شەرقىي ئاسىيا (جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمى، چاۋشيەن، ياپونىيە)، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەسى دۇنيا بويىچە نوپۇس ئەڭ زىچ جايلاشقان رايونلاردۇر.

دۇنيا ئاھالىسى سېرىق تەنلىك، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىك دېگەن تۆت چوڭ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

سېرىق تەنلىكلەرنىڭ تېرىسى سارغۇچ، چېچى قارا، كۆزى قارا، بۇرۇت ـ ساقىلى شالاڭ كېلىدۇ. بۇلار ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغا ھەمدە شىمالىي، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەلىرىگە تارقالغان. سېرىق تەنلىكلەرنىڭ نوپۇسى ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىكلەرگە قارىغاندا خېلى كۆپ.

ئاق تەنلىكلەرنىڭ تېرىسى ئاق، چېچى سېرىق ياكى قارا، كۆزى كۆك ياكى كۈل رەڭ، بۇرنى تار ھەم ئېگىز، كالپۇكى نېپىز، ساقاللىق كېلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئاساسەن ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق رايونلارغا تارقالغان.

قارا تەنلىكلەرنىڭ تېرىسى قارا، چېچى بۇدۇر ھەم تۈم قارا، كۆزى قارامتۇل، كالپۇكى قېلىن، بۇرنى ياپىلاق كېلىدۇ. بۇلار ئاساسەن ئافرىقىغا جايلاشقان.

## سۆھبەت

ئا: 1986 ـ يىلى دۇنيا ئاھالىسى قانچىلىككە يەتكەن؟

ئە: 1986 ـ يىلى دۇنيا ئاھالىسى بەش مىلياردقا يەتكەن.

ئا: قايسى قىتئەدە نوپۇس ئەڭ كۆپ؟

ئە: ئاسىيا قىتئەسىدە ئەڭ كۆپ.

ئا: دۇنيا ئاھالىسى نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ؟

ئە: سېرىق تەنلىك، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىك دېگەن تۆت چوڭ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئا: سېرىق تەنلىكلەر قانداق كېلىدۇ؟

ئا: سېرىق تەنلىكلەرنىڭ تېرىسى سارغۇچ، چېچى ۋە كۆزى قارا، ساقال ـ بۇرۇتى شالاڭ كېلىدۇ.

ئا: ئاق تەنلىكلەرنىڭچۇ؟

ئە: ئاق تەنلىكلەرنىڭ تېرىسى ئاق، چېچى سېرىق ياكى قارا. كۆزى كۆك ياكى كۈل رەڭ. بۇرنى تار ھەم ئېگىز، كالپۇكى نېپىز، ساقاللىق كېلىدۇ.

ئا: قارا تەنلىكلەر قانداق كېلىدۇ؟

ئە: قارا تەنلىكلەرنىڭ تېرىسى قارا، چېچى بۇدۇر ھەم تۇم قارا، كۆزى قارامتۇل، كالپۇكى قېلىن، بۇرنى ياپىلاق كېلىدۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| قوڭۇر | (س) | 棕色 |
| ئۇستىخان | (ئى) | 骨头 |
| ئاران | (ر) | 勉强,好不容易;只,仅仅 |
| چاۋشيەن | (ئى) | 朝鲜 |
| تېرە | (ئى) | 皮肤 |
| تىنچ ئوكيان | (ئى) | 太平洋 |
| تۇم | (س) | (指颜色的深度) |
| بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) | (س ب) | 联合国 |
| بۇدۇر | (س) | 卷曲的 |
| بۇرۇن | (ئى) | 鼻子 |
| بۇرۇت ـ ساقال | (ئى) | 胡子,胡须 |
| باش | (ئى) | 头,头脑,脑袋;开始,开头 |

| | | |
|---|---|---|
| 后代，后辈，子孙 | (ئى) | ئەۋلاد |
| 人口，人烟，居民 | (ئى) | ئاھالە |
| 美国 | (ئى) | ئامېرىكا |
| 白种人 | (س ب) | ئاق تەنلىك |
| 非洲 | (ئى) | ئافرىقا |
| 亚洲 | (ئى) | ئاسىيا |
| 淡黑的，浅黑的 | (س) | قارامتۇل |
| 黑种人 | (س ب) | قارا تەنلىك |
| 稀的，稀少的 | (س) | شالاڭ |
| 洲 | (ئى) | قىتئە |
| 颜色，色泽；脸色，面色 | (ئى) | رەڭگى |
| 紧密，密切；紧凑 | (س) | زىچ |
| 形成，形状，样式 | (ئى) | شەكىل |
| 身材；边，沿，滨 | (ئى) | بوي |
| 统计 | (ئى) | ستاتىستىكا |
| 黄种人 | (س ب) | سېرىق تەنلىك |
| 有胡子的，大胡子的 | (س) | ساقاللىق |
| 淡黄色的，浅黄色的 | (س) | سارغۇچ |
| 唇，嘴唇 | (ئى) | كالپۇك |
| 灰色 | (ئى) | كۈل رەڭ |
| 蓝；青；蓝天，天空 | (س) | كۆك |
| 十亿 | (سان) | مىليارد |
| 林地；多林的 | (ئى) | ئورمانلىق |
| 薄的 | (س) | نېپىز |
| 大的 | (س) | يوغان |
| 脸，面，脸皮，脸色；面，表面 | (ئى) | يۈز |
| 欧洲 | (ئى) | ياۋروپا |
| 扁的，扁平的 | (س) | ياپىلاق |

日本 （ئى） ياپونىيە
（被）分，分开，划分；打断 （قانداق） بۆلۈن-
大洋洲 （ئى） ئوكيانىيە
看来；比；根据 （تىر） قارىغاندا
基本上 （ر） ئاساسەن
以及，也；并且 （ب） ھەمدە

〔词语用法说明〕

**一、قارىغاندا （后置词）**

1. 常与带向格的名词性词语连用，表示依据。如：

① ستاتىستىكىغا قارىغاندا، دۇنيا نوپۇسى بەش مىلياردتىن ئېشىپ كەتكەن.

根据统计，世界人口已经超过了五十亿。

② ساۋاقداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغۇچى ئوخشايدۇ.

根据同学们介绍，他的确是个好学生。

2. 表示比较两样东西或两种情况。如：

① بۇ بىناغا قارىغاندا ئۇ بىنا ئېگىز ئىكەن.

跟这幢楼比起来，那幢楼高。

② قەشقەرگە قارىغاندا تۇرپان ئىسسىق.

吐鲁番比喀什热。

③ ئەخمەتنىڭ ئۆگىنىشى ياسىننىڭ ئۆگىنىشىگە قارىغاندا ياخشى.

艾合买提比亚森学习好。

④ ماڭا قارىغاندا ئۇ تېز يۈگۈرىدۇ.

他比我跑得快。

3. 用在句首，表示“看来”的意思。如：

① ماڭا قارىغاندا، ئۇ بۈگۈن كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

看来，他今天不会来了。

② قارىغاندا، ئۇ ساقايمايدىغان ئوخشايدۇ.

看来，他的病治不好了。

③ قارىغاندا، بۇ كىنو ئانچە ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ.
看来，这电影不太好。

二、 ئاران （副词）

1. 与数量词连用，表示量的最低限度。如：

① بۇ كىنونى ئاران بىر قېتىم كۆردۇم.
这部电影我只看了一次。

② مەن بۇ كىتابتىن ئاران بىرنى ئالالىدىم.
这本书我只买上了一本。

③ بىزنىڭ سىنىپتا ئاران 22 ئوقۇغۇچى بار.
我们班只有二十二个学生。

2. 在句中与动词连用，表示行为动作完成得很吃力。如：

① مەن بىنانىڭ 5 ـ قەۋىتىگە ئاران چىقتىم.
我好不容易才爬到五楼。

② تېكىستنى ئاران تەرجىمە قىلىپ بولدۇم.
课文总算翻译完了。

③ بىز بۇ يەرگە ئاران كەلسەك سىلەر يوق ئىكەنسىلەر.
我们好不容易到这里来，你们却不在。

〔语法要点〕

一、词序 سۆز تەرتىپى

维吾尔语句子的词序一般是主语位于句首，谓语位于句末，宾语位于主语和谓语的中间，定语位于中心词之前。状语如果直接说明动作和状态，则在谓语之前；如果说明整个句子，通常位于句首，在主语之前。

1. 主语在谓语的前面。

① ئۇ ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ. 他正在劳动。

② 7 ـ ئايدا قوغۇن كۆپلەپ بازارغا كىرىدۇ.
七月里甜瓜大量上市。

③ بۇ قىزچاق ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن.

这小姑娘长得很秀气。

2. 谓语处在句子的末尾。

他身体健康。 ① ئۇنىڭ تېنى ساغلام.

② مەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم.

我收到了一封信。

3. 定语位于被它所修饰的成分的前面。

① ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭ.

我们伟大祖国的首都是北京。

② تۇرسۇن ئون تۇياق سېمىز قوي سېتىۋالدى.

吐尔逊买了十只肥羊。

4. 宾语处在主语之后，谓语之前。

③ مەن ئانامغا خەت يېزىپ ئەۋەتتىم.

我写信寄给我母亲了。

① سەن خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغىن.

你把汉语译成维吾尔语。

5. 状语如果直接说明动作和状态，则在谓语之前；如果说明整个句子，通常位于句首，在主语之前。如：

他马上就来。 ① ئۇ ھازىرلا كېلىدۇ.

他正跑着来呢。 ② ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

③ ئۇلار ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ.

他们讲维吾尔语讲得好。

④ تۈنۈگۈن ئىككى ئادەم كەلگەنىدى.

昨天来了两个人。

## 二、自复态 ئۆزلۈك دەرىجە

表示主体发出的行为动作涉及主体本身，不涉及他人或他物。

构成：自复态和被动态构成方式是相同的。虽然自复态和被动态在形式上相同，但其意义却不同，有些动词只能和 ن- // ـىن- // ـۈن- // ـۇن- 或 ل- // ـىل- // ـۇل- // ـۈل- 之一结合，同时可构成自复态和被动态。有的动词与 ل- // ـىل- // ـۇل- // ـۈل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

结合构成被动态，与-ن // -ىن // -ۇل // -ۈل-结合则构成自复态。例：

ئاچ + ىل = ئېچىل (گۈللەر ئېچىلدى) (自复态)
(يىغىن ئېچىلدى) (被动态)
كىي + ىن = كىيىن (مەن هازىرلا كىيىنىپ چىقتىم) (自复态)
كىي + ىل = كىيىل (بۇ كىيىم ئۈچ يىل كىيىلدى) (被动态)
باشلا + ن = باشلان (被开始) (被动态)
ياسا + ن = ياسان (打扮) (自复态)
ياسا + ل = ياسال (被制造) (被动态)
ئىشلە + ن = ئىشلەن (被做) (被动态)
ئوقۇ + ل = ئوقۇل (被读) (被动态)
كۆر + ۈن = كۆرۈن (看) (自复态)
كۆر + ۈل = كۆرۈل (被看) (被动态)
ماختا + ن = ماختان (自吹) (自复态)
يۇي + ۇن = يۇيۇن (洗澡) (自复态)
ياي + ىل = يېيىل (展开) (自复态)

无论词干是否具有及物意义，凡附加了自复态附加成分的动词均为不及物动词。动词变化中所表现的反身意义或被动意义，在许多情况下，只能借助具体的上下文才可确定。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

ئادەم شالاڭ　　ئاھالىسى شالاڭ
چىچى شالاڭ　　باش ئايلىنىش
باش رول　　زىچ ئولتۇراقلاشماق

| | |
|---|---|
| ئادەم زىچ | مۇناسىۋىتى زىچ |
| ئېگىز بوي | بويى ئۆسۈش |
| مەھسۇلات قىممىتى | يېڭى مەھسۇلات |
| نېپىز قەغەز | كىيىمى نېپىز |
| يوغان باش | كۆزى يوغان |
| رەڭگى ئوچۇق | رەڭگى سەت |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| سېرىق | تەنلىك |
| ساقاللىق | چاچ |
| كۆچمەن | ئەۋلادلار |
| ئاسىيا | ئاغرىماق |
| باش | ئادەم |
| يېرىم | ئارال |
| كۆك | قارا |
| تۇم | قىتئە |
| ياش | خەلق |
| قارا | ئاسمان |

4. 把下列动词变成自复态。

| | | |
|---|---|---|
| ياسا - | ئاچ - | بۆل - |
| يۇ - | ماختا - | خەۋەر قىل - |
| كۆر - | ياي - | ياز - |

5. 用下列词造句。

| | | |
|---|---|---|
| ئاچ - | كۆر - | ئاساسەن |
| بۆل - | سال - | ئويلا- |

6. 把下列句子译成维文。

①我姐姐已经打扮完了。

②所有的单词我都基本上背完了。

③他的维吾尔语比我讲得好。

④我们班才有十二个女学生。

⑤你们看，花儿都开了。

⑥看来，这本书已经卖完了。

⑦电影开始了。

⑧我洗完澡后，上了街。

7. 选词填空。

(بىلەن، ياكى، ئاساسەن، ھەمدە، ھەم، تېخىمۇ، ئەمدى، ئاران)

① مۇئەللىم تېكىستنى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا دىققەت ________ ئاڭلايمەن.

② دەرسنى ئوقۇغان ۋاقىتتا چۈشەنمىگەن ________ ياخشى چۈشەنمىگەن جايلارنى مۇئەللىمدىن سورايمەن.

③ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك ________ مەنىلىك.

④ بۇ مېۋىلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا ________ شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى رايونلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ.

⑤ تاپشۇرۇقلارنى ________ ئىشلەپ بولدۇم.

⑥ مەن بۇنىڭدىن كېيىن ________ تىرىشىشىم كېرەك.

⑦ ________ ئۇنداق ئىش قىلمايمەن.

⑧ بىزنىڭ سىنىپتا ________ 9 قىز ئوقۇغۇچى بار.

8. 回答问题。

① 1986 ـ يىلى دۇنيا ئاھالىسى قانچىلىككە يەتكەن؟

② قايسى قىتئەدە نوپۇس ئەڭ كۆپ؟

③ نوپۇس ئەڭ زىچ جايلاشقان رايونلار قايسىلار؟

④ دۇنيا ئاھالىسى قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ؟

⑤ سېرىق تەنلىكلەر قانداق كېلىدۇ؟

⑥ ئاق تەنلىكلەر قانداق كېلىدۇ؟

⑦ قارا تەنلىكلەر قانداق كېلىدۇ؟

9. 按重点句子进行练习。

10. 背会对话，互相对话。

11. 句型练习。

| | |
|---|---|
| 1 . ئەھۋالغا قارىغاندا | ئۇ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. |
| | ئۇنىڭ پۇلى يوق ئوخشايدۇ. |
| | ئۇ تازا چارچىغان ئوخشايدۇ. |
| | ئۇ يەنە كېچىكمىدىغان ئوخشايدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| بۇ خىل مېۋىلەر | | جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىقىدۇ. |
| . ئۇلار تېكىستنى | ئاساسەن | تەرجىمە قىلىپ بولدى. |
| قازاقلار | | شىمالىي شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس

| |
|---|
| بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە.<br>自己确认为对的，对父亲也别退让。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر  重点句子

① ئۇ كىم كۈچلۈك چىقسا شۇ تەرەپتە تۇرۇشنى قارار قىپتۇ.

② شۇنداق قىلىپ، هايۋانلارمۇ، قۇشلارمۇ شەپەرەڭنى ئۆز تويىغا قوشۇشنى رەت قىپتۇ.

③ شەپەرەڭنى يا قۇشلار، يا هايۋانلار ئارىغا ئالماپتۇ.

④ قۇشلار بىلەن هايۋانلار بىر - بىرىنى يېڭەلمەي، ئاخىرى ئۇرۇشنى توختىتىپتۇ.

## تېكىست

### شەپەرەڭ نېمە ئۈچۈن كېچىسىلا سىرتقا چىقىدۇ

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى قۇشلار بىلەن هايۋانلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ نېمە

ئۇچۇن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. شەپەرەڭ قايسى تەرەپكە ئۆتۈشنى بىلەلمەپتۇ. ئۇ ئويلا - ئويلا، ئاخىرى كىم كۈچلۈك چىقسا شۇ تەرەپتە تۇرۇشنى قارار قىپتۇ.

شەپەرەڭ بىرئاز كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قۇشلار غالىب كەلگەندەك كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ.

لېكىن، ئەھۋال تېزلا ئۆزگىرىپتۇ. ئەمدى ھايۋانلار غالىب كېلىدىغاندەك قىلىپتۇ. شەپەرەڭ قۇشلاردىن ئايرىلىپ ھايۋانلار تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

— سەن بىز تەرەپتە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ بىر ھايۋان.

— سەن پايلاقچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ — دەپتۇ يەنە بىر ھايۋان.

— بىلمەمسىلەر، مەنمۇ سىلەرنىڭ بىر خىلىڭلار، دەپتۇ شەپەرەڭ چىشىنى كۆرسىتىپ، — قاراڭلار، مېنىڭمۇ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش چىشىم بار.

— سەن كىمنى ئەخمەق قىلماقچى، — دەپتۇ ھايۋانلار، — بىز سېنى ھېلىلا قۇشلار تەرەپتە كۆرگەن تۇرساق!

شۇنداق قىلىپ، ھايۋانلارمۇ، قۇشلارمۇ ئۇنى ئۆز توپىغا قوشۇشنى رەت قىپتۇ.

قۇشلار بىلەن ھايۋانلار بىر - بىرىنى يېڭەلمەي، ئاخىرى ئۇرۇشنى توختىتىپ يارىشىپتۇ. شەپەرەڭنى يا قۇشلار، يا ھايۋانلار ئارىغا ئالماپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، شەپەرەڭ كۈندۈزى سىرتقا چىقىشتىن نومۇس قىلىپ،

پـەقەت كېچىسىلا سىرتقا چىقىدىغان بـولۇپ قالپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سۆھبەت

ئا: يۈرۈڭ! باغچىغا بېرىپ كېلەيلى.
ئە: قايسى باغچىغا بارىمىز؟
ئا: هايۋانات باغچىسىغا.
ئە: نېمىدېگەن تولا ئادەم بۇ.
ئا: يولۋاس بار يەرگە بارامدۇق؟
ئە: مەيلى، بارساق بارايلى.
ئا: ماۋۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى.
ئە: ئاۋۇ يەردە ئورۇندۇق بار ئىكەن، شۇ يەردە ئولتۇرايلى.
ئا: سىز شەپەرەڭنى كۆرگەنمۇ؟
ئە: كۆرگەن.
ئا: شەپەرەڭنىڭ نەرى قۇشقا ئوخشايدۇ؟
ئە: شەپەرەڭنىڭ قانىتى قۇشقا ئوخشايدۇ.
ئا: شەپەرەڭنىڭ نەرى هايۋانلارغا ئوخشايدۇ؟
ئە: شەپەرەڭنىڭ چىشى هايۋانلارغا ئوخشايدۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يا | (ب) | 或,或者,要么,要不 |
| ياراش- | (نېمە، كىم بىلەن) | 相称,合适,合身;和好,讲好 |
| يەڭ- | (نېمىنى) | 战胜,胜 |
| قوغلا- | (نېمىنى) | 追,追赶,驱逐 |
| ئۇچ- | (نەگە) | 飞,飞行,飞翔;挥发,蒸发 |

| | | |
|---|---|---|
| ۋارقىرا | (كىمگە) | 叫,喊,呼喊,大喊,大叫 |
| كەلگۈلۈك | (نېمە) | 不幸的遭遇 |
| ئۇزۇن | (س) | 长的,长远的,长久的 |
| ھېچكىم | (نېمە) | 谁都,无论谁,任何人,什么人 |
| قوش- | (نېمىنى) | 加,添上,增加,合并 |
| ئۇرۇش- | (كىم بىلەن) | 战争,打仗,打架 |
| نومۇس قىل- | (نېمىدىن) | 害羞,惭愧,不好意思 |
| ئوخشاش | (س) | 相同的,相似的,同等的,一样的 |
| ئويلا- | (نېمىنى) | 想,考虑;认为,以为 |
| ھايۋان | (ئى) | 动物 |
| ھېلى | (ر) | 刚才 |
| مۆكۈپ يۈر- | (نەدە) | 躲藏,隐藏 |
| كۈندۈز | (ئى) | 白天 |
| كېچە | (ئى) | 夜 |
| غالىب كەل- | (نېمىدىن) | 占上风,占优势 |
| خېلى | (ر) | 相当,颇,很,好 |
| سەۋەب | (ئى) | 原因 |
| سىرت | (ئى) | 外面,外 |
| زامان | (ئى) | 时代 |
| رەت قىل- | (نېمىنى) | 否决,拒绝 |
| شەپەرەڭ | (ئى) | 蝙蝠 |
| شۇنداق قىلىپ | (ب) | 就这样 |
| قارار قىل- | (نېمىنى) | 决定,作出决定 |
| قانات | (ئى) | 翼,翅膀;扇 |
| قوشۇل- | (نېمىگە) | 同意,赞成;参加,加入 |
| ئايرىل- | (نېمىدىن) | 离别,离开,脱离,分手;失去,丧失 |
| ئەخمەق قىل- | (كىمنى) | 愚弄 |
| ئەھۋال | (ئى) | 情况,状况 |

| | | |
|---|---|---|
| 一场 | (س ب) | بىر مەيدان |
| 从事侦探工作 | (س ب) | پايلاقچىلىق قىل- |
| 战斗,交战 | (نەدە) | جەڭ بول- |
| 齿,牙齿 | (ئى) | چىش |
| 簇用,围;容 | (كىمنى) | ئارىغا ئال- |
| 观察、观测 | (نېمىنى) | كۆزەت- |

〔词语用法说明〕

**دەپ**

دەپ 是动词 دە- 的副动词形式。

1. 表示"说","谈"的意思。如:

① ئۇ دەپ بولۇپلا كېتىپ قالدى. 说罢他就走了。

② ئۇ ئالىمغا «ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا كەلمە» دەپتۇ.
他对阿里木说:"明天起你不要来上班"。

2. 在句中用在动词祈使式与助动词 -قال ,-تۇر 之间,构成复合谓语,表示行为动作即将进行或完成。如:

① كىنو باشلىناي دەپ قاپتۇ. (قالدى)
电影快要开演了。

② ۋاقىت توشاي دەپ قاپتۇ. (قالدى) 时间就要快了。

③ بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولاي دەپ قالدىم.
这本书,我快要读完了。

④ ئۆزەم ئالدىڭىزغا باراي دەپ تۇراتتىم.
我正要亲自找你去。

3. 在句中用在名词、代词或动词将来时和祈使式之后,表示目的。如:

① بىز بۇ يەرگە ئوقۇيمىز دەپ كەلدۇق.
我们是为了读书而来到这里的。

② مەن بۇ كىيىملەرنى سىزنى كىيسۇن دەپ سېتىۋالدىم.
这些衣服是我专门为你买的。

ئۇ سىزدىن رۇخسەت سورايمەن دەپ كەپتۇ. ③
他是来向你请假的。

بىز ئۇنى چاقىرايلى دەپ بارغانىدۇق. ④
我们是为了邀请他而去的。

ئۇ سىزنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ⑤ 他是为您着想。

ئۇ شۇ ئىشنى دەپ ئۇياق - بۇياق يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ. ⑥
他为这事往返奔走。

4. 以 «ئويلا-, ئاتا-, ھېسابلا-» 等词结尾的句子里，跟这些词一起构成复合谓语。如：

مەن ئۇنى ماڭا يامانلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمايمەن. ①
我不认为他伤害我。

كىشىلەر تۇرپاننى ئوت يۇرتى دەپ ئاتايدۇ. ②
人们把吐鲁番称为火洲。

مەن ئۇنى سىرداش دوستۇم دەپ ھېسابلاپ كەلدىم. ③
我一直认为他是我的知心朋友。

5. 用在引语后，起连接作用并在句子中和前面的引语共同充当句子的状语，汉语里一般用使令性动词“叫、让、使”来表达。如：

دادام مېنى بازاردىن گۆش ئەكەل دەپ بۇيرۇدى. ①
父亲叫我上街去买肉。

ئانام ناننى ئۇشتۇپ، يەڭلار دەپ بىزگە بەردى. ②
母亲把馕掰开叫我们吃。

ئۇ ئانىسىغا مودېل بولسام دەپ يالۋۇردى. ③
她央求母亲让她去当模特儿。

6. 在句子中常附着在并列的几项名词或词组之后，不表具体含义，只对动词所陈述的各项起归纳的作用。如：

بىر يىل ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش دەپ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ.
一年分为春、夏、秋、冬四个季节。

〔语法要点〕

## پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى

### 一. 动词过去时间接陈述式

过去时间接陈述式表示说话者用间接知道的语气（即根据某种结果、迹象或别人的话语才知道的语气）来陈述已经发生的动作。

过去时间接陈述式的肯定式由 پ 副动词结合以下人称附加成分构成：

| 人称 \ 数 | | 单数 | 复数 |
|---|---|---|---|
| 第一人称 | | -تىمەن | -تىمىز |
| 第二人称 | 普称 | -سەن | -سىلەر |
| | 尊称 | -سىز | |
| 第三人称 | | تۇ | |

我写了　　تىمەن = يېزىپتىمەن

我们写了　　تىمىز = يېزىپتىمىز

你写了　　سەن = يېزىپسەن

您写了　　يېزىپ + سىز = يېزىپسىز

你们写了　　سىلەر = يېزىپسىلەر

他写了（他们写了）　　تۇ = يېزىپتۇ

我读了　　تىمەن = ئوقۇپتىمەن

我们读了　　تىمىز = ئوقۇپتىمىز

你读了 سەن = ئوقۇپسەن

您读了 ئوقۇپ + سىز = ئوقۇپسىز

你们读了 سىلەر = ئوقۇپسىلەر

他读了(他们读了) تۇ = ئوقۇپتۇ

否定形式是在动词词干上先加否定词尾 ما- // مە- ，再附加 پ 最后附加上述动词人称附加成份构成。如：

我没有看见。 كۆر + مە + پ + تىمەن = كۆرمەپتىمەن.

我们没有看见。 كۆر + مە + پ + تىمىز = كۆرمەپتىمىز.

你没有看见。 كۆر + مە + پ + سەن = كۆرمەپسەن.

您没有看见。 كۆر + مە + پ + سىز = كۆرمەپسىز.

你们没有看见。 كۆر + مە + پ + سىلەر = كۆرمەپسىلەر.

他(他们)没有看见。 كۆر + مە + پ + تۇ = كۆرمەپتۇ.

我没有开始。 باشلا + ما + پ + تىمەن = باشلىماپتىمەن.

您没有开始 باشلا + ما + پ + سىز = باشلىماپسىز.

他(他们)没有开始。 باشلا + ما + پ + تۇ = باشلىماپتۇ.

它的疑问形式是在动词过去时间接陈述后附加疑问语气词مۇ 构成。如：

يېزىپتىمەن + مۇ = يېزىپتىمەنمۇ

يېزىپسىز + مۇ = يېزىپسىزمۇ

يېزىپتۇ + مۇ = يېزىپتىمۇ

يازماپتىمىز + مۇ = يازماپتىمىزمۇ

يازماپسەن + مۇ = يازماپسەنمۇ

ئوقۇپسىز + مۇ = ئوقۇپسىزمۇ

ئوقۇماپسىز + مۇ = ئوقۇماپسىزمۇ

① بۈگۈنكى يىغىن سائەت ئۈچتە تۈگەپتۇ.

今天的会议三点钟结束了。

② تۈنۈگۈن كەچتە يامغۇر يېغىپتۇ.
昨晚下雨了。

③ بۈگۈن كىتاب ئەكىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
今天我忘了把书拿来。

④ ئاپىڭىزنى بۇنچىلىك قېرى دەپ ئويلىماپتىمەن.
我没有想到你母亲这么老。

⑤ ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە قوبۇل قىلىنىپتۇ.
他被新疆大学录取了。

## 二、附加成分 نىڭكى 及其用法

带有属格词尾 نىڭ 的词后还可以附加词尾 كى-(نىڭ+كى = نىڭكى)。如：

مېنىڭ // مېنىڭكى
ئۆيىنىڭ // ئۆيىنىڭكى
قەيسەرنىڭ // قەيسەرنىڭكى
سىزنىڭ // سىزنىڭكى

在语言环境清楚的情况下，带有 نىڭ 或 نىڭكى 的词往往可以带替它后面所修饰的名词。如：

قاسىمنىڭ قەلىمى ياخشى.
① مېنىڭ قەلىمىم ياخشى ئەمەس، قاسىمنىڭ ياخشى.
قاسىمنىڭكى ياخشى.
我的笔不好，哈斯木的笔好。

② غەيرەتنىڭ لۇغىتىنى ئال، گۈلنۇرنىڭ لۇغىتىنى ئالما.
غەيرەتنىڭ لۇغىتىنى ئال، گۈلنۇرنىڭكىنى ئالما.
你拿海拉提的词典，不要拿古丽努尔的词典。

③ كىمنىڭ چايدىنىدا چاي بار؟
谁的暖壶里有水？
— مېنىڭكىدە بار (مېنىڭ چايدىنىمدا بار).
我的暖壶里有。

④ ئەتە بىز ئەخمەتنىڭكىگە بارىمىز (ئەتە بىز ئەخمەتنىڭ

ئۆيىگە بارىمىز).

明天我们到艾合买提那儿去。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| كىيىم ياراشماق | ئىككىسى يارىشىپ قالماق |
| ۋارقىراپ سۆزلىمەك | ۋارقىرىغان ئاۋاز |
| ئوخشاش ئەھۋال | ئەھۋالى يامان |
| ئۇزۇن ۋاقىت | ئۇزۇن كېچە |
| ئۇزۇن قولاق | ئۇزۇن ئولتۇرماق |
| ئۇزۇنغا يۈگۈرمەك | ئۇزۇندىن بۇيان |
| پىكىرنى رەت قىلماق | تەلەپنى رەت قىلماق |
| يۇرتتىن ئايرىلماق | ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلماق |
| نومۇس قىلىشنى بىلمەسلىك | باشقىلاردىن نومۇس قىلىش |
| ھېچ ئىشنى بىلمەسلىك | توپ ئويناشنى بىلمەسلىك |
| ھازىرقى زامان | بىر زامانلاردا |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| قارار | تىلىمەك |
| ئوخشاش | دۇنيا |
| ئاق يول | قوشۇلماق |
| پەس | زامان |
| ھايۋانات | ئاغرىماق |
| يېڭى | ئۇچماق |
| ئۇزۇن | ئەھۋال |
| چىش | ۋاقىت |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
uyghurkitap.com

پىكىر　　　　　　　　　　تۇرماق

ئۇزۇن　　　　　　　　　　رەت قىلماق

4. 把下列动词变成动词过去时间接陈述式。

ئارىغا ئال-　　　　ئايرىل-　　　　قارار قىل-

ۋارقىرا-　　　　ئويلا-　　　　ئۇرۇش-

يەڭ-　　　　ئۇچ-　　　　كۆزەت-

5. 用下列动词各造一个带过去时间接陈述式的句子。

قوشۇل-　　　　تۇر-　　　　ئوينا-

ۋارقىرا-　　　　ئايرىل-　　　　رەت قىل-

ئويلا-　　　　قارار قىل-

6. 模仿重点句子进行造句练习。

7. 把下列句子译成维文。

①动物园离我们学校很近。

②从此，我俩再也没有打过架。

③现在，我们和好了。

④我看了一场足球赛。

⑤孩子离不开母亲。

⑥你知道吗？ 他想愚弄我。

⑦您自己说吧。

⑧他的情况非常严重。

8. 用适当的附加成分填空。

① بۇ مەن ________ خېتىم.

② مەن ________ ئۇنداق قەلەم يوق.

③ بۇ ئىككى كىتاب ئوخشاش ________ قىلىدۇ.

④ ئەكەل، بۇ نەرسە مەن ________ .

⑤ سەن ________ بار پۇل مەندىمۇ بار.

⑥ ئۇ پىكرىم ________ رەت قىلىۋەتتى.

⑦ ئىنىم مەن ________ ئەقىللىق ئەمەس.

⑧ ئۇنىڭ چىچى مەن________دىن ئۇزۇن.

9. 回答问题。

① قۇشلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا نېمە بوپتۇ؟

② دەسلەپتە شەپەرەڭ قايسى تەرەپتە تۇرماقچى بوپتۇ ۋە ئاۋۋال قايسى تەرەپكە قوشۇلۇپتۇ؟

③ كېيىن شەپەرەڭ يەنە قايسى تەرەپكە ئۆتۈپتۇ؟

④ كېيىن قانداق بوپتۇ؟

10. 背会对话,进行提问。

11. 句型练习。

| | |
|---|---|
| 1. شۇنداق قىلىپ | بىز ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالدۇق. |
| | ئۇلارمۇ دوست بولۇشۇپ قالدى. |
| | ئىككىمىز يارىشىپ قالدۇق. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بۇ ئىشقا | | قوشۇلىسەن | | قوشۇلمايسەن. |
| 2. مەن | يا | بارىمەن | يا | بارمايمەن. |
| ئۇ | | كېلىدۇ | | كەلمەيدۇ. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | نېمە دېسە | | شۇنى دەيدۇ. |
| 3. كىم | نېمە قىلسا | ئۇ | شۇنى قىلىدۇ. |
| | نەگە بارسا | | شۇ يەرگە بارىدۇ. |
| | نېمىنى ئالسا | | شۇنى ئالىدۇ. |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇزىنچى دەرس

| |
|---|
| ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا. |
| 隐瞒了疾病，死亡会暴露。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر　重点句子

① ئۇلار قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ ئاندىن يولغا راۋان بولماقچى بوپتۇ.

② سىلىدىن ئاشسا بىز يەيلى، ئاشمىسا مەيلى.

③ يولۋاس ئارام ئېلىپ قاپتۇ، بۆرە بىلەن تۈلكە ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ.

## تېكىست

### تۈلكىنىڭ تەقسىماتى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس، بۆرە، تۈلكە ئۈچى بىر بولۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ھېرىپ، قورسىقى ئېچىپ

هالى قالماپتۇ. بىر تاغ باغرىدا ئارام ئالماقچى بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، ئاندىن يولىغا راۋان بولماقچى بولۇپتۇ. يولۋاس ئارام ئېلىپ قاپتۇ، بۆرە بىلەن تۈلكە ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككىسى بىر هازادىن كېيىن مىلىق تەسلىكتە بىر كېيىك، بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل ئوۋلاپ كەپتۇ. ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. يولۋاس:

— بۇ نەرسىلەرنى سەن تەقسىم قىل! — دەپتۇ بۆرىگە.

— ماقۇل، — دەپ تەقسىم قىلىشقا باشلاپتۇ بۆرە، — تەقسىر، ئۆزلىرى چوڭ بولغاندىكىن كېيىكنى يېسىلە، قىرغاۋۇلنى مەن يەي، ئىنىمىز تۈلكە ئۆز هالىغا قاراپ توشقاننى يېسۇن.

بۇ تەقسىماتنى ئاڭلىغان يولۋاس دەرغەزەپ بولۇپ، بۆرىنى بىرنى ئۇرۇپتىكەن، بۆرىنىڭ بىر كۆزى چاچراپ چىقىپ كېتىپتۇ. يولۋاس تۈلكىگە قاراپ:

— سەن تەقسىم قىل! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

— خوپ تەقسىر، — دەپ تەقسىماتقا كىرىشىپتۇ تۈلكە، — توشقان جانابلىرىنىڭ ناشتىلىقى بولسۇن، قىرغاۋۇل جانابلىرىنىڭ چۈشلۈكلىرى بولسۇن، كېيىك جانابلىرىنىڭ كەچلىكلىرى بولسۇن. سىلىدىن ئاشسا بىز يەيلى، ئاشمىسا، مەيلى.

تۈلكىنىڭ تەقسىماتى يولۋاسقا بەك يېقىپ كېتىپتۇ ـ دە، تۈلكىدىن:

— سەن مۇنداق ئادىل تەقسىماتنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، تۈلكە ئالدىرىماي:

— بۇرادىرىم بۆرىنىڭ چاچراپ چىققان كۆزىدىن ئۆگەندىم،

تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## سۆھبەت

ئا: چۈش بولاي دەپ قاپتۇ. بىردەم ئارام ئالايلى.
ئە: قورسىقىم ئېچىپ ھالىم قالمىدى.
ئا: — ئۇنداق بولسا قورسىقىمىزنى تويغۇزۇۋېلىپ ئاندىن ماڭايلى.
ئە: — بولىدۇ ئەمىسە، شۇنداق قىلايلى.
ئا: — سەن نېمە يەيسەن؟
ئە: — مەن پولۇ يەي. سەنچۇ؟
ئا: — مەن لەغمەن يەيمەن.
ئە: — ئۇستام بىزگە بىر قاچا پولۇ، بىر قاچا لەغمەن بېرىڭ.
ئا: — مانا ھازىر.
ئە: — پولۇ بىلەن لەغمەننىڭ پۇلى قانچە بولىدۇ؟
ئا: — جەمئىي ئون كوي بەش مو.
ئە: — لەغمەن نەچچە پۇل؟
ئا: — لەغمەن بەش يېرىم كوي.
ئا: — قورسىقىڭلار تويدىمۇ؟
ئە: — تويدى. ئېشىڭىزمۇ ئوبدان ئوخشاپتۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يولۋاس | (ئى) | 老虎 |
| يولىغا راۋان بول- | (س ب) | 走自己的路 |
| سەپەر | (ئى) | 旅行 |

| | | |
|---|---|---|
| ئۇر- | (نېمىنى) | 打,揍,击,拍;敲,碰撞 |
| ناشتىلىق | (ئى) | 早点,早饭 |
| ئوۋ ئوۋلا- | (نېمىنى) | 打猎 |
| هار- | (قانداق) | 累,劳累 |
| هال | (ئى) | 情况,状况,处境 |
| هالى قالماسلىق | (س ب) | 精疲力尽;境况不佳 |
| چاچراپ چىق- | (س ب) | 跳起,跃起,溅出,泛起,挺身而出 |
| ئاچ- | (نېمىنى) | 开,举办,开采,解开,打开;饿 |
| كىرىش- | (نېمىگە) | 进;着手,开始作,投入 |
| كېيىك | (ئى) | 黄羊 |
| دەرغەزەپ بول- | (س ب) | 愤怒,怒气冲冲 |
| خوپ | (ئىم) | 好吧,是 |
| قىرغاۋۇل | (ئى) | 雉,野鸡 |
| ئاش- | (كىمدىن، نېمىدىن) | 剩余;增长,增加;超过 |
| ئالاھازەل | (ر) | 大约,大概,约莫 |
| ئالدىرا- | (نېمىگە) | 忙,急忙,匆忙,着急 |
| بۇرادەر | (ئى) | 老兄,兄弟 |
| بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا | (س ب) | 很久以前 |
| بۇيرۇ- | (كىمنى، كىمگە) | 命令,吩咐,叫;派 |
| بۆرە | (ئى) | 狼 |
| بىر هازا | (س ب) | 一会儿,一阵子 |
| تاغ باغرى | (س ب) | 山坡 |
| تەسلىك | (ئى) | 难度,困难 |
| تەقسىر | (ئى) | 先生,阁下 |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 分配 | (ئى) | تەقسىمات |
| 兔子 | (ئى) | توشقان |
| 饱,吃饱;够,足;厌烦 | (كىمدىن، نېمىگە) | تويـ- |
| 狐狸;狡猾的 | (ئى) | تۈلكە |
| 阁下,殿下,陛下,先生 | (ئى) | جاناب |
| 公道的,公平的,公正的;阿迪力(男名) | (س) | ئادىل |
| 休息 | (نەدە) | ئارام ئال- |
| 自己 | (ئا) | ئۆز |
| 您 | (ئا) | سىلى |

〔词语用法说明〕

**دە (语气词)**

1. 用在句末,表示说话者的惊讶、赞叹、肯定等语气。如:

① ئاپلا، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ـ دە!

哎呀! 我把这事给忘了!

② يەر قاتتىق تەۋرىسە، ئۆي ئۆرۈلىدۇ ـ دە!

若有大地震,房屋会倒塌。

③ كىم ئىكەن دېسەم، سەن ئىكەنسەن ـ دە!

我以为是谁,原来是你呀。

2. 给句子加上疑问语气。如:

① ئالىممۇ كەپتۇ ـ دە! 阿里木也来了?

② بۇ كىتابتىن سىزمۇ بىرنى ئېلىپسىز ـ دە!

这本书你也买了一本?

3. 用在复句中的前一个分句末起连接作用。表示紧接着发生的动作。如:

① ئۇ ئاتىسىنى كۆردى ـ دە، خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

他一见他父亲,就高兴地不知说什么。

② مۇئەللىم دەرستىن چۈشتى - دە، ئۇدۇل ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.
老师一下课,就径直进了办公室。
③ ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، يۈز يۇغىلى كەتتى.
他起床,就去洗脸。

〔语法要点〕

一.敬称 هۆرمەت تۈرى

名词和动词的人称形式中第二人称有普称和尊称的区别外,还有敬称的区别。

第二人称敬称和尊称意义上都是表示尊称,但前者比后者更客气。

名词和动词的第二人称敬称词尾如下:

| | |
|---|---|
| 名词,代词 | -لىرى |
| 动词祈使式和条件式 | -سىلا // -سىلە |
| 动词陈述式 | -دىلا، -تىلا، -ىدىلا، -ىلا، -تىلا، -يدىلا، -يلا |

| | | |
|---|---|---|
| 您 | ئۆز + لىرى = ئۆزلىرى | سىلى 您 |
| 您的书 | كىتاب + لىرى = كىتابلىرى | |
| 您的父亲 | دادا + لىرى = دادىلىرى | |
| 请您读 | ئوقۇ + سىلا = ئوقۇسىلا | |
| 您写了(过去直接陈述式) | ياز + دىلا = يازدىلا | |
| 您写了(过去间接陈述式) | يېزىپ + تىلا = يېزىپتىلا | |
| 您写(过去时) | ياز + ىدىلا = يازىدىلا | |
| 您写(将来时) | ياز + ىلا = يازىلا | |
| 您(经多次)写过(反复过去时) | يازات + تىلا = يازاتتىلا | |
| 您在写(现在时) | يېزىۋات + ىدىلا = يېزىۋاتىدىلا | |
| 您读(将来时) | ئوقۇ + يدىلا = ئوقۇيدىلا | |
| 您读(将来时) | ئوقۇ + يلا = ئوقۇيلا | |

① يۇرسىلە ئۆيگە باشلاي.　　请，请进屋。
② يوقاپ كەتمىسىلە جومۇ، كېلىپ تۇرسىلا.　　您可别不照面，要常来呀！
③ بۇ سىلىنىڭ كىتابلىرىمۇ؟　　这是您的书吗？
④ ئۆزلىرى ئالدىدا ئالسىلا.　　您先拿

**二. 表示月份的专门名词**

维吾尔语的月份除用顺序数词结合 ئاي 表示外，还可用专门的名词表示。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| يانۋار | 一月 | ئىيۇل | 七月 |
| فېۋرال | 二月 | ئاۋغۇست | 八月 |
| مارت | 三月 | سېنتەبىر | 九月 |
| ئاپرېل | 四月 | ئۆكتەبىر | 十月 |
| ماي | 五月 | نويابىر | 十一月 |
| ئىيۇن | 六月 | دېكابىر | 十二月 |

1 - ئۆكتەبىر (10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)

1994 - يىل 1 - ئاۋغۇست (1994 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| ئادەم ئۇرماق | قاتتىق ئۇرماق |
| ئىشىكنى ئۇرماق | ئوقۇشقا كىرمەك |
| ئىتتىپاقلا كىرمەك | قىش كىرمەك |
| ئۆيگە كىرمەك | ئەللىك ياشتىن ئاشماق |
| ئىشقا ئالدىرىماق | ئالدىراپ ماڭماق |
| ئالدىرىغان يولدا قالار | خىزمەت ئالدىراش |
| ئالدىرىماي سۆزلىمەك | تويغۇچە يېمەك |
| دۇنيادىن تويماق | تاماققا تويماق |

ئادىل ئادەم ئادىل تەقسىمات

3. 把下列两组词搭配成词组并译成汉文.

| | |
|---|---|
| ياخشى | يېمەك |
| ئىش | يىل |
| سەپەر | ئارام ئال |
| كۆز | بۇيرۇماق |
| ئوۋ | چىقماق |
| بىر هازا | گۆش |
| ناشتىلىق | كۈتمەك |
| كېيىك | ئويلانماق |
| توشقان | ئوۋلىماق |
| تەقسىمات | چاچراپ چىقماق |

4. 给下列名词和动词加第二人称敬称词尾

بار- ، كەل- ، ئولتۇر- ، ئانا

مۇئەللىم، بوۋا، ئۆز، ئۇخلا-

يۇرت، سالامەتلىك

5. 用下列词造句。

هار- ، هالى قالماسلىق، بىل-

ئاچ- ، ئارام ئال- ، ناشتىلىق

توي- ، ئوخشاش

6. 模仿重点句子进行造句练习。

7. 把下列句子译成维文。

①小时候,他经常打我。

②来,来,进屋吧!

③我不该那样说。

④他来过,但是我不在宿舍。

⑤快中午了,咱们去吃饭吧!

⑥好不容易来了一封信。

⑦您先吃吧!

⑧您的维吾尔语说得这么好。

8. 问答问题。

① يولۋاس، بۆرە، تۈلكە ئۈچى نەگە چىقىپتۇ؟
② ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچقاندىن كېيىن قانداق قىپتۇ
③ ئۇلار نىمە ئوۋلاپ كەپتۇ؟
④ بۆرە قانداق تەقسىم قىپتۇ؟
⑤ تەقسىماتنى ئاڭلىغان يولۋاس قانداق قىپتۇ؟
⑥ تۈلكە قانداق تەقسىم قىپتۇ؟
⑦ تۈلكە بۇنداق ئادىل تەقسىماتنى نەدىن ئۆگەنگەن؟

9. 背会对话，互相提问。

10. 句型练习。

1.
① ئۇلار دەرسلەرنى تەكرار قىلىپ بولۇپ، ئاندىن كىنو كۆرمەكچى بوپتۇ.
② ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولۇپ ئاندىن بازارغا بارماقچى بولدى.
③ مەن تاماقنى يەپ بولۇپ ئاندىن ياتاققا قايتتىم.
④ مەن مۇنچىغا بېرىپ ئاندىن ساتىراشخانىغا كىردىم.

2.
① سەندىن قالسا مەن ئالاي، قالمىسا مەيلى.
② بىلەت بولسا كۆرەي، بولمىسا مەيلى.
③ ۋاقتىڭ بولسا كۆرۈشەيلى، بولمىسا كۆرۈشمەيلى. (مەيلى)
④ پۇلۇڭ بولسا ئالايلى، بولمىسا ئالمايلى. (مەيلى)
⑤ ئۇ كەلسە كەلسۇن، كەلمىسە مەيلى.
⑥ ئۇ ئوقۇسا ئوقۇسۇن، ئوقۇمىسا مەيلى.

# ئوتتۇز بىرىنچى دەرس

| |
|---|
| ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا. |
| 自己惹祸,还到哪儿去告状。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① يەر شارىغا كەلگەن خەۋپ — ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا كەلگەن خەۋپ.

② كىشىلەر كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىت مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە.

③ ئورمانلارنىڭ نابۇت بولۇشىنى بىر تەرەپتىن، تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنىڭ ئورماننى قالايمىقان كېسىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## تېكىست

### يەر شارى «ياش تۆكمەكتە»

يەر شارى «ياش تۆكۈۋاتىدۇ». نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى يەر شارى خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە. يەر شارىغا كەلگەن خەۋپ —

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا كەلگەن خەۋپ. كىشىلەر ھېچقاچان ھازىرقىدەك ساپ ھاۋاغا، پاكىز سۇ مەنبەسىگە تەشنا بولۇپ باقمىغان. پۈتكۈل يەر شارىدىكى كىشىلەر كۈندىن ــ كۈنگە مۇھىت مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە. XX ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، دۇنيا يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، مۇھىت تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ، يەر شارىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقىغا خەۋپ پەيدا قىلماقتا.

ئىنسانلار ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەر يەنە ئۆزلىرى ياشايدىغان مۇھىتقا سەل قارىدى. يەر شارى ھازىر مۇنداق بەش جەھەتتە تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە:

1. ھاۋا كىلىماتىنىڭ نورمالسىزلىقى. سانائەت، قاتناش قورallىرى، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل يېقىلغۇلار ھەر ۋاقىت كېرەكسىز گاز چىقىرىپ، يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى بۇزماقتا.

2. دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ بۇلغىنىشى. يەر شارى بويىچە سانائەتتىن چىققان زىيانلىق، كېرەكسىز سۇ، كېرەكسىز نەرسىلەر، يادرو كېرەكسىز ماددىلىرى زور مىقداردا دېڭىز ئوكيانلارغا ئاققۇزۇلۇپ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

3. پۈتۈن يەر شارى ئاتموسفېراسىنىڭ بۇلغىنىشى. ھاۋا كىلىماتىدىكى نورمالسىزلىق — ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە.

4. ئورمانلارنىڭ نابۇت بولۇشى. ئورمانلارنىڭ نابۇت بولۇشىنى بىر تەرەپتىن، تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنىڭ ئورماننى قالايمىقان كېسىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئورمانلارنىڭ نابۇت قىلىنىشى يەر شارىدىكى ھاياتلىق ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت.

5. نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى. ھازىر دۇنيا نوپۇسى تېز گېنىلىگىلى بولمايدىغان سۈرئەت بىلەن كۆپەيمەكتە. نۇرغۇن ئادەم يېمەكلىك ۋە ئولتۇراق ئۆي تەلەپ قىلماقتا. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى يەر شارىنىڭ بەرداشلىق بېرىش چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.

## سۆھبەت

ئا: سىز رېشىتنى تونۇمسىز؟
ئە: تونۇيمەن.
ئا: ئېغىر كۆرمەي چاقىرىۋەتسىڭىز.
ئە: رېشىت، سىزنى بىرى چاقىرىۋاتىدۇ.
ئا: ياخشىمۇ سىز، مەن ئوسمان بولىمەن.
ئە: نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟
ئا: سىزنى ئازراق بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنىدىم.
ئە: بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟
ئا: بۇ كىشى ياسىن بولىدۇ.
ئە: بۇ كىشى سىزنىڭ خىزمەتدىشىڭىزمۇ؟
ئا: ياق، بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم.
ئە: سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىنتايىن خۇشالمەن.
ئا: ۋاقتىڭىز بولسا ئۆيلەرگە بېرىپ تۇرۇڭ.
ئە: بولىدۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ياش تۆك- | (س ب) | 流泪 |
| يەر شارى | (ئى) | 地球 |
| خەۋپ | (ئى) | 危险 |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| دۇچ كەل- | (پېئىل) | 遇到，碰到，遭到 |
| ھېچقاچان | (ئا) | 从来，历来，素来，一向 |
| ئىنسان | (ئى) | 人类 |
| ھايات | (ئى) | 生命，性命；生活，生涯，活着，健在 |
| تەشنا بول- | (پېئىل) | 渴，口渴；渴望，渴求，渴慕 |
| پۈتكۈل | (س) | 全的，全部的，整个的 |
| ئەسىر | (ئى) | 世纪；俘虏 |
| ئارقىلىق | (تىر) | 通过，经过 |
| قەدەم قوي- | (پېئىل) | 进入，迈进 |
| بۇلغا- | (پېئىل) | 弄污，弄脏，污染；败坏 |
| تەرەققىي قىل- | (پېئىل) | 发展；发达 |
| پەيدا قىل- | (پېئىل) | 使发生，引起，惹起，制造，挑起 |
| ئەقىل - پاراسەت | (ئى) | 聪明才智，智慧，智谋 |
| ئىلگىرى سۈر- | (پېئىل) | 推动，推进，促进 |
| سەل قارا- | (پېئىل) | 忽视，小看 |
| تەھدىت | (ئى) | 威慑，威胁，威吓，恫吓 |
| كېرەكسىز | (س) | 无用的，作废的 |
| گاز | (ئى) | 气，气体，瓦斯 |
| ئېكولوگىيىلىك | (س) | 生态 |
| بۇز- | (پېئىل) | 拆，拆毁；破坏，弄坏，损坏 |
| دېڭىز - ئوكيان | (ئى) | 海洋 |
| زىيانلىق | (س) | 有害的；亏本的，赔本的 |
| يادرو | (ئى) | （物）核，核子 |
| ماددا | (ئى) | 物质；条，条文，条款 |
| ئاق- | (پېئىل) | 流 |
| جانلىقلار | (ئى) | 生物，有生命的 |
| مەۋجۇت بول- | (پېئىلدە، پېئىل) | 存在 |
| ئاتموسفېرا | (ئى) | （物）大气 |

| | | |
|---|---|---|
| 毁灭,毁坏;死亡 | (نېمە) | نابۇت بول- |
| 灾,灾难,祸患 | (ئى) | ئاپەت |
| 控制,牵制;操纵;治理 | (نېمىنى) | تىزگىنلە- |
| 经受,忍受;坚持 | (نېمىگە) | بەرداشلىق بەر- |
| 过量,过分,过头 | (نېمىدە، نېمە) | چېكىدىن ئاش- |
| 生死,你死我活 | (ئى) | ھايات - مامات |

〔词语用法说明〕

## ئارقىلىق

ئارقىلىق 是后置词,它与名词或代词连用,表示实现行为活动的媒介、手段、途径,相当于汉语里的介词"通过、经过、用"或"借助"等意。例如:

① ئۇلار تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشتى.

他们通过翻译进行了交谈。

② تېلېفون ئارقىلىق ھەممىسىگە خەۋەر قىلىندى.

通过电话通知了所有的人。

③ بىز ئىچكى موڭغۇل ئارقىلىق كېلىدىغان ئايروپىلانغا چۈشتۇق.

我们乘坐经过内蒙古的那趟班机。

① مەن سەن ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان.

我是通过你认识她的。

⑤ يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشىماق.

以农村包围城市。

〔语法要点〕

一、动词现在时直接陈述式(二)

## پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان ۋاستىسىز خەۋەر رايى

动词现在时直接陈述式(二)的意义与现在时直接陈述式(一)相同(参看第十六课),但多用于书面语。如:

مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلماقتا.

我国城乡正在进行改革。

现在时直接陈述式(二)由ماق 动名词结合位格附加成分 -تا -تە 再结合动词人称词尾(第三人称不用)构成。如：

我正在写　　يازماق + تا + مەن = يازماقتىمەن.

我们正在读　　ئوقۇماق + تا + مىز = ئوقۇماقتىمىز.

كۆرمەك + تە + سىلەر = كۆرمەكتىسىلەر.

你们正在看

他(他们)正在说　　سۆزلىمەك + تە = سۆزلىمەكتە

这种现在时直接陈述式没有否定形式和疑问形式。如：

① ئۇلار ھازىر جىددىي يىغىن ئاچماقتا.

他们现在正在召开紧急会议。

② كۈزلۈك زىرائەتلەر ياخشى ئۆسمەكتە.

秋季作物生长良好。

我正在读书。　　③ مەن كىتاب ئوقۇماقتىمەن.

## 二、语气词　　يۈكلىمە

用在词、词组、句子后或句首赋于词或句子以各种语气的词叫语气词，语气词不能单独使用，不发生形态变化。有些语气词同附加成分一样和它前面的词连写或使用连续符号隔开，有些语气词仅仅表示一种意义色彩，有些语气词在不同的语境中则可以表示不同的意义色彩。

常用的语气词有：

دۇ (تۇ)، چۇ، مۇ، جۇمۇ، يۇ، زە، ئا (ئە)، لا، دە، غۇ (قۇ)، ئەمىسە، مەيلى

① سىز بۈگۈنكى گېزىتنى كۆردىڭىزمۇ؟

你看了今天的报纸吗？（疑问）

我读了，你呢？（疑问）　　② مەن ئوقۇدۇم، سەنچۇ؟

哈斯木来了吧！（疑问）　　③ قاسىم كەلگەندۇ؟

④ بۇ يىل ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى راسا ئوخشاپتۇ ـ دە.

今年阿图什的无花果可真好哇。（赞誉）

只剩下一天了。（强调）　　⑤ بىرلا كۈن قالدى.

⑥ سەن يېتىپ بېرىپلا خەت يازغىن.

你一到(目的地)就写信吧。(限制)

⑦ ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن. 那么,就这样吧。(商量)

⑧ پۇلنى چۈشۈرۈپ قويما جۇمۇ. 别把钱丢了。(提醒)

⑨ مەيلى، مەن باراي. 好吧,我去。(同意)

⑩ بۇ كىشى سىنىڭ ئاكاڭغۇ؟

这个人是你哥哥呀?(无疑而问)

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| خەۋپكە دۇچ كەلمەك | قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەك |
| كىشىلىك هايات | يېڭى هايات |
| هاياتىي كۈچ | هايات كەچۈرمەك |
| هاياتىدىن ئايرىلماق | هايات قالماق |
| تەبىئىي ئاپەت | ئوت ئاپىتى |
| سۇ ئاپىتى | ئاپەت يۈز بەرمەك |
| تاماق سىڭمەك | سۇ يەرگە سىڭمەك |
| سائەتنى بۇزماق | قۇلۇپنى بۇزماق |
| ئاغزىنى بۇزماق | مۇناسىۋەتنى بۇزماق |
| ئىنتىزامنى بۇزماق | قائىدىنى بۇزماق |
| نوپۇسنى تىزگىنلىمەك | قۇمنى تىزگىنلىمەك |

3. 把下列两组词搭配成词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| تەھدىت | بىرىنچى |
| كېرەكسىز | بۇلغانماق |
| سالامەتلىك | سالماق |
| بىخەتەرلىك | ئاپەت |
| مۇھىت | نەرسە |

| | |
|---|---|
| مەسىلە | سەل قارىماق |
| چوڭ | بەرداشلىق بەرمەك |
| قىيىنچىلىق | زىيانلىق |
| پۈتكۈل | ئەسىر |
| يېڭى | ئىنسان |
| سۇ | تەشنا بولماق |
| يېڭى تۇرمۇش | بۇزماق |
| كەيپىيات | قەدەم قويماق |
| تېز | تەرەققىي قىلماق |

4. 把下列动词变成直陈现在持续式(二)的各人称单、复数形式。

بار-　　　ئىزدە-　　　ئويلا-

ئالغا باس-　　　تۇر-　　　چاقىر-

5. 用下列动词造动词现在时直接陈述式的句子。

ئالاقە قىل -　　ياخشى بول -　　ئالغا باس -

تەشنا بول -　　بەرداشلىق بەر -　　تېزگىنلە -

6. 模仿重点句子,进行造句练习。

7. 把下列句子译成维文。

①她不是你朋友吗?

②只有你一个人知道。

③人人都在向往着新生活。

④物价正在涨。

⑤过马路要注意。

⑥你先来,然后咱们一起去。

⑦她一边说着,一边哭着。

⑧这关系到我的一生。

8. 回答问题。

① يەر شارى نېمە ئۈچۈن «ياش تۆكۈۋاتىدۇ»؟

② ھازىر يەر شارى قايسى جەھەتلەردىن خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ؟ ئايرىم - ئايرىم سۆزلەپ بېرىڭ.

9. 背会对话，互相提问。

10. 句型练习。

1.
① ئۇلار ۋەتەننى كۈيلەپ ناخشا ئېيتماقتا.
② خەلقىمىز كۈندىن - كۈنگە بېيىماقتا.
③ ھەر مىللەت خەلقى بەختلىك ياشىماقتا.

2.
① ئۇ بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن خاتىرە يېزىپ ماڭاتتى.
② ئۇ بىر تەرەپتىن ماقالە يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىمە قىلاتتى.
③ ئۇ بىر تەرەپتىن يىغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئىككىنچى دەرس

بېرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول.
与其给了不讨好，不如不给落个坏。

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① ئەخمەت ئۆيگە قايتىپ كەلدى ـ دە، بەش يۈەن پۇلنى ئۇكىسىغا تۇتقۇزدى.

② ھەر كۈنى بەش پۇڭدىن ئىقتىساد قىلىنسا، يۈز كۈندە نەچچە پۇل بولىدۇ؟

③ بەش يۈەنگە بىر بوتۇلكا ھاراق، بىر پارچە پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى ۋە ئىككى دانە كەمپۈت كېلىدۇ.

## تېكىست

### بەش يۈەن

ئالىم ئۆيدە دەرس تەكرارلاپ ئولتۇرغانىدى. ئەخمەت مائاشىنى ئېلىپلا ئۆيگە قايتىپ كەلدى ـ دە، خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا سىغمىغان ھالدا يانچۇقىدىن بەش يۈەن پۇلنى ئېلىپ، دەرس تەكرارلاپ ئولتۇرغان ئۇكىسىنىڭ قولىغا

توتقۇزدى ۋە:
— بازارغا بېرىپ بۇ پۇلغا بىر بوتۇلكا هاراق ئال، ئاشقان پۇلغا توخۇ گۆشى ئال — ، دېدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇكىسى تاپشۇرۇلغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئەخمەت كۆرەڭلىگەن هالدا:
— جەمئىي نەچچە پۇل خەجلىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— تۆت كوي توققۇزمو بەش پۇڭ.
— قالغان بەش پۇڭ قېنى؟
— ئىككى تال كەمپۇت ئېلىپ يېدىم.
ئەخمەت نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، ئۇكىسىغا ساۋاق بەرگىلى تۇردى:
— سەن تېخى كىچىك، ئىش ئۇقمايسەن، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك، كونىلاردا تاما ـ تاما كۆل بولار دېگەن گەپ بار. هەر كۈنى بەش پۇڭدىن ئىقتىساد قىلىنسا، يۈز كۈندە نەچچە پۇل بولىدۇ؟
— بەش يۈەن.
— بەش يۈەنگە قانچىلىك نەرسە ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟
ئۇكىسى ئىنزا تارتقان هالدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:
— بەش يۈەنگە، بەش يۈەنگە ........
— ئېيتە، بەش يۈەنگە نېمە كېلىدۇ؟
— بىر بوتۇلكا هاراق، بىر پارچە پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى ۋە ئىككى دانە كەمپۇت كېلىدۇ.

## سۆھبەت

ئا: يولداش! شېكەر بارمۇ؟
ئە: بار، قانچىلىك ئالىسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئا: كىلوسى قانچە پۇل؟

ئە: ئۈچ كوي سەككىز مو.

ئا: ئىككى كىلو ئالاي.

ئە: يەنە نېمە ئالىسىز؟

ئا: بىر قاپ سەرەڭگە ئالاي.

ئە: بۇ دۇكاندا سەرەڭگە يوق.

ئا: بۇ نەنىڭ ئالمىسى؟

ئە: ئاقسۇنىڭ ئالمىسى، تەمى بەك ياخشى. مانا بىرنى يەپ بېقىڭ.

ئا: تەمى ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن.

ئە: قۇرۇق يەل - يېمىش يوقمۇ؟

ئا: بىزدە يوق. يېنىمىزدىكى دۇكاندا بار.

ئە: رەھمەت سىزگە.

ئا: ئەرزىمەيدۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يۈەن | (م) | 元 |
| ئىزا تارت- | (كىمدىن) | 害羞，害臊，惭愧，不好意思 |
| ئىش ئۇقماسلىق | (س ب) | 不懂事 |
| ئىقتىساد قىل- | (نېمىنى) | 节约，节省 |
| ھاراق | (ئى) | 酒 |
| كۆرەڭلە- | (نېمىگە، كىمگە) | 得意，神气 |
| كىچىك | (س) | 小 |
| دۇدۇقلا- | (قانداق قىل) | 口吃，结巴 |
| خەجلە- | (نېمىنى) | 花 |
| كەمپۈت | (ئى) | 水果糖 |
| كوي | (م) | 块（元） |

| | | |
|---|---|---|
| 教课 | (كىمگە) | ساۋاق بەر- |
| 个,条 | (م) | دانە |
| 非常高兴 | (س ب) | قىن - قىنىغا سىغماسلىق |
| 瓶子 | (ئى) | بوتۇلكا |
| 分 | (م) | پۇڭ |
| 个,条 | (م) | تال |
| 滴水成河 | | تاما - تاما كۆل بولار |
| 鸡 | (ئى) | توخۇ |
| 合计,共计 | (س) | جەمئىي |
| 沙糖 | (ئى) | شېكەر |
| 水果 | (ئى) | يەل - يېمىش |
| 值得 | (نېمىگە) | ئەرزى- |
| 俭省 | (ئى) | ئىقتىسادچىللىق |

〔词语用法说明〕

**助动词 تۇر**

1. 与 غىلى 副动词连用,表示行为动作开始进行。例如:

① يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلگىلى تۇردى. 新生开始来了。

② كەلكۈن ئۇلغايغىلى تۇردى. 洪水开始大涨了。

③ ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىسسىغىلى تۇردى.
天气一天天暖和起来了。

2. 与پ 副动词连用表示动作的持续、反复或短暂性。例如:

① ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدۇ. 她常到这里来。

② سالامەتلىك ئۈچۈن بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇڭلار
为了健康,你们应常锻炼。

③ مەشتە ئوت كۆيۈپ تۇرىدۇ. 炉子里的火在燃烧着。

④ بۇ كىتابىڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرۇڭ.
请把您的这本书借我用一下。

⑤ سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.
请在这儿（暂时）坐一会儿。

⑥ سىلەر ئىشلەپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىرلا كېلىمەن.
你们先干着，我马上就来。

〔语法要点〕

## 一、غىلى 副动词（目的副动词）

غىلى 副动词由动词结合附加成分 -غىلى // -قىلى // -گىلى // -كىلى 构成。

否定式在动词词干上加 -ما // -مە ，然后再加上述附加成分构成。如：

ياز + غىلى = يازغىلى （يازمىغىلى）
ئوقۇ + غىلى = ئوقۇغىلى （ئوقۇمىغىلى）
يە + گىلى = يېگىلى （يېمىگىلى）
ماڭ + غىلى = ماڭغىلى （ماڭمىغىلى）
كەت + كىلى = كەتكىلى （كەتمىگىلى）
تاپ + قىلى = تاپقىلى （تاپمىغىلى）

غىلى 副动词主要表示以下意义：

1. غىلى 副动词主要表示行为动作的目的。如：

① بىز توپ ئوينىغىلى كەلدۇق. 我们打球来了。
② ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىلى بارىمەن. 我找他聊天去。
③ ئۇ خەت سالغىلى كەتتى. 他寄信去了。

2. 与表示时间的词语连用，表示副动词所指动作延续的时间。如：

① ئۇ بۇ مەكتەپكە كەلگىلى يېرىم يىل بولدى.
他来这所学校已经半年了。

② مەن ئۆيگە خەت يازمىغىلى ئىككى ئاي بولدى.
我没给家里写信已经有两个月了。

3. 与系助动词 بول 连用表示可能。如：

① بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. 这项任务能完成。
② پويىزدا شىخەنزىگە يېرىم كۈندە بارغىلى بولىدۇ. 坐半天火车就能到石河子。

## 二、分数词 كەسىر سان

1. 分数表示法：分母在前，用从格形式的基数词，分子在后，用主格形式的基数词表示。如：

| | |
|---|---|
| 二分之一 $\frac{1}{2}$ | ئىككىدىن بىر |
| 五分之三 $\frac{3}{5}$ | بەشتىن ئۈچ |

2. 小数表示法：表示整数的基数词与 پۈتۈن 连用，整数后的词用 دىن 表示。如：

| | |
|---|---|
| 0.5 | نۆل پۈتۈن ئوندىن بەش |
| 4.2 | تۆت پۈتۈن ئوندىن ئىككى |
| 5.25 | بەش پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە بەش |
| 9.006 | توققۇز پۈتۈن مىڭدىن ئالتە |

3. 百分之百的表示法：数词与 پىرسەنت 连用表示百分之百。如：

| | |
|---|---|
| 百分之百(100%) | يۈز پىرسەنت |
| 百分之二十(20%) | يىگىرمە پىرسەنت |
| 百分之五点三(5.3%) | بەش پۈتۈن ئوندىن ئۈچ پىرسەنت |

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| كىچىك بالا | ئۆينىڭ كىچىكى |
| ناھايىتى كىچىك نەرسە | كىچىك ئىش |
| يېشى كىچىك | ئۆيى كىچىك |
| پۇل خەجلەش | پۇلنى خەجلەپ تۈگىتىش |

uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| مىڭ كوي خەجلەش | پۇلنى قالايمىقان خەجلەش |
| ناخشا ئېيتىش | ھېكايە ئېيتىش |
| ئۆيدە قېلىش | توققۇزغا بەش مىنۇت قېلىش |
| تاماقتىن قېلىش | مەكتەپتىن قېلىش |
| بىر تال تاماكا | بىر تال قەلەم |
| ئۈچ تال كەمپۈت | بەش تال ئالما |
| يان ئىشىك | يېنىدا ئولتۇرۇش |
| دەرۋازىنىڭ يېنىدا ساقلاش | |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| جەمئىي | دوست |
| يەل - يېمىش | تۇتۇش |
| كىچىك | بوتۇلكا |
| ئاشلىق | بازار |
| قول | ئون توخۇ |
| ھەقىقەتەن | ئېلىش |
| قەلەم | گۈزەل |
| قورۇق | دۇكان |
| ئاۋات | ئىقتىساد قىلىش |
| ئادەم | ئىزدەش |

4. 把下列动词变成目的副动词。

| | | | |
|---|---|---|---|
| خەجلە- | ئىزدە- | سات- | ئېيت- |
| دۇدۇقلا- | قال- | ساۋاق بەر- | كۆرەڭلە- |
| تۇت- | كەل- | چاقىر- | قوغلا- |

5. 用下列动词各造一个带目的副动词的句子。

| | | | |
|---|---|---|---|
| بار- | سات- | تۇت- | يە- |

6. 把下列句子译成维文。

1. 我想问你一件事，但就是不好意思。

2. 这封信他已经写了一个多小时了。

3. 家里没有给寄钱已经两个月了。

4. 这句话不能说。

5. 这些东西的四分之一是你的。

6. 考试及格的同学占百分之八十。

7. 我现在上街去买东西。

8. 今天天气很冷，不能游泳。

9. 你们干什么去了？

10. 没有学不会的东西。

7. 选词填空。

(پىرسەنت، دېگەن، تال، ھالدا، قاپ، جەمئىي، قانچىلىك، دانە)

① سەرەڭگە بولسا ماڭا بىر ____ بېرە.

② سەن ____ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

③ پايدىنىڭ ئون ____ ماڭا بېرىسەن.

④ ئۇ كۆرەڭلىگەن ____ مۇنداق دېدى.

⑤ نەچچە ____ تاماكا ئالدىڭىز؟

⑥ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ____ قانچە؟

⑦ بۇ سومكىغا ____ نەرسە پاتىدۇ؟

⑧ بىر يۈەنگە تۆت ____ كەمپۈت ئالغىلى بولىدۇ.

8. 模仿重点句子进行造句练习。

9. 回答问题。

① ئەخمەت مائاشىنى ئالغاندىن كېيىن قانداق قىلدى؟

② ئۆكىسى نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئەخمەت نېمىلەرنى سورىدى؟

③ ئەخمەت ئۆكىسىغا قانداق ساۋاق بەردى؟

④ بەش يۈەنگە نېمە كېلىدۇ؟

10. 背会对话、互相提问。

11. 句型练习

1 . ئوسمان ئۆيگە كىردى ـ دە

سومكىسىنى جورىغا قويدى .
خەتنى ئانىسىغا بەردى .
مائاشىنى ئايالىغا تۇتقۇزدى .
خاپا بولۇپ سۆزلەپ كەتتى .
يانچۇقىنى ئاختۇردى .

2 . ھەر كۈنى مۇشۇنداق بولسا

قانداق بولىدۇ ؟
بەك ياخشى بولاتتى .
ھېچ كىم چىداشلىق بېرەلمەيدۇ .
دەرسكە كەلمىسۇن .
يۇقىرىغا ئىنكاس قىلايلى .

3 . يۈز كويغا

بىر چاپان كېلىدۇ .
بىر قوي كېلىدۇ .
بىر ئىشتان ، بىر ئاياغ كېلىدۇ .
ھېچنېمە كەلمەيدۇ .

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئۈچىنچى دەرس

| |
|---|
| ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ. |
| 头脑不灵脚受罪。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① ئۈن، گۈرۈچ، گۆش، ياغ، تۇخۇم، كۆكتات قاتارلىقلار ئادەتتىكى ئوزۇقلۇق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دورىلىق ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ.

② كىشىلەر بۇ ئوزۇقلۇقلارنى نورمال ئىستېمال قىلسا، بەدەننىڭ كېسەللىكلەرگە بولغان قارشىلىق كۈچى ئاشىدۇ.

## تېكىست

### سالامەتلىك ۋە ئوزۇقلىنىش

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىستېمال قىلىدىغان ئۈن، گۈرۈچ، گۆش، ياغ، تۇخۇم، كۆكتات، مېۋە - چېۋە، بېلىق قاتارلىقلار ئادەتتىكى ئوزۇقلۇق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دورىلىق ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئوزۇقلۇقلار ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەم بەدىنى ئۈچۈن كېرەكلىك ئاقسىل،

قەنت، ماي، تۇز، ۋىتامىن قاتارلىق ماددىلارغا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر بۇ ئوزۇقلۇقلارنى نورمال ئىستېمال قىلسا، بەدىنىنىڭ كېسەللىكلەرگە بولغان قارشىلىق كۈچى ئېشىپ، ئاجىزلاشقان قېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئەگەر ھەددىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنىپ ئوزۇقلۇق ماددىلار ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياشانغان كىشىلەردە سېمىزلىك، قان بېسىمى يۇقىرىلاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ئوزۇقلىنىش يېتەرلىك بولماي، ئوزۇقلۇق ماددىلار يېتىشمىسىمۇ، ئوزۇقلىنىش خاراكتېرلىك قان ئازلىق كېسەللىكى، نامازشام قارىغۇسى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى كۆپرەك بولىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ كېسەللىكلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. نورمال ئوزۇقلىنىش سالامەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل.

ئاساسلىق يېمەكلىكلەر يەنى ئۇن، گۈرۈچ، ماي، گۆش قاتارلىقلاردىن قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش، تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلماسلىق، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش سالامەتلىككە پايدىلىق. مۇۋاپىق ئوزۇقلانغاندا تەننىڭ ساغلام، روھىي كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## سۆھبەت

ئا: نېمە بولدىڭىز؟
ئە: مىجەزىم يوق.
ئا: زۇكام بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟.
ئە: قىزىپ كېتىۋاتىمەن.
ئا: دوختۇرغا كۆرۈندىڭىزمۇ؟

ئە: ياق تېخى.

ئا: دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىڭ.

ئە: بېشىڭىز ئاغرىمدۇ؟

ئا: بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئە: يۆتىلەمسىز؟

ئا: ئانچە يۆتەلمەيمەن.

ئە: دورىنى ۋاقتىدا ئىچىڭ. ئوبدان دەم ئېلىڭ.

ئا: ماقۇل.

ئە: يېمەكلىككە دىققەت قىلىڭ. مېۋە - چېۋە، سەينى كۆپرەك يەڭ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يېتەرلىك | (س) | 足够的,充足的,充分的 |
| ياشانغان | (س) | 上了年纪的,老的 |
| يەت- | (نەگە، نېمىگە) | 够;到达;赶上 |
| ئېغىرلىق | (ئى) | 重,重量;重担 |
| ئۆسۈپ يېتىل- | (نېمە) | 成熟,发育成熟 |
| پرىنسىپ | (ئى) | 原则,原理 |
| يېمەكلىك | (ئى) | 食物,食品 |
| ئىقتىدار | (ئى) | 能力,本领,才能 |
| ئېھتىمال | (ئى) | 也许,可能 |
| ۋىتامىن | (ئى) | 维生素 |
| ئۆپكە | (ئى) | 肺 |
| ئۆپكە ياللۇغى | (ئى) | 肺炎 |
| ئىستېمال قىل- | (نېمىنى) | 使用,应用;食用,饮用 |
| ئۆلچەم | (ئى) | 标准,量度,准则 |
| ئۇن | (ئى) | 面粉 |

| | | |
|---|---|---|
| نامازشام قارىغۇسى | (س ب) | 夜盲症(患者) |
| نورمال | (س) | 正常的 |
| ئوتتۇرا ياشلىق | (س ب) | 中年人 |
| ئوزۇقلان- | (قانداق) | 吃,吸收养分,吸取营养 |
| ئوزۇقلۇق | (س) | 有营养的 |
| ھەددىدىن ئارتۇق | (س ب) | 过分,过度 |
| ھېسابلان- | (نېمە) | 算作,计算 |
| ماي | (ئى) | 油 |
| ئامىل | (س) | 因素 |
| مېۋە - چېۋە | (ئى) | 水果,果品 |
| كېرەكلىك | (س) | 需要的,需用的 |
| كېلىپ چىق- | (نېمە) | 发生,产生 |
| مۇۋاپىق | (ئى) | 合适,适合 |
| گۆش | (ئى) | 肉 |
| گۈرۈچ | (ئى) | 大米 |
| گىرىپتار بول- | (نېمىگە) | 患 |
| دورىلىق | (س) | 药用的;药引子 |
| خاراكتېرلىك | (س) | 性质的;性格的 |
| ساغلام | (س) | 健康 |
| جەريان | (ئى) | 过程 |
| بەلكى | (ب) | 而且,并且 |
| كاپالەتلىك قىل- | (نېمىگە) | 保证,保障 |
| كەلتۈرۈپ چىقار- | (نېمىنى) | 引起,带来 |
| سېمىزلىك | (ئى) | 胖,肥 |
| روھىي كەيپىيات | (س ب) | 情绪,心情 |
| قېرى- | (كىم) | 变老,年老 |
| قارشىلىق كۆرسەت- | (كىمگە، نېمىگە) | 反抗,抵抗 |
| قارشىلىق كۈچ | (س ب) | 抵抗力 |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 贫血 | (س ب) | قان ئازلىق |
| 血压升高 | (س ب) | قان بېسىمى يۇقىرىلا- |
| 糖 | (ئى) | قەنت |
| 蛋白质 | (ئى) | ئاقسىل |
| 防止，预防，防范 | (نېمىنىڭ) | ئالدىنى ئال- |
| 旋转；变成；晕；绕，散步 | (نېمە، نېمىگە) | ئايلان- |
| 身体 | (ئى) | بەدەن |
| 鱼 | (ئى) | بېلىق |
| 蛋，卵 | (ئى) | تۇخۇم |
| 盐 | (ئى) | تۇز |
| 减弱 | (كىم نېمە) | ئاجىزلا- |
| 平常的，一般的，普通的 | (س) | ئادەتتىكى |
| 主要的 | (س) | ئاساسلىق |
| 没精神，不舒服 | (س ب) | مىجەزى يوق |
| 感冒，伤风 | (ئى) | زۇكام |
| 咳嗽 | (كىم) | يۆتەل- |
| 药 | (ئى) | دورا |
| 即，也就是 | (ب) | يەنى |
| 压力 | (ئى) | بېسىم |

〔词语用法说明〕

**助动词 － كەت**

1. 与پ副动词连用，表示主体本身的状况发生转变，离开原处例如：

① ئۇلار يېقىندا بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىدۇ.

他们最近要从这儿搬走。

② چىنە قولۇمدىن چۈشۈپ كېتىپ، سۇنۇپ كەتتى.

碗从我手中掉下去摔破了。

③ ئادىل بىلەن ئاينۇر بۇلتۇر ئاجرىشىپ كەتكەن.

阿迪里和阿依努尔是去年离的婚。

④ مۇشۇ دورىنى بىرنەچچە كۈن ئىچىسىڭىزلا ساقىيىپ كېتىسىز.

这药你吃几天就会好的。

2. 表示从程度方面加强پ副动词所指的行为动作。例如：

① ھاۋا ئىسسىپ كەتتى.　天热起来了。

② بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.　我的头痛得厉害。

③ بوۋاي پىشىپ كەتكەن قوغۇنلارغا قاراپ يايراپ كەتتى.

老大爷望着熟透了的甜瓜，高兴极了。

① يىغىن تۈگىمەيلا كەتتىغۇ.

会议怎么开个没完没了了.

〔语法要点〕

## 词组及其类型　سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

由两个或两个以上实词按照一定的结构规则组合而成的语法单位叫词组。

从结构上来分，维吾尔语的词组大致可以分为以下四种类型：

(一)联合词组。由两个或两个以上处于平等关系中的实词组合而成的词组叫联合词组。如：

ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر.　工农兵。

ئالىم بىلەن قاسىم.　阿里木和卡斯木。

ئالما، ئۆرۈك ۋە شاپتۇل.　苹果、杏子和桃子。

ھەم پاكىز، ھەم يورۇق.　又干净又明亮。

يا قالماق يا كەتمەك.　或留或走。

联合词组中词与词之间，有时用连接词，有时不用连接词。常用连接词有：ۋە , ھەم , بىلەن , ياكى , يا。如：

(1) ئۇنىڭ ئاكىسى، ئاچىسى ۋە سىڭلىسى ئۈرۈمچىدە ئىشلەيدۇ.

他哥哥、姐姐和妹妹在乌鲁木齐工作。

② جاپالىق ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە.

艰巨而光荣的任务。

③ كىشىلەر ئايالغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە دۇئا ئوقۇپتۇ.

人们向女人表示了谢意并作了祈祷。

（二）偏正词组。由两个处于限定、修饰和被限定、被修饰关系中的实词组合而成的词组叫偏正词组。其中，限定或修饰的词在先，叫从属词；被限定或被修饰的词在后，叫中心词，也叫中心语。

根据每个词的作用，偏正词组又可以分为定中词组和状中词组。

1. 定中词组（定语＋中心语）

起定语作用的从属词一般为名词、动名词、形容词、形动词、数词或代词、中心词一般为名词（包括动名词）。

①名词（包括动名词）＋名词

| | | | |
|---|---|---|---|
| （男孩） | ئوغۇل بالا | （木床） | ياغاچ كارىۋات |
| （红喷喷的脸） | ئانار يۈز | （火热的心） | ئوت يۈرەك |
| （人民政府） | خەلق ھۆكۈمىتى | （乌鲁木齐市） | ئۈرۈمچى شەھىرى |
| （毛泽东思想） | ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى | （伊犁苹果） | غۇلجا ئالمىسى |
| （乌鲁木齐的街道） | ئۈرۈمچىنىڭ كوچىسى | （学习成绩） | ئۆگىنىش نەتىجىسى |

②形容词（包括形动词）＋名词。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| （红旗） | قىزىل بايراق | （伟大的祖国） | ئۇلۇغ ۋەتەن |
| （住处） | تۇرار جاي | （现代） | ھازىرقى زامان |
| | | （做过的梦） | كۆرگەن چۈش |

③数量词＋名词。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| （三十四马） | ئوتتۇز ئات | （两个钟头） | ئىككى سائەت |

(一根木头)　بىر تال ياغاچ　　(五位同志)　بەش نەپەر بولداش

④代词＋名词。如：

(那座山)　ئاۋۇ تاغ　　(哪个孩子)　قايسى بالا

(我的故乡)　مېنىڭ يۇرتۇم

⑤象声词＋名词。如：

(爱唠叨的人)　ۋات - ۋات ئادەم

(毛毛细雨)　سىم - سىم يامغۇر

2. 状中词组(状语＋中心语)。如：

起状语作用的从属词一般为副词(包括副动词)、带有格附加成分的名词、形容词、数词或象声词,中心词一般为动词(包括形动词或形容词)。

①副词(包括副动词)＋动词或形容词。如：

ناھايىتى ياخشى، تىرىشىپ ئۆگەنمەك، ئوقۇغىلى بارماق

(仔细看过)　تېز ماڭماق، ئىنچىكىلەپ كۆرگەن

②带有格附加成分的名词＋动词或形容词。如：

ئورۇندۇقتا ئولتۇرماق　مەيداندا ئوينىماق　شەھەردىن يىراق

كىنوغا بارماق　گۆشكە ئامراق

③形容词＋动词。如：

(大笑)　توغرا يازماق　قاتتىق كۈلمەك

(好好干)　كۆپ ئوقۇماق　ياخشى ئىشلىمەك

④数(量)词＋动词。如：

(读一遍)　ئىككى قېتىم بارماق، بىر قۇر ئوقۇماق

⑤象声词＋动词。如：

(啪啪地打)　ۋاق - ۋاق ئۇرماق

(三)宾动词组。由两个处于支配和被支配关系中的实词组合而成的词组叫宾动词组。其中,处于被支配地位起宾语作用的词一般是名词或代词,处于支配地位的词一般是及物动词(包括

形动词或副动词)。

(探望吐尔逊) تۇرسۇننى يوقلىماق

كىتاب ئوقۇماق، خەت يازماق، كىنو كۆرمەك

(锻炼身体) بەدەن چېنىقتۇرماق

(买书) كىتاب ئالغان

(四)主谓词组。由两个处于陈述和被陈述关系中的实词组合而成的词组叫主谓词组。其中,处于被陈述地位起主语作用的词一般为名词(包括动名词)或代词,处于陈述地位起谓语作用的词一般为动词(包括形动词、副动词或形容词)。

1. 名词+动词

开学 ئوقۇش باشلانماق

我们去过 بىز بارغان

由于起风 بوران چىققاچقا

眼镜打碎 كۆزەينەك چېقىلماق

2. 名词+形容词

天气热 ھاۋاسى ئىسسىق

脾气大 ئاچچىقى يامان

风景优美 مەنزىرىسى گۈزەل

眼睛大 كۆزى يوغان

树多 دەرەخ كۆپ

没有水 سۇ يوق

有孩子 بالا بار

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش

كوچىنى ئايلىنىش بېشى ئايلىنىش

| | |
|---|---|
| مەيدان ئايلىنىپ يۈگۈرۈش | ئايلىنىپ مېڭىش |
| ئوزۇقلىنىشى ياخشى | ئوزۇقلىنىشى يېتەرلىك ئەمەس |
| كېلىپ چىقىش سەۋەبى | ئائىلە كېلىپ چىقىشى |
| بەدىنى ئاجىزلاش | ئۆگىنىشتە ئاجىزلاپ كېتىش |
| ئۆلچەمگە مۇۋاپىق | ئۆلچەمگە يېتىش |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| يېتەرلىك | ماددا |
| ھەددىدىن ئارتۇق | ئەھۋال |
| سۈپەت | ۋاقىت |
| قەنت | چارچاش |
| تەن | كاپالەتلىك قىلىش |
| خاتا | ئاجىزلاش |
| ئىقتىدار | كىشى |
| ياشانغان | ۋىتامىن |
| ئاساسلىق | يوق |
| ئادەتتىكى | ھېسابلىنىش |

4. 用学过的单词组联合词组、偏正词组、宾动词组、主谓词组。

5. 用下列词造句。

| | |
|---|---|
| كاپالەتلىك قىل- | بىردىنبىر |
| ئاساسلىق | ياشانغان |
| يۆتەل- | نورمال |

6. 模仿重点句子进行造句练习。

7. 把下列句子译成维文。

①你的朋友得了什么病?

②多吃蔬菜身体有好处。

③今天我有点不舒服,想早一点休息。

④开学以来,我们开了四次班会。

⑤昨天一天没有来水。

⑥听了这句话，他大笑了起来。

⑦字应该要写准确。

⑧姑娘们喜欢吃水果和蔬菜。

⑨由于下雨，她没有上街。

⑩眼睛看不清楚，怎么办呢？

8. 选词填空并译成汉文。

(ئانا، يېتەرلىك، قاتارلىق، قاتتىق، ماقۇل، بەختلىك، مۇۋاپىق، مىجەز)

① بىز يۇرتىمىز _____ شىنجاڭنى سۆيىمىز.

② دوستۇم تۇيۇقسىز _____ ئاغرىپ قالدى.

③ بىز ۋەتىنىمىزنىڭ _____ ئوغۇل - قىزلىرى.

④ يېزىمىزنىڭ بېغىدا ئالما، ئانار، ئۆرۈك، نەشپۈت _____ ھەر خىل مېۋىلەر بار.

⑤ بۇ ئىشقا _____ دېيەلمەيمەن.

⑥ _____ ۋاقىت يوق، شۇڭا ئىشلەپ بولالمىدىم.

⑦ ئۇنى ئۆزۈمگە _____ كۆرمىدىم.

⑧ ئۇ چىرايلىق بولغىنى بىلەن _____ ياخشى ئەمەس.

9. 回答问题。

① ئۇن، گۇرۇچلەر قانداق ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ؟

② ئوزۇقلۇقلار ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن قانداق ماددىلارغا ئايلىنىدۇ؟

③ ئوزۇقلۇقلار نورمال ئىستېمال قىلىنسا ياكى ھەددىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا قانداق بولىدۇ؟

④ ئوزۇقلىنىش يېتەرلىك بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

⑤ قانداق ئوزۇقلۇقلار سالامەتلىككە پايدىلىق؟

⑥ مۇۋاپىق ئوزۇقلانغاندا نېمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟

10. 句型练习。

1.

① ئۇ ئۆگىنىشتە ياخشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەكتىمۇ ياخشى.

② ئۇ چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەك ئەقىللىق.

③ ئۇنىڭ خېتى چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۆزلەش قابىلىيىتىمۇ بەك يۇقىرى.

④ مۇئەللىم بىزگە كۆيۈنۈپلا قالماستىن، بەلكى بىزگە دائىم ياردەم قىلىپ تۇرىدۇ.

2.

① دوستۇم كەلسە، مەن بارىمەن.

② ئۇ سوئال سورىسا، مەن چوقۇم جاۋاب بېرىمەن.

③ لى خۇڭ كەلمىسە، قانداق قىلىمىز؟

④ ئۇ كۈلسە، ھەممىمىز خۇش بولۇپ كېتىمىز.

⑤ مۇئەللىم بار بولسا، ئىپتىپ قوي.

# ئوتتۇز تۆتىنچى دەرس

| |
|---|
| گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، |
| پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن. |
| 油肉是一家,炒焦的是皮牙孜。 |

نۇقتىلىق جۈملىلەر　　重点句子

① دوستلىرىمىزنىڭ خۇشال - خۇراملىقتا چۆمگەن ئائىلە تۇرمۇشىغا بەكمۇ ھەۋەسىم كېلىدۇ.

② ئائىلىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن، بىر - بىرىمىزلارنى ئەپۇ قىلىڭلار.

③ مەن سىلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تېكىست

### مەن سىلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن

دادا، ئاپا:

ئەسلىدە قېشىڭلاردا تۇرۇپ سىلەرگە خەت يازمىسامۇ بولاتتى. ئەمما بۇ خەتنى يازمىسام كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىپ

كېلىۋاتقان نۇرغۇن سۆزلىرىمنى سىلەرگە قانداقمۇ دېيەلەيمەن؟ باشقا ئىلاجىم بولمىغاچقا ئاخىرى خەت يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم.

دادا، ئاپا، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مەن ئائىلىمىزدە بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ تولىمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن. سىلەردىن خۇپىيانە هالدا قانچىلىك ياش تۆككىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. سىلەر مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ياش تۆكىدىغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟

ئۇچۇقىنى ئېيتسام، مەن دەل سىلەرنىڭ دائىم ئۇرۇشۇپ، جېدەللىشىپلا تۇرىدىغانلىقىڭلاردىن ئازابلىنىپ ياش تۆكىمەن. ئېسىمدە شۇنداق تۇرۇپتۇ. بىر قېتىم سىلەر ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇرۇشۇپ قالدىڭلار، ئىنىم تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. مەن گېزىت ئوقۇۋاتاتتىم، ئىككىمىز سىلەرگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىۋالدۇق. بىز نېمە قىلىشنى بىلمەي يىغلاپ كەتتۇق.

دادا، ئاپا، سىلەرنىڭ بۇنداق توختىماس ئۇرۇش ـ تالاشلىرىڭلار ئىنىم ئىككىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە قانچىلىك تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر هەر قېتىم ئۇرۇشساڭلار بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئازابلىنىمىز.

دادا، ئاپا، مەن هەر قېتىم دوستلىرىمنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى كىرگىنىمدە، ئۇلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاق، خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمگەن ئائىلە تۇرمۇشىغا بەكمۇ هەۋىسىم كېلىدۇ.

قەدىرلىك دادا، ئاپا، مۇناسىۋىتىڭلارنى ياخشىلاڭلار! ئۇرۇش ـ تالاش قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماڭلار، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساڭلار ئۆزۈڭلارنىمۇ، بىزنىمۇ قىيناپ، قەلبىمىزدىكى جاراهەتنى تېخىمۇ چوڭايتىۋېتىسىلەر، ئائىلىمىزنىڭ بەختى، ئىنىم ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىڭلار.

مەن سىلەرنىڭ بالدۇرراق ئەپلىشىپ، ئىناق ئەر ـ

خوتۇنلاردىن بولۇشۇڭلارنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

دەپ قىزىڭلار: مۇيەسسەر

## سۆھبەت

ئا: ئادىلغا نېمە بوپتۇ؟
ئە: قانداق دەيسەن؟
ئا: خاپا كۆرۈنىدىغۇ؟
ئە: ئالىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ.
ئا: نېمىشقا ئۇرۇشۇپ قاپتۇ؟
ئە: بىر پارچە گېزىتنى تالىشىپ.
ئا: ئۇ ئىككىسى ناھايىتى يېقىنتىغۇ؟
ئە: يېقىنلىقىغۇ يېقىنتى، بىراق …
ئا: ئادىل، ئالىم سىلەر ئەمدى ئۇرۇشماڭلار.
ئە: ئەمدى ئۇرۇشمايمىز.
ئا: بىر ـ بىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىڭلار.
ئە: ئادىل خاپا بولما، مەن خاتا قىپتىمەن.
ئا: سەنمۇ خاپا بولما، مەندىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| قاش | (ئى) | 岸,堤;身边,跟前 |
| ياخشىلا- | (نېمىنى) | 改善,好转,改进 |
| ئىچكىرى | (س) | 里,里边;内地 |
| ئىلاج | (ئى) | 办法,法子 |
| ئىناق ئۆت- | (كىم بىلەن) | 和睦相处 |
| ئۇرۇش ـ تالاش | (ئى) | 打架,纠纷,争斗 |

| | | |
|---|---|---|
| 坦率地说，说老实话 | (س ب) | ئوچۇقىنى ئېيت- |
| 被迫，不得已 | (نېمىگە) | مەجبۇر بول- |
| 欢笑，说笑 | (ئى) | كۆلكە - چاقچاق |
| 正好，恰好 | (ر) | دەل |
| 充满欢乐 | (س ب) | خۇشال - خۇراملىقتا چۆم- |
| 秘密的，悄悄的 | (ر) | خۇپىيانە |
| 折磨，使难受 | (كىمنى، نېمىنى) | قىينا- |
| 敬爱的，亲爱的 | (س) | قەدىرلىك |
| 心，内心，胸怀 | (ئى) | قەلب |
| 使变成；使转；搞晕 | (نېمىگە، نېمىنى) | ئايلاندۇر- |
| 心，心肠，心情，心意 | (ئى) | كۆڭۈل |
| 最终，最后，终于 | (ر) | ئاخىرى |
| 和解，重新和好 | (كىم بىلەن) | ئەپلەش- |
| 原谅 | (كىمنى) | ئەپۇ قىل- |
| 夫妻，夫妇 | (ئى) | ئەر - خوتۇن |
| 早，以前 | (ر) | بالدۇر |
| 打扰，麻烦，使难受 | (نېمىنى، كىمنى) | بىئارام قىل- |
| 敢，胆敢 | (نېمىگە) | پېتىن- |
| 外面的，外的 | (س) | تاشقىرقى |
| 影响 | (نېمىگە، كىمگە) | تەسىر يەت- |
| 没完没了的，说不完的 | (س) | تۈگىمەس |
| 伤，创伤，疮 | (ئى) | جاراھەت |
| 闹纠纷，起口角 | (كىم بىلەن) | جېدەللەش- |
| 变大 | (نېمە) | چوڭاي- |
| 真心，诚心 | (س ب) | چىن كۆڭۈل |
| 习惯 | (ئى) | ئادەت |
| 受折磨，受痛苦，感到难过 | (نېمىگە) | ئازابلان- |

| | | |
|---|---|---|
| 多;很,十分,非常 | (س) | تولا |
| 争,争夺,抢;争执,争吵 | (نېمىنى) | تالاش- |
| 亲近的,亲密的,近,靠近 | (س) | يېقىن |

〔词语用法说明〕

**助动词 قال-**

1. 与 پ 副动词连用,表示主体本身进入或接近副动词所反映的状态。例如:

① ئاستا گەپ قىلىڭ، بالا ئۇخلاپ قالدى.

说话轻点,孩子睡了。

② تامىقىڭنى چاپسان يە، سوۋۇپ قالىدۇ.

快点吃,要不就凉了。

③ مېنىڭ ئىككى تال چىشىم مىدىراپ قالدى.

我的两颗牙松动了。

④ ئېلىمىز ئاياللىرى مۇھىم ئەمگەك كۈچى بولۇپ قالدى.

我国妇女已成为重要的劳动力。

2. 表示行为动作发生有突然性、偶然性。例:

① كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى.

我想起了小时候的一件事。

② مەن بۈگۈن ئۇنى بازاردا كۆرۈپ قالدىم.

我今天在街上看见了他。

③ بىز يولغا چىقايلى دەپ تۇرساق، مېهمان كېلىپ قالدى.

我们正要上路,就来了客人。

〔语法要点〕

**一. 动词直接陈述式当时过去时**

**ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى**

当时过去时表示说话者用直接知道的语气来陈述过去正在进行的动作。

当时过去时的肯定式是在动词词干上先加词尾 ۋات - //

-ىۋات // -ۈۋات // -ۇۋات ，再附加词尾-ات，最后附加过去时直接陈述式人称词尾而构成。如：

سورا + ۋات + ئات + تىم = سوراۋاتاتتىم
ئوقۇ + ۋات + ات + تىم = ئوقۇۋاتاتتىم
ماڭ + ىۋات + ات + تىڭىز = مېڭىۋاتاتتىڭىز
كۆر + ۈۋات + ات + تۇق = كۆرۈۋاتاتتۇق
قوپ + ۇۋات + ات + تىڭ = قوپۇۋاتاتتىڭ
سۆزلە + ۋات + ات + تى = سۆزلەۋاتاتتى

否定式：有两种

①动词词干上先加 ۋات- // ىۋات- // ۈۋات- // ۇۋات-，再附加否定词尾-ما 和词尾-يت，最后加过去时直接陈述式人称词尾。如：

سورا + ۋات + ما + يت + تىم = سوراۋاتمايتتىم
ئوقۇ + ۋات + ما + يت + تىم = ئوقۇۋاتمايتتىم
ماڭ + ىۋات + ما + يت + تىڭىز = مېڭىۋاتمايتتىڭىز
كۆر + ۈۋات + ما + يت + تۇق = كۆرۈۋاتمايتتۇق
قوپ + ۇۋات + ما + يت + تىڭ = قوپۇۋاتمايتتىڭ
سۆزلە + ۋات + ما + يت + تى = سۆزلەۋاتمايتتى

②在词干上先附加否定词尾 -ماي // -مەي ，再加 -ۋات 和 -ات，最后加过去时直接陈述式人称词尾。如：

سورا + ماي + ۋات + ئات + تىم = سورىمايۋاتاتتىم
ماڭ + ماي + ۋات + ئات + تىڭىز = ماڭمايۋاتاتتىڭىز
كۆر + مەي + ۋات + ئات + تى = كۆرمەيۋاتاتتى

当时过去时的疑问形式也有两种。一种是在以 ات 结尾的词干后(当时过去时的)附加词尾 ام ，然后再加以 ت 起头的人称词尾。如：

(سورا + ۋات) سوراۋات + ام + تىم = سوراۋاتامتىم
(ماڭ + ىۋات) مېڭىۋات + ام + تىڭىز =
مېڭىۋاتامتىڭىز

(کۆر + ۈۋات) کۆرۈۋات + ام + تۇق = کۆرۈۋاتامتۇق

(قوپ + ۇۋات) قوپۇۋات + ام + تىڭ = قوپۇۋاتامتىڭ

(سۆزلە + ۋات) سۆزلەۋات + ام + تى = سۆزلەۋاتامتى

一种是在动词当时过去时形式之后附加疑问语气词 مۇ。如：

سوراۋاتاتتىم + مۇ

مېڭىۋاتاتتىڭىز + مۇ

سۆزلەۋاتاتتى + مۇ

كۆرمەيۋاتاتتۇق + مۇ

ئوقۇمايۋاتاتتىڭ + مۇ

① مەن بۇ كىتابلارنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتىم، ئەمەت ياردەمگە كەلدى.

我正搬不动这些书呢,艾买提就帮忙来了。

② ئۈلۈشكۈن سىلەر كەلگەندە بىز توپ ئويناۋاتاتتۇق.

前天你们来的时候,我们正在打球。

③ سىز تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بارغاندا مەن گېزىت كۆرۈۋاتمايتتىم، تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتىم.

你昨天去我家的时候,我不是在看报纸,是在看电视。

## 二、غاچقا 副动词(原因副动词)

副动词是在动词词干上附加词尾 -غاچقا // -قاچقا // -گەچكە // -كەچكە 构成。如：

(因为去) بار + غاچقا = بارغاچقا

(因为来) كەل + گەچكە = كەلگەچكە

(因为出去) چىق + قاچقا = چىققاچقا

否定形式是在动词词干上附加否定词尾 -ما // -مە,然后再附加 غاچقا 构成。

بار + ما + غاچقا = بارمىغاچقا

كەل + مە + گەچكە = كەلمىگەچكە

چىق + ما + غاچقا = چىقمىغاچقا

副动词通常用来表示主要动作是由另一种动作而引起的,即

表示动作发生的原因。如：

① ئۇ ئۆزى كەلگەچكە، مەن ئەتە بارمايدىغان بولدۇم.

由于他自己来了，我明天就不去了。

② جەزىم قىلالمىغاچقا، ھېچنېمە دېيەلمىدىم.

因为没有肯定下来，所以我没能说什么。

③ يامغۇر ياغقاچقا، كىنوغا بارمىدۇق.

因为下了雨，我们没有去看电影。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش | تۇرمۇشى ياخشىلىنىش |
| ئۆگىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش | مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش |
| دوستلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش | ئىناق ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىش |
| ئۆز ئۆزىنى قىيناش | تۇرمۇشتا قىينىلىش |
| خۇپىيانە كۆرۈشۈش | خۇپىيانە جاي |
| تاغقا چىقىش | گېزىتكە چىقىش |
| خىزمەتكە چىقىش | ئۆيدىن چىقىش |
| كۆڭلى ياخشى | ئاق كۆڭۈل |
| تۇگىمەس ئىشلار | تۇگىمەس ھېكايە |
| تۇگىمەس ناخشا | تۇگىمەس پۇل |
| جاراھەتنى ساقىيىش | جاراھەت چىقىش |
| دوستىنى ئەپۇ قىلىش | ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| ئىلاج | ئۇخلىماق |

| | |
|---|---|
| گەپ | چوڭقىيىش |
| سۆزلەش | ئازابلىنىش |
| بالدۇر | يوق |
| تاشقىر | ئوچۇقنى ئېيتىش |
| كېسەل | مەجبۇر بولۇش |
| جاراھەت | ئۆي |
| كۆڭۈل | تەسىر يېتىش |
| قەلب | پېتىنىش |
| ئۇرۇش | گۈزەل |

4. 把下列动词变成动词直接陈述式当时过去式的肯定式、否定式和疑问式。

ئايلاندۇر- تالاش- ياش تۆك- ئىناق ئۆت- قىينا-

5. 用下列动词各造一个带动词直接陈述式当时过去式的句子。

بىئارام قىل- تەسىر يەت- ياخشىلا-

جېدەللەش- ئۇر- قىينا-

ئۇخلا- يۇ-

6. 按重点句子进行造句练习。

7. 把下列句子译成维文。

①因为有了你,我没有害怕。

②我们相处的非常和睦。

③那时,天气特别冷又下着大雪。

④1993 年他还在读中学。

⑤那时因为我练习还没做完,没有去玩。

⑥因为今天是星期天,我们睡到中午。

⑦因为我不懂汉语,所以今天的报告一点也没有听懂。

⑧那时,他正在为这件事操心。

⑨那时,你们正住在农村。

⑩我们把同学分成两部分,一部分唱歌,一部分跳舞。

8. 用 غاچقا ، غىلى 副动词填空。

① مەن كىچىك بول- ______ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتىم.

② ئۇ بازارغا قەلەم ئال- ______ كەتتى.

③ مەن يېڭى كەل- ______ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلمەيمەن.

④ مەن مۇنچىغا بار ______ ئىككى ھەپتە بولۇپ قالدى.

⑤ دادام بەك ئالدىراش بول- ______ بۇ يەرگە كېلەلمىدى.

⑥ بۇ يەردە ئولتۇر ______ بولمايدۇ.

⑦ مەندە پۇل بولما ______ ئالمىدىم.

⑧ ھاۋا سوغۇق بول- ______ بىز ھېچيەرگە بارمىدۇق.

⑨ ئۇ ۋاقتىدا بارما ______ ئاپىسى خاپا بولۇپ قالدى.

⑩ ئۇ دەرسكە قاتناشما ______ بىرنەچچە كۈن بولدى.

9. 回答问题。

① سىز نېمە ئۈچۈن خەت يېزىشقا مەجبۇر بولدىڭىز؟

② سىز نېمە ئۈچۈن ياش تۆكىسىز؟

③ ئاتا ـ ئانىلار ئۇرۇشۇپ قالغاندا سىلەر قانداق قىلدىڭلار؟

④ دوستلىرىڭىزنىڭ ئائىلىسىگە ھەۋەس قىلامسىز؟

⑤ ئاتا ـ ئانىڭىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىسىز؟

10. 背会对话，互相提问。

11. 进行句型练习。

1. بىزنىڭ ياخشى ئوقۇشىمىز ئۈچۈن {
شارائىت ھازىرلاپ بېرىڭلار.
كۈچ چىقىرىڭلار.
كۆپ ياردەم قىلىڭلار.
جاپا تارتىڭلار.

2. ① بىز سىلەرنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭلارنى تىلەيمىز.
② ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئوقۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.
③ مەن سىلەرنىڭ ۋاقتىدا قايتىپ كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.
④ بىز سىلەرنىڭ سالامەت بولۇشۇڭلارنى تىلەيمىز.

3. ① مېنىڭ ئۇنىڭ شوخلۇقىغا بەكمۇ ھەۋىسىم كېلىدۇ.
② ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىغا ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدۇ.
③ ئۇنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە ئاچچىقىم كېلىدۇ.
④ ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەۋىسىم كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بەشىنچى دەرس

سەن تاز دېگۇچە، مەن تاز دەۋالاي.
恶人先告状。

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① نامراتلىق — دۇنيادىكى ساقايتىش قىيىن بولغان جاھىل كېسەللىك.

② دۇنيادا تەخمىنەن بىر مىليارد 100 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ ھاياتلىق شارائىتى ناچار بولغاچقا، ھەر يىلى تەخمىنەن 18 مىليون ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

③ نامرات كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن شەھەرلەرگە ئاققانلىقتىن، شەھەر نوپۇسى ھەسسىلەپ كۆپەيگەن.

## تېكىست

## نامراتلىق — دۇنيادىكى ساقايتىش قىيىن بولغان جاھىل كېسەللىك

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردە، دۇنيادىكى ماددىي بايلىق يەتتە ھەسسە كۆپىيىپ، ئىنسانىيەت

جەمئىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. بىراق، دۇنيا مىقياسىدىكى نامراتلىق مەسىلىسى كۈندىن ـ كۈنگە گەۋدىلىنىپ، بۈگۈنكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان جاھىل كېسەللىككە ئايلاندى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، بۈگۈنكى دۇنيادا تەخمىنەن بىر مىليارد 100 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ ھاياتلىق شارائىتى ناچار بولغاچقا، ھەر يىلى تەخمىنەن 18 مىليون ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز كۆپىيىشى، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى يوققا چىقارغان. نۆۋەتتە يەر شارىدا، ھەر كۈنى 235 مىڭ، ھەر يىلى 90 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس كۆپىيىدىكەن. نامراتلىق بىلەن شېرىك بولۇۋاتقان يەنە بىر مەسىلە — ئېغىر بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. 1990 ـ يىلىدىن بۇيان، دۇنيادا 82 قېتىم چوڭ كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئاز دېگەندىمۇ 65 قېتىملىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن. نامرات كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن شەھەرلەرگە ئاققانلىقتىن شەھەر نوپۇسى ھەسسىلەپ كۆپەيگەن.

زورلۇق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئېلىپ ـ سېتىش، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق كونا ئىجتىمائىي ئىللەتلەرمۇ نامراتلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## سۆھبەت

ئا: سىز بېيجىڭغا بارغانمۇ؟

ئە: ئۆتكەن يىلى بارغان.

ئا: پويىزدا بارغانمۇ ياكى ئايروپىلاندا بارغانمۇ؟
ئە: ئايروپىلاندا بارغان.
ئا: ئايروپىلان بىلىتى نەچچە پۇل ئىكەن؟
ئە: بىر مىڭ ئىككى يۈز كوي ئىكەن.
ئا: ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا ئايروپىلان بىلەن نەچچە سائەتتە بارغىلى بولىدىكەن؟
ئە: تۆت سائەتتە.
ئا: بېيجىڭدە نەچچە كۈن تۇردىڭىز؟
ئە: 15 كۈن تۇردۇم.
ئا: بېيجىڭدىن كەلگۈچە نېمىدە كەلدىڭىز؟
ئە: پويىزدا كەلدىم.
ئا: بۇ يىل يەنە بارامسىز؟
ئە: ياق، بۇ يىل بېيجىڭغا بارمايمەن. گۇاڭجۇغا بارىمەن.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| جاھىل | (س) | 顽固的,固执的,死硬的 |
| ساقايت- | (نېمىنى) | 治愈,治好 |
| ئاياغلاش- | (نېمە) | 结束,完结,了结,告终,终止 |
| ھەسسە | (ئى) | 倍;贡献;份儿 |
| ئىنسانىيەت | (ئى) | 人类 |
| جەمئىيەت | (ئى) | 社会 |
| ئۈزلۈكسىز | (ر) | 不断地,连续不停地 |
| بىراق | (ب) | 但是,但,可是,然而 |
| مىقياس | (ئى) | 范围 |
| گەۋدىلەن- | (نېمە) | 呈现,显出;体现,突出 |
| توسقۇنلۇق قىل- | (نېمىگە) | 阻碍,防碍,干扰 |
| نامرات | (س) | 贫苦的,贫穷的,贫寒的 |

| | | |
|---|---|---|
| 过分,过度 | (س ب) | ھەددىدىن زىيادە |
| 落井下石;墙倒众人推 | | ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك |
| 辛勤,勤奋,勤勉 | (ئى) | تىرىشچانلىق |
| 化为乌有,消失;完蛋 | (نېمىنى) | يوققا چىقار- |
| 集中 | (نېمىگە) | مەركەزلەش- |
| 合伙;搭伙 | (كىمگە، نېمىگە) | شېرىك بول- |
| 规模 | (س) | كۆلەملىك |
| 武装的,持械的,携带武器的 | (س) | قوراللىق |
| 冲突 | (ئى) | توقۇنۇش |
| 成倍地,加倍地 | (ر) | ھەسسىلەپ |
| 强迫 | (كىمگە، نېمىگە) | زورلۇق قىل- |
| 罪,罪行,罪过,犯罪行为 | (ئى) | جىنايەت |
| 使…过去,带过去,运过去;交付 | (نېمىنى) | ئۆتكۈز- |
| 有毒的;毒辣的,狠毒的 | (س) | زەھەرلىك |
| 麻醉品 | (ئى) | چېكىملىك |
| 买卖 | (ئى) | ئېلىم - سات- |
| 毛病,弊病;缺陷 | (ئى) | ئىللەت |

〔词语用法说明〕

**يەنە** (副词)

1. يەنە “仍然”,“依然”的意思,表示现象继续存在或动作继续进行;仍旧。如:

① بىز تېكىستنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇق.

我们把课文又读了一遍。

② بۈگۈن ئۇلار يەنە كەلمىدى. 今天他们又没有来。

③ ناخشىدىن يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭ.

请你再唱一个歌。

① بىز بارىدىغان يەنە بىر يەر بار.

我们还要去另一个地方。

2. يەنە 作连词，连接并列关系的两个词、词组或句子。

例如：

① بىز تەكرار ۋاقتىدا تاپشۇرۇق ئىشلىدۇق، يەنە تېكىستنى تەرجىمە قىلدۇق.

我们在自习时间做了作业，还翻译了课文。

② بۈگۈنكى يىغىنغا ئەخمەت، ئەركىن، تۇرسۇن يەنە خالىدە، پاتىگۈل، نۇرگۈللەر قاتناشتى.

今天的会艾合买提、艾尔肯、吐尔逊参加了，还有哈里旦、帕提古丽努尔古丽也参加了。

3. يەنە 作语气词，与动词的祈使式否定形式结合表示提醒。例如：

① دىققەت قىلىڭ، يىقىلىپ كەتمەڭ يەنە.

小心点，别摔倒了。

② دەرھال زالغا بارايلى، يىغىن باشلىنىپ كەتمىسۇن يەنە.

咱们去礼堂吧，免得开会迟到了。

〔语法要点〕

**句子类型** **جۈملە تۈرلىرى**

句子从说话的目的和语气上可分为陈述句、疑问句、祈使句、感叹句四种。

1. 陈述句 بايان جۈملە

叙述和说明某件事和某种事物的句子叫陈述句。陈述句在口语中具有平而略降的语调，书面上句子末尾用句号。如：

① ئۇ بىر توپ بالىلارنى باشلاپ كەلدى.

他带来了一群小孩子。

② ئۇ بىر قەلەمنى يىتتۈرۈۋەتتى. 他丢了一支笔。

③ ئالدىرىماڭ، تېخى تاڭ ئاتمىدى. 天还没亮呢，别急。

④ خالىساڭ بار، خالىمىساڭ مەيلى.

你高兴就去，不高兴就别去。

2. 疑问句　　　　سوراق جۈملە

表示疑问或反问的句子叫疑问句，疑问句通常用疑问代词、疑问语气词、动词的疑问式或疑问语气来表示。如：

你找谁？　　① سەن كىمنى ئىزدەيسەن؟

他说什么？　　② ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟

你读报纸了吗？　　③ سەن گېزىت ئوقۇدۇڭمۇ؟

哈斯木明天来吗？　　④ قاسىم ئەتە كېلەمدۇ؟

她是您的未婚妻吗？　　⑤ ئۇ سىزنىڭ سۆيگىنىڭىزمۇ؟

牙森到你这儿来过吗？　　⑥ ياسىن سىزنىڭكىگە كەلگەنمۇ؟

牙森到你这儿来过吧？　　⑦ ياسىن سىزنىڭكىگە كەلگەندۇ؟

你不相信事实吗？　　⑧ سەن ئەمەلىيەتكە ئىشەنمەمسەن؟

⑨ سىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈردىڭىز؟

你新疆大学毕业了？

书？什么书？　　⑩ كىتاب؟ نېمە كىتاب؟

3. 祈使句　　　　بۇيرۇق - تەلەپ جۈملە

表示命令、号召、愿望、请求等意义的句子叫祈使句。因说话内容不同，语调有轻重之分，一般来说，语调降低，句末用感叹号或句号。如：

禁止吸烟！　　① تاماكا چېكىشكە رۇخسەت يوق!

把书给我！　　② كىتابنى ماڭا بەر.

③ بۇ جەھەتتە ماڭا كۆپرەك ياردەم بېرىڭ.

请在这方面多帮助我吧！

让我听听吧！　　④ مەنمۇ ئاڭلاپ باقاي.

你把我的笔拿来！　　⑤ ئەكەل قەلىمىمنى.

维吾尔语中，祈使句的谓语一般由祈使式动词充当，由人称代词充当的主语往往可以略去。

4. 感叹句　　　　ئۈندەش جۈملە

表示喜怒哀乐情绪和心理感觉的词语构成的句子叫感叹句，语调先升后降，句末用感叹号，感叹句通常用感叹语、语气词和纯粹的

感叹语气。如：

① مەن نېمىدېگەن پالاكەت ـ ھە!
我多么倒霉呀！

② بىز سىزگە نەقەدەر موھتاج ـ ھە!
我们多么需要您啊！

③ ھوي، قار يېغىپتىغۇ!
啊，下雪了！

① پاھ! نېمىدېگەن چوڭ بېلىق!
好大的鱼！

⑤ ھە شۇنداق ئىكەن ـ دە!
阿．原来如此（呀）！

⑥ دەريا سۈيى يەنە ئۇلغىيىپتۇ.
河水又涨了！

⑦ شان ـ شەرەپ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا مەنسۇپ!
光荣属于人民教师！

⑧ بەك توغرا گەپ!
非常正确的话。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| جىنايىتى ئېغىر | جىنايەت ئۆتكۈزمەك |
| نامرات ئائىلە | تۇرمۇشى نامرات |
| يىغىن ئاياغلاشماق | ئۇرۇش ئاياغلاشماق |
| كېسەللىنى ساقايتماق | نېرۋىسىنى ساقايتماق |
| ھەسسە قوشماق | بىر قانچە ھەسسە |
| جاھىل ئادەم | جاھىل كۈچ |
| جەمئىيەتكە چىقماق | جەمئىيەتكە يۈزلەنمەك |
| يېڭى جەمئىيەت | كونا جەمئىيەت |
| تەرتىپ ساقلىماق | تەرتىپنى بۇزماق |
| تەرتىپى ياخشى | تەرتىپكە بويسۇنماق |
| ئاق كۆڭۈل | ئاق كۆڭلەك |
| ئاق قار | ئاق ئالتۇن |
| يىپ ئۆتكۈزمەك | پارتىيىگە ئۆتكۈزمەك |

بۇل ئۆتكۈزمەك　　　　گېپىنى ئۆتكۈزەلمەسلىك

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| جاھىل | مەزگىل |
| ئۆزلۈكسىز | ئائىلە |
| ئۇرۇش | ياخشى |
| كىنو | ئاۋارە بولماق |
| باي | ئالغا باسماق |
| كىرىم | تەنلىك |
| ھەددىدىن زىيادە | ساقچى |
| ئاق | ئاياغلاشماق |
| قورالىق | يۈز بەرمەك |
| توقۇنۇش | ئىللەت |
| يامان | بالا |
| كەڭ | كۆلەملىك |

4. 选用以下词填空。

(پەقەت، يەنە، بىراق، ئىزچىل، تەخمىنەن، يەنى، كەت، تۇر، قال، ئاساسەن)

① بىز بۇ مەكتەپتە ______ ئۈچ يىل ئوقۇيمىز.

② ئوقۇغۇچىلار ______ تىرىشىپ ئوقۇماقتا.

③ ______ تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

④ بىز تىرىشىپ ئوقۇۋاتىمىز ______ توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تاپالمايۋاتىمىز.

⑤ بىز ئەتە ______ شەنبە كۈنى ئۇچراشماقچى بولدۇق.

⑥ ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە ______ شۇنداق قىلغانىدى.

⑦ بۇ قوي گۆشى ______ 15 كىلو چىقىدۇ.

⑧ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خوش بولۇپ ______.

⑨ قار قاتتىق ياغقىلى ______.

www.uyghurkitap.com

⑩ سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ ______.

⑪ بۇ بالا يىقىلىپ كەتكىلى تاس ______.

⑫ يېنىمدىكى پۇلمۇ تۈگەپ ______.

5. 用下列词造句。

ھەددىدىن زىيادە، يوققا چىقار-، كەلتۈرۈپ چىقار-

ئۆتكۈز-، نامرات، ھەسسە، جاھىل، ئاياغلاش-

6. 模仿重点句子进行造句练习。

7. 把下列句子译成维文。

①我劝告他要听父亲的话，但他没有这样做。

②这部电影具有深刻的教育意义，值得一看。

③我们的基础知识很扎实。

④只要有一点时间，我就到阅览室去看书。

⑤这学期又快结束了，时间过得真快。

⑥划分句子成分并不太困难。

⑦一个人如果拒绝别人的帮助，他就不会进步。

⑧由于通知来晚了，我们未能准时参加。

8. 完成下列句子。

① نامراتلىق بىلەن شېرىك بولۇۋاتقان يەنە بىر مەسىلە ......

② نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز كۆپىيىشى ........

③ ...... شەھەر نوپۇسى ھەسسىلەپ ئاشقان.

④ نۆۋەتتە يەر شارىدا ھەر كۈنى ...... .

⑤ بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ......

⑥ ...... بۈگۈنكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان جاھىل كېسەللىككە ئايلاندى.

⑦ مەن بۇرۇن ياڭاقنىڭ بۇنچىلىك قىممەتلىك مېۋە ئىكەنلىكىنى ......

⑧ ئۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشنى ......

9. 回答问题。

① 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيادا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟

② نامراتلىق نېمە سەۋەبتىن كېلىپ چىققان؟

10. 句型练习。

1.

① نامراتلىق — دۇنيادىكى ساقايتىش قىيىن بولغان جاھىل كېسەللىك.

② جۇڭگو — بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنى.

③ ساغلاملىق — ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور بايلىق.

2.

① گۇلمىرە خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغاچقا، خەنزۇچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

② مەن بۇ كىتابنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

③ مەن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەچكە، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە ياخشى بىلمەيمەن.

3.

① ئۇ ئاغرىپ قالغانلىقتىن، دەرسكە كەلمىدى.

② قەيسەر ئۆگىنىشتە ياخشى بولغانلىقتىن، ئەلاچى بولۇپ باھالاندى.

③ خىزمەت بەك ئالدىراش بولغانلىقتىن، ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئالتىنچى دەرس

دۈشمەن پۇتقا، دوست باشقا قارايدۇ.
仇人看脚,朋友看头。

نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① يەرمەنكە دېگەن كاسات ماللارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتىدىغان قىسقا مەزگىللىك سودا بازىرى ئىكەن.

② مېنىڭ نۇرغۇن «باھاسى چۈشۈرۈلگەن مال» لارغا كۆزۈم چۈشتى. لېكىن بىرەر نىڭ باھاسىنى سوراشقا، بىرەر قاپ سەرەڭگە بولسىمۇ سېتىۋېلىشقا ئىمكان بولمىدى.

③ ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئادەم دېگەن راستىنلا ئەخمەق نېمىكەن.

④ كاسات مالالارنى ئەسلى باھاسىدىن خېلىلا يۇقىرى ساتقان بولسىمۇ، كىشىلەر بىردەمدىلا ئېلىپ بولۇشۇپتۇ.

⑤ بۇ يەردە ئادەملەر تۈمەن خىل ماللارنى ساتىدىكەن. ئەقلىمۇ، قۇۋۇلۇقمۇ ساتىدىكەن. پەقەت ئەدەب - ئەخلاق، نومۇس - ھايا، ئىنساب ساتمايدىكەن.

# تېكىست

## يەرمەنكە

سودا تارماقلىرى ۋە يەككە تىجارەتچىلەر بىرلىشىپ، شەھىرىمىزدە يەرمەنكە ئاچتى. يەرمەنكە دېگەن كاسات ماللارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتىدىغان قىسقا مەزگىللىك سودا بازىرى ئىكەن. «باھاسى چۈشۈرۈلگەن» دېگەن گەپ مېنى ئۆزىگە جەلب قىلدى.

ئايھاي، بازار دېگەن مانا مۇنداق ئىكەن، «ئادەم دېڭىزى» دېگەننى ئاڭلىغانمەن، بۈگۈن مانا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

مەن نۇرغۇن دۇكان، نۇرغۇن يايمىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم. نۇرغۇن «باھاسى چۈشۈرۈلگەن مال» لارغا كۆزۈم چۈشتى. لېكىن بىرەرىنىڭ باھاسىنى سوراشقا، سۈپىتىنى كۆرۈپ بېقىشقا، بىرەر قاپ سەرەڭگە بولسىمۇ سېتىۋېلىشقا ئىمكان بولمىدى. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ «ئادەم دېڭىزى» ئىچىدە ئۇزۇنغىچە لەيلەپ يۈردۈم. نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغىنىمنى، قايسى دۇكاننىڭ ئالدىدا توختاپ، قايسى يايمىنىڭ ئالدىدىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتكىنىمنى بىلمەيتتىم. ئىشقىلىپ كۆزۈمگە ھەرخىل رەڭدىكى رەختلەر، كىيىم - كېچەكلەر، يېمەكلىكلەر ... چېلىقاتتى. مەن بىر يايمىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. يايمىنىڭ ئالدىدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

يايمىنىڭ خوجايىنى تونۇش ئادەم ئىكەن. بىز ئەھۋال سوراشتۇق، ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئادەم دېگەن راستىنلا ئەخمەق نېمىكەن. ئۇ «باھاسى چۈشۈرۈلگەن مال» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ، كاسات ماللىرىنى ئەسلى باھاسىدىن خېلىلا يۇقىرى ساتقان بولسىمۇ، كىشىلەر بىردەمدىلا ئېلىپ

بولۇشۇپتۇ. ئۇ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ «ئەگەر ئالاي دېسىلە سىلىگە ئەسلى باھاسى بويىچە سېتىپ بېرىمەن، يوشۇرۇپ قويغانلىرىمدىن ئازراق بار» دېدى. كاتتا يەرمەنكىدىن قۇرۇق قول قايتىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. يانچۇقۇمغا قول سالدىم «توۋا خۇدايىم، پۇللىرىم نەگە كەتكەندۇ؟» ئوغرى يانچۇقۇمنى سىرتىدىن كېسىۋېتىپتۇ.

پۇلنى نەدە، قايسى يايمىنىڭ ئالدىدا يوقاتقانلىقىم ئېنىق ئەمەس ئىدى. يۈرىكىم خۇددى مۇشۇك مورلىغاندەك ئېچىشاتتى. بۇ يەردە ئادەملەر تۈمەن خىل ماللارنى ساتىدىكەن. ئەقلىمۇ، قۇۋلۇقمۇ ساتىدىكەن. باشقا يەنە تالاي نەرسىلەرنى ساتىدىكەن. پەقەت ئەدەب ـ ئەخلاق، نومۇس ـ ھايا، ئىنساب ساتمايدىكەن. ئېيتىڭلارچۇ، يەرمەنكىمۇ بارمۇ؟ مەن ئاشۇنداق يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىشىغا تەشنا مەن ......

## سۆھبەت

ئا: نېمە ئالىسىز؟
ئە: كۆرۈپ باقاي.
ئا: بۇنىڭ باھاسى قانچە؟
ئە: يىگىرمە سەككىز كوي.
ئا: بەك قىممەتكەن.
ئە: قىممەت دېگىلى بولمايدۇ.
ئا: ئەرزانراق بېرەمسىز؟
ئە: نەچچىنى ئالىسىز؟
ئا: ئىككىنى.
ئە: ئىككىنى 50 كويغا ئېلىڭ.
ئا: ئىككىسىگە 40 كوي بېرەي.
ئە: بوپتۇ ئېلىڭ.
ئا: مانا پۇل.

ئە: پارچە پۇل يوقمۇ؟
ئا: يوق.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئاۋات | (س) | 繁荣 |
| سودا | (ئى) | 商业,贸易 |
| تارماق | (ئى) | 部门 |
| يەككە تىجارەتچى | (س ب) | 个体户 |
| بىرلەش- | (كىم بىلەن) | 联合,结合 |
| يەرمەنكە | (ئى) | 物资交流会 |
| كاسات مال | (س ب) | 滞销货 |
| باھا | (ئى) | 价,价格 |
| مەزگىللىك | (ئى) | 时期,时间 |
| مەلۇم قىل- | (نىمىنى) | 通知,告知 |
| جەلب قىل- | (كىمنى) | 吸引,招引 |
| نەقەدەر | (س) | 多么 |
| زىيان | (م) | 损失,害处;亏损 |
| ئايھاي | (ئىم) | 嗨,喂 |
| يايما | (ئى) | 摊子 |
| كۆزى چۈش- | (نىمىگە) | 目光落到;看上,看中 |
| باق- | (نىمىنى) | 看 |
| بىرەر | (ئا) | 某,某某,某一个 |
| قاپ | (م) | 套子,罩子,盒子 |
| سەرەڭگە | (ئى) | 火柴 |
| ئىمكان | (ئى) | 可能 |
| لەيلە- | (نىمە) | 漂浮,浮;游荡 |
| دۇكان | (ئى) | 铺子,店,门市部 |
| شامال | (ئى) | 风 |

| | | |
|---|---|---|
| 反正 | (ر) | ئىشقىلىپ |
| 布 | (ئى) | رەخت |
| 映入,呈现 | (نېمە) | چېلىق- |
| 主人,老板 | (ئى) | خوجايىن |
| 认识,相识,认识的人 | (ئى) | تونۇش |
| 问情况,打招呼 | (س ب) | ئەھۋال سورا- |
| 傻瓜,笨蛋,愚蠢 | (س) | ئەخمەق |
| 招牌 | (ئى) | ۋىۋىسكا |
| 挂 | (نېمىنى) | ئاس- |
| 一会儿 | (ر) | بىردەم |
| 隐藏 | (نېمىنى) | يوشۇر- |
| 盛大的;大的 | (س) | كاتتا |
| 空着手 | (س ب) | قۇرۇق قول |
| 应充,同意,答应 | (نېمىگە) | ئۇنا- |
| 周年,年的,年度的 | (م) | يىللىق |
| 天哪 | (س ب) | تۇۋا خۇدايىم |
| 小偷,贼 | (ئى) | ئوغرى |
| 割,切 | (نېمىنى) | كەس- |
| 丢失,失去 | (نېمە) | يوقا- |
| 清楚 | (س) | ئېنىق |
| 心,心脏 | (ئى) | يۈرەك |
| 猫 | (ئى) | مۈشۈك |
| 挠,抓 | (نېمىنى، كىمنى) | مورلا- |
| 疼痛,难受 | (نە) | ئېچىش- |
| 万 | (سان) | تۈمەن |
| 智慧,头脑 | (ئى) | ئەقىل |
| 狡猾 | (ئى) | قۇۋلۇق |
| 很多的,许多的 | (س) | تالاي |
| 道德礼貌 | (ئى) | ئەدەب ـ ئەخلاق |

| | | |
|---|---|---|
| 羞耻 | (ئى) | نومۇس ـ هايا |
| 良心 | (ئى) | ئىنساب |
| 耳朵 | (ئى) | قۇلاق |
| 质量 | (ئى) | سۈپەت |
| 渴望的 | (ئى) | تەشنا |

〔词语用法说明〕

一、助动词 باقـ

助动词 باق ـ与 پ 副动词连用，表示尝试着进行行为动作的意思。例如：

① قېنى شېئىرىڭىزنى ئوقۇپ بېقىڭ، بىز بىر ئاڭلاپ باقايلى.

好，读一下你的诗，我们听一听。

② بۇ دورىنى يەپ بېقىڭ، پايدا قىلىشى مۇمكىن.

你把这药吃一下，可能会见效的。

③ ئۇ دېرىزىدىن قاراپ بېقىپلا قايتىپ كەلدى.

他从窗子望了望就回来了。

④ سىز سوراپ بېقىڭ. 你问一下。

二、助动词 يۈر-

助动词 -يۈر 与 پ 副动词连用，表示行为动作持续进行或经常反复进行。例如：

① ئەخمەت تۆت كوچىدا مېڭىپ يۈرىدۇ.

艾合买提在十字路口徘徊。

② تەييار كىتابنى ئالساڭ بولمىدىمۇ، كۆچۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە هاجىتى؟

买本现成的书不就得了，何必抄呢？

③ سەن نېمىشقا بىزدىن قېچىپ يۈرىسەن؟

你为什么(总是)躲着我们呢？

④ بالىلار هويلىدا ئويناپ يۈرىدۇ.

孩子们在院子里玩耍着。

⑤ ئاسماندا نۇرغۇن ئايروپىلان ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

天空中飞着许多飞机。

这种形式的否定式表示强调、叮咛之意。例如：

① بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ يۈرمە، يەنە!

这件事你可别告诉他呀！

② ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈرمە، يەنە!

你可别到他那儿去呀！

〔语法要点〕

**一、动词将来时间接陈述式**

**كەلگۈسى زامان ۋاستىسىز بايان رايى**

动词将来时间接陈述式表示说话者用间接知道的语气来陈述经常发生，反复发生和将要发生的动作。

将来时间接陈述式是在第三人称将来时直接陈述式的肯定式或否定式之后，先加 ئىكەن ，再附加动词将来时直陈式人称附加成分而构成。如：

ساتىدۇ + ئىكەن + مەن = ساتىدىكەنمەن

ساتمايدۇ + ئىكەن + مەن = ساتمايدىكەنمەن

ئوقۇيدۇ + ئىكەن + مىز = ئوقۇيدىكەنمىز

ئوقۇمايدۇ + ئىكەن + مىز = ئوقۇمايدىكەنمىز

يازىدۇ + ئىكەن + سەن = يازىدىكەنسەن

يازمايدۇ + ئىكەن + سەن = يازمايدىكەنسەن

قارايدۇ + ئىكەن + سىز = قارايدىكەنسىز

قارىمايدۇ + ئىكەن + سىز = قارىمايدىكەنسىز

ئوينايدۇ + ئىكەن + سىلەر = ئوينايدىكەنسىلەر

ئوينىمايدۇ + ئىكەن + سىلەر = ئوينىمايدىكەنسىلەر

بارىدۇ + ئىكەن = بارىدىكەن

بارمايدۇ + ئىكەن = بارمايدىكەن

ئۇخلايدۇ + ئىكەن = ئۇخلايدىكەن

ئۇخلىمايدۇ + ئىكەن = ئۇخلىمايدىكەن

注"第三人称将来时直接陈述式后加 ئىكەن 之后，-ىدۇ // -يدۇ 中的 ۇ 脱落。

疑问形式：

疑问形式有两种：一种是在第三人称将来时直接陈述式（包括否定形式）的疑问形式后先加 ئىكەن ，再加动词将来时直陈式人称附加成分。如：

ساتامدۇ + ئىكەن + مەن = ساتامدىكەنمەن

ساتمامدۇ + ئىكەن + مىز = ساتمامدىكەنمىز

ئوقۇمدۇ + ئىكەن + سەن = ئوقۇمدىكەنسەن

ئوقۇمامدۇ + ئىكەن + سىز = ئوقۇمامدىكەنسىز

يازامدۇ + ئىكەن + سىلەر = يازامدىكەنسىلەر

يازمامدۇ + ئىكەن = يازمامدىكەن

قارامدۇ + ئىكەن = قارامدىكەن

قارىمامدۇ + ئىكەن = قارىمامدىكەن

ئوينامدۇ + ئىكەن = ئوينامدىكەن

ئوينىمامدۇ + ئىكەن = ئوينىمامدىكەن

一种是在动词将来时间接陈述式的肯定式或否定式后加上语气词 مۇ 构成。如：

ساتىدىكەنمەن + مۇ = ساتىدىكەنمەنمۇ

ساتمايدىكەنمەن + مۇ = ساتمايدىكەنمەنمۇ

ئوقۇيدىكەنمىز + مۇ = ئوقۇيدىكەنمىزمۇ

يازىدىكەنسىز + مۇ = يازىدىكەنسىزمۇ

بارىدىكەنسىلەر + مۇ = بارىدىكەنسىلەرمۇ

قارايدىكەنسەن + مۇ = قارايدىكەنسەنمۇ

كۆرمەيدىكەنسىز + مۇ = كۆرمەيدىكەنسىزمۇ

① سىز ئۇيغۇرچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز.

您维吾尔语讲得非常好。

② سىلەر ئالساڭلار بولىدىكەن، ئەجەبا بىز ئالساق بولمامدىكەن!

你们拿行，我们拿就不行了吗？

③ ئۇلار دائىم ئالىمنىڭ ئۆيىگە بارىدىكەن.
他们经常去阿里木家。
④ پاتىگۇلنىڭ ئاكىسى دۇكاندا ئىشلەيدىكەن.
帕提古丽的哥哥在门市部工作。
⑤ ئۇلار ئەتە كېلىدىكەن.
他们明天要来。

二、附加成分 چە 及其用法

1. 附加在带有人称附加成分的动名词之后表示依据。如：

① قارىشىمچە، ئۇنىڭ پىكرى توغرا ئەمەس.
② بىلىشىمچە، ئۇ بۇ يەرلىك ئەمەس.
③ ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئادەم دېگەن راستىنلا ئەخمەق نېمىكەن.

2. 附加在形动词后，表示行为动作力所能及的程度。如：

① مەن قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىمەن.
② بىلگىنىمچە سۆزلەپ بېرەي.
③ يېگىنىچە يېسۇن.

3. 附加在形动词后，表示行为动作的方式、状态等意义。如：

① ئۇ يۈگۈرگەنچە (يۈگۈرگىنىچە) ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
② مەن ماتېرىياللارنى كۆتۈرگەنچە (كۆتۈرگىنىمچە) ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم.
③ سەن شۇ ماڭغانچە (ماڭغىنىڭچە) بىر كۈن توختىماي ماڭدىڭمۇ؟

4. 附加在基数词后，可构成概数词，表示估计。如：

① سىنىپتا ئونچە ئوقۇغۇچى بار.
② بۈگۈنكى يىغىنغا ئەللىكچە ئادەم قاتناشتى.

5. 附加在名词和代词之后，可构成副词。这类副词表示行为动作的进行方式。如：

مېنىڭچە، سەنچە، بىزچە، ئۇنىڭچە، سىلەرچە، ھەربىيچە، بۈگۈنچە، بۇ يىلچە، قانداقچە.

① بۇ ئىشنى سەنچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟
② ئاقسۇغا بۇ يىلچە بارماي تۇراي.

③ كىتابىمنى ياخشىلىقچە قايتۇرۇپ بەر.

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

يۈرەك كېسىلى — يۈرەك سۆزى
ئېنىق كۆرۈش — ئېنىق يېزىش
گەپنى ئېنىق ئاڭلىيالماسلىق — ۋاقتى ئېنىق ئەمەس
كىتابقا كۆزى چۈشۈش — كۆڭلەككە كۆزى چۈشۈش
باھاسى يۇقىرى — باھاسى تۆۋەن
باھاسى ئەرزان — باھا قويماق
گۆش سېتىش — ئالما سېتىش
گەپ سېتىش — ئەرزان سېتىش
تونۇش ئادەم — تونۇش ئىزدەش
تونۇش چىراي — تونۇش - بىلىش
ئاغرىقنى يوشۇرۇش — گەپنى يوشۇرۇش
قۇرۇق قول — قۇرۇق خىيال
قۇرۇق گەپ — قۇرۇق نان
قۇرۇق مېۋە — قۇرۇق ئۆي

4. 选用以下词填空。

(دېگەن، پەقەت، ئايھاي، ئاران، بويىچە، ھالدا)

① بۇ سۆزدىن ______ ئۈچلا جۈملە تۈزدۈم.
② مۇئەللىم ______ گەپنى ئاڭلىدىڭمۇ؟
③ ئۇ سىنىپ ______ بىرىنچى.
④ ______ نېمىدېگەن گۈزەل جاي بۇ.
⑤ مەن شەرەپلىك ______ پارتىيىگە كىردىم.
⑥ ياخشىلىقنى ______ بىلمەيدۇ.
⑦ مەن ______ ئوقۇتقۇچى.
⑧ ئائىلىمىز ______ ئۇ ئەلگە ئېگىز.

www.uyghurkitap.com

⑨ تاغقا ______ چىقتىم.
⑩ چوڭ شەھەر ______ مۇشۇدە.
⑪ چۈشتىن كېيىن مەكتەپ ______ تازىلىق قىلىمىز
⑫ «دۈشمەن پۇتقا، دوست باشقا قارايدۇ» ______ گەپ بار.

5. 完成下列句子。

① يەرمەنكە دېگەن كاسات ماللارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتىدىغان ………………
② بۇ دۇكاندىن بىرەر مالنىڭ باھاسىنى سوراشقا، سۈپىتىنى كۆرۈپ بېقىشقا ………………
③ بۇ يەردە كىشىلەر ………………
④ كەچتە تاماقتىن كېيىن ………………
⑤ بىز تىل ئارقىلىق ئۆزئارا ………………
⑥ بىر ئوقۇش يىلىدا ………………
⑦ ئۆتۈلگەن دەرسنى دەرستىن كېيىن ………………
⑧ ھازىر خەلقنىڭ تۇرمۇشى ………………
⑨ يانچۇقۇمدىكى پۇلنىڭ نەدە ………………

6. 用以下词各造两个句子。

جەلپ قىل-، ئىمكان، كۆزى چۈش-، ئۇنا-، تونۇش

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 把下列句子译成维文。

①依我看，这件事不是一件简单的事情。
②我听说，他病了。
③我也要去吗？
④他从早到晚没有回家。
⑤明天下午我们要去游泳。
⑥依他看，维吾尔语课不难。
⑦你们玩可以，我们玩不可以吗？
⑧小红维吾尔语说得好。

9. 回答问题。

① يەرمەنكە دېگەن نېمە؟

② سىز «ئادەم دېگىزى» دېگەننى ئاڭلىغانمۇ؟

③ يايمىنىڭ خوجايىنى سىزگە نېمىلەرنى دېدى؟

④ يەرمەنكىدە نېمىلەر سېتىلىدىكەن، نېمىلەر سېتىلمايدىكەن؟

10. 句型练习。

1.

① مەن بازارنى بىر كۈن ئايلاندىم، لېكىن ھېچنەرسە ئالالمىدىم.

② مېنىڭ بۇ نەرسىگە كۆزۈم چۈشتى، لېكىن سېتىۋېلىشقا ئىمكان بولمىدى.

③ ئۇنىڭدىن ماڭا خەت كەلدى، لېكىن مەن تېخى خەت يازمىدىم.

2.

① ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەن.

② مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس.

③ سېتىشىچە ساتسۇن، قالغىنى قالسۇن.

3.

① ئۇ كەلسىمۇ مەن بارمايمەن.

② بۇ مالنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتسىمۇ ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى.

③ كونا بولسىمۇ ئالىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز يەتتىنچى دەرس

| |
|---|
| قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق. |
| 吃不上葡萄说葡萄酸。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① ئۈزۈم — ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى يۇقىرى، كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەرنىڭ بىرى.

② بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن، ئۈزۈم ھۆل ۋە قۇرۇق پېتى ئىستېمال قىلىنىشتىن سىرت، ئۇنىڭدىن ھاراق ئىشلەنگەن.

③ ئۈزۈمنىڭ مېۋىسى، يىلتىزى، يوپۇرمىقى ـــــ ھەممىسى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

④ شىنجاڭ — مەملىكىتىمىز بويىچە ئۈزۈمزارلىق كۆلىمى ۋە ئۈزۈم مەھسۇلاتى جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## تېكىست

### ئۈزۈم

ئۈزۈم — ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى ئىنتايىن يۇقىرى، كىشىلەر

ياخشى كۆرىدىغان، بالدۇر مېۋىگە كىرىدىغان، مول ھوسۇللۇق، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىممىتى زور بولغان مېۋىلەرنىڭ بىرى.

ئالاقىدار ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۈزۈم بەش مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، ئۇنىڭ ئەسلى ماكانى ياۋروپا، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي قىسىملىرى. ئەڭ دەسلەپتە قارا دېڭىز ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدا ياۋا ئۈزۈم ئۆستۇرۇلگەن.

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن شىنجاڭدا ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىنغان. ئۈزۈم ھۆل ۋە قۇرۇق پېتى ئىستېمال قىلىنىشتىن سىرت ئۇنىڭدىن هاراق ئىشلەنگەن.

ئۈزۈمنىڭ دورىلىق قىممىتى يۇقىرى. ئۇنىڭ مېۋىسى، يىلتىزى، يوپۇرمىقىمۇ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۈزۈمنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ يۇقىرى. ئۇنىڭدىن ھەر خىل مۇراببا، كەمپۈت قاتارلىقلار ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.

ھازىر دۇنيادىكى ئۈزۈمنىڭ تۈرى سەككىز مىڭ خىلدىن ئېشىپ كەتتى. مەملىكىتىمىزدە ئۈزۈمنىڭ تۈرى بەش مىڭ خىلغا يېتىدۇ.

شىنجاڭدا ئۈزۈم سورتلىرى ناھايىتى كۆپ، دەسلەپكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يەرلىك ئۈزۈم سورتلىرى 50 خىلدىن ئارتۇق. چەتتىن كىرگۈزۈلگىنى 400 خىلدىن ئاشىدۇ.

شىنجاڭ — مەملىكىتىمىز بويىچە ئۈزۈمزارلىق كۆلىمى ۋە ئۈزۈم مەھسۇلاتى جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇرپان بىلەن خوتەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئۈزۈمچىلىك بازىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## سۆھبەت

ئا: سىز قايسى مېۋىنى ياخشى كۆرىسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئە: ئۈزۈم بىلەن قوغۇننى.
ئا: نەنىڭ ئۈزۈمى ياخشى؟
ئە: تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق.
ئا: ئۈزۈمنىڭ ئەسلى ماكانى قەيەر؟
ئە: ياۋروپا.
ئا: شىنجاڭدا قاچان ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىنغان؟
ئە: بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن.
ئا: ئۈزۈمدىن نېمە ئىشلىگىلى بولىدۇ؟
ئە: مۇراببا، كەمپۈت، هاراق ئىشلىگىلى بولىدۇ.
ئا: دۆلىتىمىزدە ئۈزۈمنىڭ تۈرى قانچە خىلغا يېتىدۇ؟
ئە: بەش مىڭ خىلغا يېتىدۇ.
ئا: ئۈزۈم مەھسۇلاتى جەھەتتە مەملىكىتىمىزدە قەيەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؟
ئە: شىنجاڭ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئۈزۈمزارلىق | (ئى) | 葡萄园 |
| ئەڭ | (س) | 最 |
| بەرپا قىلـ | (نېمىنى) | 建立，设立，创立 |
| ھۆل | (س) | 湿的，潮湿的 |
| قۇۋۋەت | (ئى) | 力量；营养，能量 |
| يىلتىز | (ئى) | 根 |
| يەرلىك | (س) | 地方的 |
| يوپۇرماق | (ئى) | 叶子 |
| مۇراببا | (ئى) | （果）酱 |
| سورت | (ئى) | 品种；等级 |
| قۇرۇتۇلـ | (نېمە) | （被）晒干，（被）晾干 |

| | | |
|---|---|---|
| 生产 | (نېمىنى) | ئىشلەپ چىقار- |
| 开始,起先,最初 | (ر) | دەسلەپ |
| 野的,野生的;认生的 | (س) | ياۋا |
| 住处;(盛产某种东西的地方) | (ئى) | ماكان |
| 根据,依据,依照,按照,基础上 | (نېمىگە) | ئاساسلان- |
| 使进入;领入,引入 | (نېمىنى) | كىرگۈز- |
| 方面 | (ئى) | جەھەت |
| 黑海 | (ئى) | قارا دېڭىز |
| 地中海 | (ئى) | ئوتتۇرا دېڭىز |
| 结果 | (نېمە) | مېۋىگە كىر- |
| 丰收的 | (س) | مول ھوسۇللۇق |
| 价值;贵 | (ئى) | قىممەت |
| 有关的 | (س) | ئالاقىدار |
| 资料 | (ئى) | ماتېرىيال |
| 种,种类 | (ئى) | تۈر |

〔**词语用法说明**〕

**سىرت**

1. 是名词,表示“外面,外”等意思。如:

① ئۇ دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ سىرتقا قارىدى.

② يۈرە، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى.

③ بۇ يىل سىرتلارغا چىقمىدىڭغۇ؟

2. 作后置词用,与带从格的词连用,表示“以外,之外”等意思。

① ئۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە رۇس تىلىمۇ ئۆگەندى.

② مەن ئەتىگەندە ئازراق نان يېگەندىن سىرت، كەچكىچە ھېچنېمە يېمىدىم.

③ مەن بۇ كىتابلاردىن سىرت، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئالدىم.

〔语法要点〕

## 复句　　　　قوشما جۈملە

由意义、结构和语调上有密切关联的两个或两个以上的单句组成一个语法单位，叫做复句。复句中的各单句即分句之间的各种关系是通过关联词语或各分句的前后次序等句法手段来体现的。如：

① مەن خىزمەتكە بارىمەن، ئۇ ئۆگىنىشكە بارىدۇ.

我去上班，他去学习。

② ئەتە دەم ئالساق، باغچىغا بېرىپ ئوينايلى.

如果明天休息，咱们去公园玩。

③ دېگىنىڭىز توغرا بولسىلا، بىز تۈزىتىمىز.

只要你说得对，我们就改正。

根据分句之间的意义关系和结合程度，复句可以分成联合复句和偏正复句两大类。

### 联合复句　　　　تەڭداش قوشما جۈملە

由两个或两个以上关系平等的分句构成的复句叫联合复句，联合复句的各分句没有主次之分，在意义上是平等的。

联合复句中，分句与分句之间主要有以下几种关系：

并列关系

几个分句分别陈述几件事物，或者说明同一事物的几个方面，并列关系复句中可以用语序手段连结，也可以用关联词语连结。常用的关联词有：

(…和…)　　...... ۋە ......

(…又…)　　...... ھەم .........

(…并且)　　...... ھەمدە (شۇنداقلا)، ....

(既要…又要)　　...... ھەم .... ھەم ....

(…也…也)　　......مۇ، ...... مۇ ......

(…，还…)　　......، يەنە

(…，同时…)　　......، شۇنىڭدەك

......، شۇنىڭ بىلەن بىللە

① ئەتىياز كەلدى، قارلار ئېرىدى ۋە دەل - دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىدى.

春天来了,雪化了,树木开始发绿了。

② ناخشا جاراڭلىماقتا، لاچىن پەرۋاز قىلماقتا.

歌声在飞扬着,雄鹰在飞翔。

③ بۇ گەپنى مەن دېگەن، ئۇ دېمىگەن.

这话是我说的,不是他说的。

④ مەن تاماكا چەكمەيمەن، هاراقمۇ ئىچمەيمەن.

我不抽烟,也不喝酒。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| ئۈزۈم بايرىمى | ئۈزۈم هارىقى |
| قارا ئۈزۈم | ئۈزۈم مۇرابباسى |
| ئۈزۈم يۇرتى | ئۈزۈم يېمەك |
| ئۈزۈم سورتى | ئۈزۈم ماكانى |
| باهاسى قىممەت | قىممەت نەرسە |
| قىممىتى يۇقىرى | قىممىتى يوق |
| هۆل مېۋە | هۆل كىيىم |
| هۆل يەر | يول كۆرسەتمەك |
| كېسەلنى دوختۇرغا كۆرسەتمەك | قولى بىلەن كۆرسەتمەك |
| ئۆزىنى كۆرسەتمەك | مال كىرگۈزمەك |
| بالىنى ئۆيگە كىرگۈزمەك | يېڭى ماتېرىيال كىرگۈزمەك |
| قۇۋۋەت دورىسى | قۇۋۋىتى يۇقىرى |
| قۇۋۋىتى بار تاماق | قەلەم ئىشلەتمەك |
| ئادەم ئىشلەتمەك | پۇل ئىشلەتمەك |
| ئاشلىق ئىشلەپ چىقارماق | مەهسۇلات ئىشلەپ چىقارماق |

| | |
|---|---|
| تۇرى كۆپ | تۇرى ئاز |
| ئارتۇق قەلەم | ئارتۇق نەرسە |
| خۇشاللىق ئېلىپ كەلمەك | پۇل ئېلىپ كەلمەك |
| يېڭى خەۋەر ئېلىپ كەلمەك | خەۋەر ئېلىپ كەلمەك |
| باي يېزا | باي ئادەم |
| باي دۆلەت | باي ئائىلە |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| بالدۇر | يەر |
| ئالاقىدار | خەت |
| ئەڭ | رايون |
| ھۆل | ئىشلەتمەك |
| خۇشاللىق | كەڭ |
| باي | كەلمەك |
| سىنىپ | سورت |
| مەھسۇلات | ئىستېمال قىلماق |
| دەسلەپ | ئورۇن |
| پۇل | قىممەت |
| ئادەم | چوڭ |
| ھاراق | بويىچە |
| كۆلەم | ئارتۇق |
| دۇنيا | ئېلىپ كەلمەك |
| ئۈزۈم | كىرگۈزمەك |

4. 选用以下词填空。

(بالدۇر، سىرت، باشقا، قانچىلىك، تېخى، بىلەن)

① مەن ھەممىدىن ______ قايتىپ كەلدىم.

② ______ ئالمىدىن دېسەڭ شۇنچىلىك ئال.

③ مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بىلمەيمەن، ______لاردىن سوراپ باق.



www.uyghurkitap.com

④ پەقەت بىرلا قەلىمىم بار، ______ نەرسەم يوق.
⑤ ______ بىلگەن بولسام چوقۇم ياردەم قىلاتتىم.
⑥ ئۇ مەن ______ تونۇشمايدۇ.
⑦ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، ______ قا چىقمايلى.
⑧ بىز دەرسلەرنى ______ تەكرار قىلىمىدۇق.
⑨ ئۇ ئۆگىنىشتە ياخشى بولغان ______ سالامەتلىكتە ياخشى ئەمەس.
⑩ ئۇ ______ كەلمىدى.

5. 完成下列句子。

① مەن بۇرۇن ئاززاق ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن، ……
② كىمگە لازىم بولسا، ……
③ ھەممىمىز تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز……
④ مەن بازارغىمۇ بارمايمەن……
⑤ غەيرەت ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرىدۇ……
⑥ مەن بارىمەن……
⑦ ئۇلار ھازىر كېلەلمەيدۇ……
⑧ مەن ئۈزۈم ھارىقىنى ئىچىپ باقمىغان……

6. 用以下词各造两个句子。

كۆرسەت-، ئېلىپ كەل-، ئارتۇق، ئاساسلان-، ئىشلەپ چىقار-

7. 给下列句子改变成疑问句。

① ئۈزۈم بەش مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.
② ئۈزۈمنىڭ دورىلىق قىممىتى يۇقىرى.
③ ھازىر دۇنيادىكى ئۈزۈمنىڭ تۈرى سەككىز مىڭ خىلدىن ئېشىپ كەتتى.
④ ئۈزۈمنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ھەر خىل كىسلاتا ۋە ۋىتامىن بار.
⑤ ئۈزۈم — ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى يۇقىرى مېۋە.

⑥ تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق.

8. 把下列句子译成维文。

①他们讲完后你再讲。

②我们是一个地方的。

③在水果中,我最喜欢吃葡萄。

④春天来了,天气开始热了。

⑤哪条路近,我们就走哪条路。

⑥古丽努力学习,所以学习成绩好。

⑦如果我有时间,我一定去。

⑧我问你一件事。

9. 模仿重点句子进行造句练习。

10. 回答问题。

① ئۈزۈم قانداق مېۋە؟

② ئۈزۈمنىڭ ئەسلى ماكانى قەيەر؟

③ ئۈزۈم شىنجاڭدا قاچان بەرپا قىلىنغان؟

④ ئۈزۈمنىڭ تەركىبىدە نېمىلەر بار؟

⑤ شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم سورتلىرى قانداق؟

11. 句型练习。

1.

① كۆز — كۆرۈش ئەزاسى.

② ئۈزۈم — ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى يۇقىرى مېۋە.

③ ئۈرۈمچى — شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى.

④ بېيجىڭ — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى.

2.

① بۈگۈن مەكتەپ بويىچە تازىلىق قىلدۇق.

② ئۇنىڭ ئۆگىنىشى سىنىپ بويىچە ياخشى.

③ پۈتۈن شەھەر بويىچە مۇشۇ بىنا ئەڭ ئېگىز.

3.

① بۈگۈن ئۆي تازىلايمەن، كىر يۇيىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىم كۆپ.

② بۇ شەھەردە ئۇلاردىن باشقا تونۇيدىغان ئادەملىرىم يوق.

③ دەيدىغان گەپلىرىمنى دەپ بولدۇم، ئۇنىڭدىن باشقا گېپىم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز سەككىزىنچى دەرس

| |
|---|
| ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاققان سۇ.<br>度过的岁月如流去的水。 |

## نۇقتىلىق جۇملىلەر 重点句子

① بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇشمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى.

② دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلدى.

③ ئۇنىڭ ئېلان تاختىسىدىكى كىنو ئېلانىغا كۆزى چۈشتى - دە، ئويلىنىپ قالدى.

④ شۇنداق قىلىپ، تۆت - بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

⑤ ئۇ ئىمتىھان سوئالىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن بېشىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى، چۈنكى ئىمتىھان سوئاللىرى قېرىشقاندەك ئۇ تەييارلىق قىلمىغان يەرلەردىن چىققانىدى.

## تېكىست

### مەن چوقۇم

بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇشمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى.

مەۋسۇملۇق ئىمتىھان يېقىنلاشتى......
مۇئەللىمنىڭ ئىمتىھانغا قانداق تەييارلىق قىلىش ھەققىدىكى سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان غەيرەت كۆڭلىدە «مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئويۇنغا بېرىلمەي، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە قىلدى.
دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلدى. ئۇ سومكىسىنى ئېسىپ ئۆيىگە ماڭدى. يېرىم يولغا كەلگەندە «غەيرەت، توختىغىنا» دېگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ئېلىنى كۆردى. ئېلى:
— ئاداش، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «ئا» سىنىپنىڭ پۇتبولچىلىرى بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىدىغان بولدۇق. سەنمۇ چۈش، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى! — دېدى.
ئېلىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان غەيرەت كۆڭلىدە:
«قانداق قىلىش كېرەك؟ بوپتۇ ئوينىسام ئويناي، ئىمتىھانغا يەنە بىر ھەپتە بارغۇ، نېمىدىن ئەنسىرەيتتىم» دەپ ئويلىدى.
ئەتىسى غەيرەت مەكتەپتىن دەرس تەييارلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئېلان تاختىسىدىكى «چىن ۋەدە» ناملىق يېڭى كىنو ئېلانىغا كۆزى چۈشتى - دە، ئويلىنىپ قالدى: «يېڭى كىنو ئىكەن ... . كۆرۈۋالاي، ئىمتىھانغا يەنە تېخى بىرنەچچە كۈن بارغۇ؟ ئەتىدىن باشلاپ چوقۇم ھېچ ئىش قىلماي دەرس تەكرارلايمەن ...»
شۇنداق قىلىپ چوقۇم، چوقۇم بىلەن تۆت - بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئىمتىھانغا پەقەت بىر كۈنلا قالدى. بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق، تۇمانلىق ئىدى. غەيرەت بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى

جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە: «ئەتىكى ئىمتىھاننى چوقۇم ياخشى بېرىشىم كېرەك ...» دەپ ئويلىدى. ئۇ دەرسلىكلەرنى قولىغا ئېلىپ قايسىبىرىنى كۆرۈشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى ـ دە، ھېلى ئۇ يەردىن، ھېلى بۇ يەردىن كۆرۈشكە باشلىدى ......

«جىرىڭ، جىرىڭ ...»

مانا ئىمتىھانغا كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. غەيرەت كۆڭلىدە يەنىلا: «ئىمتىھاننى چوقۇم ياخشى بېرىمەن!» دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئىمتىھان قەغىزىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن خۇددى بېرى بېشىغا بىر توقماق سالغاندەك بېشىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى. چۈنكى بۈگۈنكى ئىمتىھاننىڭ سوئاللىرى خۇددى قېرىشقاندەك ئۇ تەييارلىق قىلمىغان يەردىن چىققانىدى ...

## سۆھبەت

ئا: لى خۇڭ قېنى؟
ئە: سىنىپتا.
ئا: نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟
ئە: مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ.
ئا: رەناچۇ؟
ئە: ئۇ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.
ئا: ئوغۇللار كۆرۈنمەيدىغۇ؟
ئە: ئۇلار مەيداندا پۇتبول ئويناۋاتىدۇ.
ئا: قايسى سىنىپ بىلەن؟
ئە: 94 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ بىلەن.
ئا: ئىمتىھانغا يەنە نەچچە كۈن قالدى؟
ئە: بەش كۈن.
ئا: ئىمتىھاننى قانداقراق بەردىڭ؟

ئە: خېلى ياخشى بەردىم.
ئا: سەنچۇ؟
ئە: ئانچە ياخشى بېرەلمىدىم.
ئا: نەچچە ئاپسەن؟
ئە: 62. ئاغرىپ قېلىپ ياخشى تەكرار قىلالمىدىم.
سوئالمۇ بەك تەسكەن.
ئا: بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئۆگەن.
ئە: چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئاخىرلاش- | (ىپمە) | 结束,完结 |
| بېرىل- | (ىپمىگە) | 专心,认真;醉心于;着迷 |
| ۋەدە قىل- | (كىمگە) | 许诺,答应;保证 |
| قوڭغۇراق | (ئى) | 铃,铃铛 |
| چال- | (ىپمىنى) | 弹;拉;吹;敲打;拍;奏 |
| ئاۋاز | (ئى) | 声,声音,嗓门;音量;呼声 |
| پۇتبولچى | (ئى) | 足球运动员 |
| ئېلىش- | (كىم بىلەن) | 搏斗,交锋,交手 |
| تەييارلا- | (ىپمىنى) | 准备,预备,筹备,筹划 |
| كۆڭۈلگە پۈك- | (ىپمىنى) | 打算,盘算 |
| ئېلان | (ئى) | 布告,告示;广告 |
| تاختا | (ئى) | 板,盘 |
| چىن ۋەدە | (س ب) | 真诚的诺言 |
| ناملىق | (س) | 叫作…的,名为…的,以…命名的 |
| تۇتۇق | (س) | 阴的,阴沉的 |
| تۇمانلىق | (س) | 雾气腾腾的,雾蒙蒙的 |
| ئادەتتىن تاشقىرى | (ر) | 格外,非常 |

كىتاب نۇر بىكتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| 紧张，急迫 | (قانداق بول) | جىددىيلەش- |
| 教材，教程，教科书 | (ئى) | دەرسلىك |
| 发愣，发呆；不知所措 | (كىم) | گاڭگىرا- |
| 丁铃铃 | (ت) | جىرىڭ |
| 关于；论 | (س) | ھەققىدە |
| 纸 | (ئى) | قەغەز |
| 棒子 | (ئى) | توقماق |
| 作对；偏偏，偏巧 | (كىم بىلەن) | قىرىش- |
| 决定，决议；主义，主见 | (ئى) | قارار |

〔词语用法说明〕

一、语气词 ئا (ئە)

1. 附加在第二人称祈使式动词后，加重祈使或命令语气。如：

① ئالىم توختىغىنا. 阿里木，你停一下。

② سىز بۇ ياققا كېلىڭا. 你过来吧。

③ ئاپا، پۇل بولسا يۈز كوي بەرگىنە.

妈，有钱的话给我一百块。

2. 附加在疑问句句末，加重疑问语气。如：

① ئادالەت كىنوغا بارمامدىكىنە؟

阿达来提，不去看电影吗？

② سەن تاماق يېمەمسىنا؟ 你不吃饭吗？

③ ئۇ ئۇيغۇرچە بىلەمدىكىنا؟ 他会维吾尔语吗？

④ سەن مۇشۇ يەردە ئىشلەمسىنا؟ 你在这儿工作吗？

二、بىر

基数词 بىر 除表示事物的数目或动作的次数外，还可以表示以下几种意义：

1. 与名词连用，表示泛指或含糊，含有“每一个”或“某一”等意思。如：

① تۈنۈگۈن سىزنى بىر ئادەم ئىزدەپ كەلگەنىدى، سىز

يوق، ئۇ كېتىپ قالدى.

昨天有个人来找你,你不在,他就走了。

② سەن بىر ئامال قىلىپ، ماڭا ئايروپىلان بېلىتىدىن بىرنى ئېلىپ بەر.

你想办法给我买张飞机票。

③ ھەممە يەرنى ئىزدەپ، يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم.

找遍了所有的地方,可没找到一点儿吃的东西。

2. 表示行为动作的一致性或共同性。如:

① ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبى بىر.

各族人民心连心。

② مەن ئالىم بىلەن بىر ياتاقتا ياتىمەن.

我和阿里木住一个宿舍。

③ ئەرەبلەر 23 دۆلەت ۋە رايونغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىلى بىر، يېزىقى بىر، ئېتىقادى بىر.

阿拉伯人虽然分散在二十三个国家和地区,可他们拥有共同的语言、共同的文字和共同的信仰。

④ بىز مەكتەپتىن بىرگە قايتتۇق.

我们是从学校一块儿回来的。

3. 与 كىم 、 نېمە 等疑问代词连用,起不定代词的作用。如:

① بىر كىم مېنى سوراپ قالسا، يوق دېگىن.

要是有人找我,你就说不在。

② سىز بىر نېمە ئالامسىز؟

你要买点什么吗?

4. 在句中作定语,起突出指出对事物性质和特征的作用。如:

① بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەسىلە.

这是一个很复杂的问题。

② بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر كۈن.

这是非常有意义的一天。

③ پاتەم بىر ياۋاش قىز ئىدى.

帕台木原本是个很老实的姑娘。

④ ئۇ بىر چوڭ شەھەر ئىكەن.

它是个大城市。

⑤ سەن بىر پارتىيە ئەزاسى، ئامما-غا ئۈلگە بولۇشۇڭ كېرەك.
你是一名党员,应该为群众做出榜样。

5. 表示"只有、只、唯有"等意思。如:

① بۇ ئىشنى بىر تۇرسۇنلا بىلىدۇ.
这事只有吐尔逊知道。

② ئۇ لۇغەتتىن ھەممىسى ئاپتۇ، بىر مەنلا ئالماپتىمەن.
这种字典其他人都买了,只有我没买。

〔语法要点〕

连贯关系

两个或两个以上的分句,按前后顺序说明连续发生的事件或相关的情况,各分句的顺序不能颠倒。

连贯复句可以不用关联词语,也可以用关联词语连结,常用的关联词语有:

先…,再… ……… ئاۋۋال ………، كېيىن ………

首先…然后… ئالدى بىلەن ………، ئاندىن كېيىن …
ئاۋۋال ………، ئاندىن ………

① ياز كەلدى، ھاۋا ئىسسىپ كەتتى.
夏天来了,天气热了。

② قىزلار ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ.
姑娘们听了他的故事,眼里含满了泪水。

③ بىز ئالدى بىلەن دەرس ئاڭلايلى، ئاندىن كېيىن تاپشۇرۇق ئىشلەيلى.
我们先听课,然后做作业吧。

递进关系

后一分句的意思比前一分的意思更进一层。

常用的关联词语有:

… قالماستىن، بەلكى … مۇ …



www.uyghurkitap.com

不仅…而且… ...... قالماي، بەلكى ......
不但…还 ............... ، ھەتتا ......
不但…而且… ............... ، بولۇپمۇ ......
除…之外;还… ...... ئۇياقتا تۇرسۇن، ......
......دىن باشقا، يەنە ......
...... ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ......
...... لا ئەمەس، بەلكى ......

① مەن ئۇنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان.

我从来没有见过他,甚至连他的名字也没有听说过。

② ئۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى يىغىن ئېچىشقا قارشى تۇردى.

他不仅不参加会,而且反对开会。

③ ئۇ تۆت يىل ئىچىدە ئۆز كەسپىنى پۇختا ئىگىلەپلا قالماي، ھەتتا بىر خىل چەت تىلىنىمۇ ئىگىلىۋالدى.

他在四年中,不但熟练的掌据了本专业,甚至还学会了一门外语。

④ ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن باشقا، يەنە ماڭا ياردەملەشتى.

他除了完成自己的任务之外,还帮了我。

选择关系

几个分句分别说出几件事情,表示从中有所选择。

常用的关联词语有:

或者…或者 يا ......... ، يا .........
要么…要么… ياكى ...... ، ياكى
......... يا ...
......... ياكى

① يا سىز ماڭا خەت يېزىڭ، يا مەن سىزگە خەت يازاي.

或者你给我写信,或者我给你写信。

② بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كىنو كۆرىمىزمۇ ياكى

ۋاسكېتبول ئوينايمىزمۇ؟

今天下午我们是看电影，还是打篮球？

③ بىز نەنسەنگە بارىمىزمۇ ياكى بوغدا كۆلىگە بارىمىزمۇ؟

我们去南山呢，还是去天池？

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش | تاماققا تەييارلىق قىلىش |
| دەرسكە تەييارلىق قىلىش | يولغا تەييارلىق قىلىش |
| كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش | كۆڭۈل قويۇپ سۆزلەش |
| كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش | بېرىلىپ ئوقۇش |
| بېرىلىپ ئىشلەش | ئويۇنغا بېرىلىش |
| بالىسىدىن ئەنسىرەش | ئاتا - ئانىسىدىن ئەنسىرەش |
| ھاۋا تۇتۇق | چىرايى تۇتۇق |
| خەت تۇتۇق | دەرستىن چۈشۈش |
| تاغدىن چۈشۈش | باھا چۈشۈش |
| يوپۇرماقلار چۈشۈش | يامغۇر چۈشۈش |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| كىنو | ۋەدە قىلماق |
| يۇقىرى | چىرايلىق |
| دوست | كۆڭۈل قويماق |
| ئىمتىھان | كىتاب |
| دەرس | ئېلىشماق |
| ئۆزئارا | قەغەز |
| ئېلان | ئاخىرلاشماق |
| تۇمانلىق | توختىماق |
| ئادەتتىن تاشقىرى | تۇتۇق |

| | |
|---|---|
| ئازراق | تەييارلىق قىلماق |
| دەرسلىك | كېچە |
| خىزمەت | سالماق |
| چىراي | ئاۋاز |
| ئاق | جىددىيلەشمەك |
| ئۆي | قىلماق |

4. 选用以下词填空。

(بىر، خېلى، يەنە، ئەمىسە، پېتى، قارىغاندا)

① ساۋاقداشلارنىڭ ئېيتىشىغا ______ بۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغۇچىكەن.

② مۇشۇ ______ قايتىپ كەتسەك قانداق بولىدۇ؟

③ ئۇ ______ يامان ئادەم.

④ ______ يىغىنىمىزنى باشلايلى.

⑤ مېنىڭ يەنە ______ يېقىن دوستۇم بار.

⑥ بۇ ئوقۇغۇچى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ______ ياخشى.

⑦ مۇئەللىم ______ نېمە دېدى؟

⑧ ماقا ______ ئۇ ياخشى يازىدۇ.

⑨ بېشىم ______ ياخشى بولۇپ قالدى.

⑩ تاماق شۇ ______ ئېشىپ قالدى.

⑪ خوش ______ كېيىن كۆرۈشەيلى.

5. 完成下列句子。

① گەرچە ئۇ ئاغرىپ قالغان بولسىمۇ،……

② بىز ئاۋۋال ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردۇق،……

③ مەن بۇ ئىشلاردىن باشقا، يەنە……

④ بىز ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلامدۇق ياكى……

⑤ مەن ئىمتىھان قەغىزىنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن……

⑥ ئۇ كونا ساۋاقداشلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى، ھەتتا……

⑦ مەن بارالمىدىم……

⑧ ئاۋۋال تېكىستنى ئوقۇڭ، ئاندىن كېيىن ……

⑨ بۇ ئىشنى مەنلا ئەمەس، بەلكى……

⑩ بۈگۈن ئىشىم ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە……

www.uyghurkitap.com

6. 用以下词各造两个句子。

بېرىل-، ئاخىرلاش-، تۇتۇق، ئەنسىرە-، قېرىش-

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 把下列句子译成维文。

(1)我先说，然后你再说。

(2)他不仅学习好，而且字写得也很漂亮。

(3)我除了他们以外，还认识很多人。

(4)他不但漂亮而且很聪明。

(5)或者你说，我写或者我说，你写。

(6)我读还是翻译？

(7)近来古丽的学习好多了。

(8)你们回家以后经常给我们写信吧。

9. 回答问题。

① غەيرەت ئۆز ئۆزىگە قانداق ۋەدە قىلدى؟

② غەيرەت ئۆيىگە قايتىش يولىدا كىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى؟

③ ئېلى غەيرەتكە نېمەدەپ تەكلىپ بەردى؟

④ غەيرەت كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ نېمىنى كۆردى ھەم نېمىنى ئويلىدى؟

⑤ شۇنداق قىلىپ قانداق بولدى؟

⑥ غەيرەت ئىمتىھاننى قانداق بەردى؟

10. 句型练习。

1. ① مەن ئەمدى دەرستىن چۈشەي دەپ تۇرغانىدىم.
② مەن ئەمدى ئۇخلاي دەپ تۇراتتىم.
③ ۋاقىتمۇ توشاي دەپ قاپتۇ.

2.
① شۇنداق قىلىپ، بىز ئاخىرى خوشلاشتۇق.
② شۇنداق قىلىپ، بىز يېقىن دوست بولۇپ قالدۇق.
③ شۇنداق قىلىپ، ئىمتىھانمۇ ئاخىرلاشتى.

3.
① ئۇ دەرسكە كەلمىدى، چۈنكى ئۇ ئاغرىپ قالغان.
② مەن ئېيتمايمەن، چۈنكى مەن ۋەدە قىلغان.
③ مەن بارالمايمەن، چۈنكى جىددىي ئىشىم بار.

4.
① ئۇ ياخشى جاۋاب بەردىم دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.
② مەن بۇ ئۇسۇلنى ياخشى ئۇسۇل دەپ ئويلىدىم.
③ گۈلى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز توققۇزىنچى دەرس

سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل.
使人相亲相爱的是语言,使人反目叛离的也是语言。

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① مەن خېلى يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمەن، لېكىن يېقىندىن بۇيان بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم.
② يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغىلىمۇ بىر ھەپتە بولدى، بىراق ساڭا ۋاقتىدا جاۋاب خەت يازالمىدىم.
③ ھەرقايسى دەرسلەردە نەتىجەم يامان ئەمەس، لېكىن تەلەپتىن تېخى يىراق، بولۇپمۇ چەت ئەل تىلىدا نەتىجەم كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس.
④ چەت ئەل تىلىدا نەتىجەم كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ تىرىشىشىمغا توغرا كېلىدۇ.
⑤ ئەگەر تەتىلدە ئۆيۈڭگە قايتمىساڭ، بىز تەرەپكە كەل.

## تېكىست

### سالام خەت

قەدىرلىك دوستۇم پاتەم:
قانداق ئەھۋالىڭ؟ تېنىڭ سالامەت، تۇرمۇشۇڭ

كۆڭۈللۈك، ئوقۇشۇڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كېتىپ بارامدۇ؟

مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، خېلى يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمەن، لېكىن يېقىندىن بۇيان بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغىلى بىر ھەپتە بولدى، بىراق ساڭا ۋاقتىدا جاۋاب خەت يازالمىدىم. ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمەن.

بۇ مەۋسۇملۇق ئوقۇشىمىز ئاخىرلىشىپ قالدى. يېقىندا ئىمتىھان باشلىنىدۇ. يېرىم يىلدىن بۇيان كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. ھەرقايسى دەرسلەردە نەتىجەم يامان ئەمەس، لېكىن تەلەپتىن تېخى يىراق، بولۇپمۇ كەسپىي دەرس ۋە چەت ئەل تىلىدا نەتىجەم كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، شۇڭا بۇندىن كېيىن يەنىمۇ تىرىشىشىمغا توغرا كېلىدۇ.

يېرىم يىللىق ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىدىن ئالغان نۇرغۇن تەسىراتلىرىم بار. ئۇلارنى بۇ خەتتە يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. سېنىڭ بىلەن پاتراق يۈز كۆرۈشۈپ ئوبدان ئەھۋاللىشىشقا ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تەشنا بولماقتىمەن.

تەتىلدە ئۆيگە قايتامسەن؟ ئەگەر قايتمىساڭ، سىلەر تەرەپكە بارىمەن. مەن بارغۇچە بىر يەرگە كەتمە. ئەگەر خالىساڭ، بىز تەرەپكە كەل. تەتىلنى بىرگە ئۆتكۈزەيلى. خەتنى مۇشۇ يەرگىچە يازاي.

ئايگۈل، تۇرسۇنلارغا سالام ئېيت.

ساڭا سالامەتلىك تىلەپ دوستۇڭ پاتىگۈل

1995 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

## سۆھبەت

ئا: ئائىلىڭىزدە قانچە جان بار؟

ئە: بەش جان بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئا: ئاتا ـ ئانىڭىز سالامەتمۇ؟
ئە: دادام ئۆتكەن يىل تۈگەپ كەتتى.
ئا: سىلەر قانچە بالا؟
ئە: تۆت بالا. ئاكام، ھەدەم، ئىنىم ۋە مەن.
ئا: سىڭلىڭىز يوقمۇ؟
ئە: يوق.
ئا: ئانىڭىز پېنسىيىگە چىققانمۇ؟
ئە: تېخى پېنسىيىگە چىقمىدى.
ئا: ئاكىڭىز ئىشلەمدۇ ياكى ئوقۇمدۇ؟
ئە: ئۇ ئىشلەيدۇ.
ئا: نەدە ئىشلەيدۇ؟
ئە: باج ئىدارىسىدا.
ئا: ھەدىڭىزنىڭ نەچچە بالىسى بار؟
ئە: ئىككى.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئالىي مەكتەپ | (س ب) | 高等学校,大学 |
| ئەھۋاللاش- | (كم بىلەن) | 交谈,聊天,寒暄 |
| پىكىر ئالماشتۇر- | (كم بىلەن) | 交换意见 |
| پات | (ر) | 快 |
| ئالماشتۇر- | (كم بىلەن، نەگە) | 交替,互换 |
| تەسىرات | (ئى) | 感想,感受,体会 |
| تىلە- | (نىمىنى) | 祝愿,请求 |
| جاۋاب خەت | (س ب) | 回信 |
| ھەدە | (ئى) | 姐姐 |

| | | |
|---|---|---|
| 见面,会见 | (كىم بىلەن) | يۈز كۆرۈش- |
| 最近 | (س ب) | يېقىندىن بۇيان |
| 各方面 | (س ب) | ھەرقايسى |
| 成功的,有成就的 | (س) | مۇۋەپپەقىيەتلىك |
| 称心如意 | (س) | كۆڭۈلدىكىدەك |
| 愿意,情愿,甘心,乐意 | (نېمىنى) | خالا- |
| 问候,致意,敬意,敬礼 | (ئى) | سالام |
| 问候信,平安家信 | (س ب) | سالام خەت |
| 问候 | (كىمگە) | سالام ئېيت- |
| 身体 | (ئى) | تەن |
| 需要,不得不 | (نېمە) | توغرا كەل- |
| 去世 | (نېمە، كىم) | تۇگەپ كەت- |

〔词语用法说明〕

## خېلى

خېلى是副词,表示程度高,但不到"很"的程度。如:

① ئۇنىڭ پۇلى خېلى كۆپ. 他的钱相当多。

② ئىشخانىدىن ئۆيگە بېرىش ئۇچۇن خېلى ماڭىمىز.

从办公室到家里要走好长时间。

③ ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

他的病好多了。

④ خېلى كۈنلەر ئۆتتى. ئۇنىڭدىن بىرەر پارچىمۇ خەت كەلمىدى.

已经过去了一段时间,可他一封信也没来。

⑤ مەن سېنى خېلى ساقلىدىم، لېكىن سەن كەلمىدىڭ.

我等了你好长时间,可你没来。

〔语法要点〕

**غۇچە 副动词（界限副动词）**

构成：在动词词干后附加 -غۇچە // -قۇچە // -گۇچە // -كۇچە 附加成分构成。如：

بار + غۇچە = بارغۇچە　　ئوينا + غۇچە = ئوينىغۇچە

يات + قۇچە = ياتقۇچە　　ئىشلە + گۇچە = ئىشلىگۇچە

كەل + گۇچە = كەلگۇچە　　كەت + كۇچە = كەتكۇچە

否定式：在否定动词之后附加-غۇچە 或-گۇچە 构成。如：

بارما + غۇچە = بارمىغۇچە　　ياتما + غۇچە = ياتمىغۇچە

ئىشلىمە + گۇچە = ئىشلىمىگۇچە　　كەتمە + گۇچە = كەتمىگۇچە

غۇچە 副动词在句中作状语，表示以下意义：

①表示以该动作发生的时间作为终点。

① بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولمىغۇچە دەم ئالمايمىز.

在没有完成这项任务之前，我们不休息。

② بىز كەلگۇچە، سەن كەتمە.

我们来之前，你不要走。

③ يامغۇر تاڭ ئاتقۇچە ياغدى.

雨一直下到天亮。

②表示经过比较被舍弃的动作。

① بىكار ئولتۇرغۇچە، ناخشا ئېيتايلى.

我们与其闲坐着，不如唱唱歌。

② ماشىنا بىلەن بارغۇچە، پىيادە بارايلى.

咱们与其坐车去，不如走着去。

## 二、反身代词　　ئۆزلۈك ئالماش

用来突出或强调人或事物本身的代词叫反身代词，反身代词在句中可以回答 كىم ， كىملەر 等问语。

维吾尔语中，反身代词只有ئۆز（自己），它的人称和数是通过

附加成分表现出来的。

**反身代词人称变化表**

| 人称＼数 | | 单　数 | 复　数 |
|---|---|---|---|
| 第一人称 | | ئۆزۈم（我自己） | ئۆزىمىز（我们自己） |
| 第二人称 | 普称 | ئۆزۈڭ（你自己） | ئۆزۈڭلار（你们自己） |
| | 尊称 | ئۆزىڭىز（您自己） | |
| | 敬称 | ئۆزلىرى（您自己） | |
| | 第三人称 | ئۆزى（他自己） | ئۆزلىرى（他们自己） |

① مەن ئۆزۈم باراي.
我自己去吧。

② بۇ خەتنى ئۆزۈڭ يازدىڭمۇ؟
这封信是你自己写的吗？

③ ئۇ ئۆزىنىڭ ياتىقىدا.
他在自己的宿舍。

注：①在带领属格的第一、第二人称反身代词所修饰的名词后可以附加与反身代词一致的人称附加成分，也可以只附加第三人称领属附加成分，但后者用得较多。如：

① بۇ ئۆزۈمنىڭ كىتابىم （كىتابى）.
这是我自己的书。

② ئۆزىمىزنىڭ سىنىپىمىزدا （سىنىپىدا） مۇزاكىرە قىلايلى.
在我们自己的教室里讨论吧。

②带领属格附加成分的反身代词在名词之前作定语时，领属格附加成分可以省略。但名词后附加原反身代词一致的人称附加成分。如：

① ئۆز （ئۆزىمىزنىڭ） كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.
我们亲眼看见了。

② ئۆز (ئۆزىمىزنىڭ) سىنىپىمىزدا مۇزاكىرە قىلايلى.
在我们自己的教室里讨论吧。
③ سەن ئۆز (ئۆزۈڭنىڭ) ئۆيۈڭدە تۇرۇۋاتامسەن؟
你住在你自己的家里吗?
④ ئۆز ئۆيىگە قايتماق.
回自己家里。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| ئۆگىنىش تەسىراتى | تۇرمۇش تەسىراتى |
| پىكىر ئالماشتۇرماق | كىيىم ئالماشتۇرماق |
| كەسىپ ئالماشتۇرماق | ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتمەك |
| بەخت تىلىمەك | ياردەم تىلىمەك |
| توغرا پىكىر | پىكىر بەرمەك |
| پىكىر ئالماق | پىكىر ئالماشتۇرماق |
| خىزمىتى ئالدىراش | ئالدىراش يۈرمەك |
| ئەھۋال سوراش | رۇخسەت سوراش |
| پۇل سوراش | يول سوراش |
| ئاتا ـ ئانىغا تەشنا بولماق | سۇغا تەشنا بولماق |
| كۆرۈشۈشكە تەشنا بولماق | جاۋاب خەت يازماق |
| جاۋاب خەت كۈتمەك | جاۋاب خەت يوق |
| پۇل تۈگىمەك | ئۇن تۈگىمەك |
| توپ ئويناشنى خالىماق | ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىماق |
| شەھەردە قېلىشنى خالىماق | جىمجىتلىقنى خالىماق |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| تەن | سورىماق |
| سوئال | قەغەز |
| ئالىي مەكتەپ | تىلىمەك |

| | |
|---|---|
| ئۆزئارا | فاكولتېت |
| كۆڭۈلدىكىدەك | ئاجىز |
| تەسىرات | خالىماسلىق |
| ئورۇن | كۈنلەر |
| ئوقۇش | پۈتتۈرمەك |
| ئىش | ئەھۋاللاشماق |
| خۇشاللىق | تۈگىمەك |
| ۋاراڭ - چۇرۇڭ | ئالماشتۇرماق |
| ھەرقايسى | قالدۇرماق |
| ۋاقىت | ئالدىراش |

4. 选用以下词填空。

(خېلى، دېگەن، بالدۇر، ھالدا، لازىم، دەل)

① بىز ______ۋاقتىدا يېتىپ كەپتۇق.

② كېسىلىم ______ياخشى بولۇپ قالدى.

③ «مائارىپ كومىتېتى» ______ۋەزىسىنى كۆرۈپ بەكلا خۇش بولۇپ كەتتىم.

④ سىزگە قانداق نەرسە______؟

⑤ بۈگۈن ______ياتايلى.

⑥ ئۇ رەنجىگەن ______ماڭا قاراپ قويدى.

⑦ ئۇ كىچىك بولغىنى بىلەن ______كۆپ ئىشلارنى بىلىدىكەن.

⑧ بالىلار ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىشى______.

⑨ سىنىڭ خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغىلى ______ۋاقىتلار بولدى.

⑩ بۇ گەپنى ______جايىدا ئېيتتىڭ.

5. 用界限副动词附加成分填空。

① دەرس باشلان______بىرئاز تەييارلىق قىلىۋالاي.

② بۇ قەلەمنى ئۇنىڭدىن ئال______بازاردىن ئالساڭ

بولمامدۇ؟

③ بىكار يۈر ______ بىكار ئىشلە.

④ كىتابنى ئادىلغا بەر ______ ماڭا بەرسەڭ بولمامدۇ.

⑤ مۇئەللىم كەل ______ بىز تاپشۇرۇق ئىشلەپ تۇرايلى

⑥ مەن بارما ______ ئۇ كەلمەيدۇ.

⑦ ئۇلارنى كۈت ______ مېنى كۈتسەڭچۇ.

⑧ پۇل تاپ ______ دوست تاپ.

6. 用以下词各造两个句子。

يېقىندىن بۇيان، سودا، تۈگە، ئالدىراش، تەسىرات

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 给下列句子提出疑问。

① بۇ مەۋسۇملۇق ئوقۇشىمىز ئاخىرلىشىپ قالدى.

② كەسپىي دەرس ۋە چەت ئەل تىلىدا نەتىجەم كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس.

③ سىز بىلەن پاتراق يۈز كۆرۈشۈشكە تەشنا بولماقتىمەن.

④ مەندىن ساۋاقداشلارغا سالام ئېيتىپ قويي.

⑤ بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ تىرىشىشىمغا توغرا كېلىدۇ.

⑥ يېرىم يىلدىن بۇيان كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم.

9. 把下列句子译成维文。

①自己的事应该自己干。

②那些东西不是你们自己拿走了吗?

③今天的课就到这儿。

④如果你写信,代我向他问好。

⑤等我们去,他们已经走了。

⑥大学毕业以后,我要回自己的家乡。

⑦我们俩可以换一下位置吗?

⑧这件事连我自己也不知道。

⑨我写一封维文信。

⑩你应该自己去。

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

10. 熟读课文并且写一封维文信。

11. 句型练习。

1.
① ۋاقتىم بولسا، چوقۇم بارىمەن.
② سەنمۇ كەلسەڭ، بىللە بارىمىز.
③ ئۇنى كۆرۈپ قالساڭ، مەندىن سالام ئېيتىپ قوي.
④ سوئال سورىسا، جاۋاب بېرىمەن.

2.
① ئۇ بارسا بارسۇن، بىراق مەن بارمايمەن.
② ئۇ يازسا يازسۇن، بىراق مەن يازمايمەن.
③ ئۇ ماڭا ۋەدە قىلغان، بىراق مەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلمىغان.
④ مېنىڭ پىكرىم بار، بىراق بۇ يەردە ئېيتمايمەن.

3.
① ئۇ قىز بەك چىرايلىق، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزى تېخىمۇ چىرايلىق.
② ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى نەتىجىسى تېخىمۇ ياخشى.
③ ئۇ خەتنى بەك چىرايلىق يازىدۇ، بولۇپمۇ خەنزۇچە خېتى تېخىمۇ چىرايلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قىرىقىنچى دەرس

| |
|---|
| بىلىمسىز ئادەم — مېۋىسىز دەرەخ.<br>没有知识的人如同不结果实的树。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① ئۇ تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىقتا دائىر مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە ئىسلام تارىخى، «قۇرئان» نىمۇ چوڭقۇر ئۆگەنگەن.

② ئۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن.

③ لۇغەتنىڭ مەزمۇنى تۈركىي تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر، گراماتىكىلىق قائىدىلەر ۋە ھەر خىل ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت.

## تېكىست

### مەھمۇد قەشقەرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1008 ـ يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان.

مەھمۇد قەشقەرى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتلارنى

ئۆز يۇرتى قەشقەردە ئالغان. كېيىن مەھمۇد قەشقەرى بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىققا دائىر مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلسەپىسى، «قۇرئان» نىمۇ پۇختا ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن تاشقىرى يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن.

ئەينى زاماندا، مەھمۇد قەشقەرى شەھەر، يېزىلارنى كېزىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ تونۇشتى، تۈرلۈك تىل پاكىتلىرىنى، شېئىر - قوشاقلارنى، ماقال - تەمسىللەرنى، سۆز - ئىبارىلەرنى توپلىدى. ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە توپلىغان بارلىق تىل ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقىپ، تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئۈچ توملۇق ئىزاھلىق سېلىشتۇرما لۇغىتىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ لۇغەتكە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ نام بەردى. لۇغەتكە تۈركىي تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر، گرامماتىكىلىق قائىدىلەر، ھەربىي - مەمۇرىي ئاتالغۇلار، يېزا ئىگىلىك، يېمەك - ئىچمەك، سودا، قول - ھۈنەرۋەنلىك، تىببىي - دورىگەرلىك، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا دائىر سۆزلەر، قەبىلىلەر ناملىرى، مۇھىم جۇغراپىيىۋى ناملار، قەدىمكى زاماندىكى خەلق داستانلىرى، رىۋايەتلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى مىلادى 1105 - يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئالىمنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرى جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۆچمەس نامايەندە.

## سۆھبەت

ئا: مەھمۇد قەشقەرى قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟

www.uyghurkitap.com

ئە: تەخمىنەن مىلادى 1008 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان.

ئا: ئۇ نەدە ئوقۇغان؟

ئە: قەشقەردە.

ئا: قانداق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان؟

ئە: تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئا: ئۇ قايسى ئەسەرنى يازغان؟

ئە: «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى.

ئا: ئۇ قانداق ئەسەر؟

ئە: تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئىزاھلىق سېلىشتۇرما لۇغىتى.

ئا: مەھمۇد قەشقەرى قاچان، قانچە يېشىدا ۋاپات بولغان؟

ئە: مىلادى 1105 ـ يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئانا تىل | (س ب) | 母语 |
| ئەرەب | (ئى) | 阿拉伯 |
| ئەسەر | (ئى) | 著作 |
| ئەينى | (س) | 原来的，本来的，当初的 |
| ئەمەلىي | (س) | 实际的 |
| بۇخارا | (ئى) | 布哈拉 |
| بىلىم ئاشۇر- | (پە) | 深造 |
| پارس | (ئى) | 波斯 |
| پاكىت | (ئى) | 事实 |
| پەلسەپە | (ئى) | 哲学 |
| پىششىق | (س) | 精通的，熟练的，精练的 |
| تاشقىرى | (س ب) | 除此之外 |

| | | |
|---|---|---|
| تەتقىقات | (ئى) | 研究 |
| توپلا- | (نېمىنى) | 集中,集会;收集,搜集 |
| توم | (س) | 卷;粗的 |
| تۈركىي | (س) | 突厥 |
| «تۈركىي تىللار دىۋانى» | (س ب) | 《突厥语大词典》 |
| تىلشۇناسلىق | (ئى) | 语言学 |
| تىببىي | (س) | 医学的 |
| جۇغراپىيىۋى | (س) | 地理的 |
| ئاتاقلىق | (س) | 著名的 |
| ئاتالغۇ | (ئى) | 术语,名词 |
| دائىر | (تىر) | 有关的 |
| دورىگەرلىك | (ئى) | 药剂业 |
| كەز- | (نەنى) | 漫游,游历 |
| شېئىر - قوشاق | (ئى) | 诗歌 |
| سۆز - ئىبارە | (ئى) | 词语 |
| رەتلە- | (نېمىنى) | 整理 |
| ئۆچمەس | (س) | 不朽的,不可磨灭的 |
| رىۋايەت | (ئى) | 传说 |
| داستان | (ئى) | 叙事诗,长诗,史诗 |
| «قۇرئان» | (ئى) | 《古兰经》 |
| شۇغۇللان- | (نېمە بىلەن) | 从事 |
| قائىدە | (ئى) | 规则,规矩 |
| قەبىلە | (ئى) | 部落 |
| قەدىمكى | (س) | 古代的,古老的 |
| قول ھۈنەرۋەنلىك | (س ب) | 手工艺 |
| ئالىي | (س) | 最高的,高等的,高级的 |
| ئاسمان جىسىملىرى | (س ب) | 天体 |

| | | |
|---|---|---|
| 成熟的 | (س) | پىتىشكەن |
| 农业 | (س ب) | يېزا ئىگىلىكى |
| 饮食,食品 | (ئى) | يېمەك ـ ئىچمەك |
| 等,而已,是 | (تىر) | ئىبارەت |
| 有注解的,有解释的 | (س) | ئىزاھلىق |
| 比较,对比 | (س) | سېلىشتۇرما |
| 写出,做出 | (نىمىنى) | ئىشلەپ چىق- |
| 仔细,细致 | (نىمىنى) | ئىنچىكىلە- |
| 植物 | (ئى) | ئۆسۈملۈك |
| 伟大的 | (س) | ئۇلۇغ |
| 命名 | (كىمگە، نىمىگە) | نام بەر- |
| 标志 | (ئى) | نامايەندە |
| 动物 | (ئى) | ھايۋانات |
| 军政 | (ئى) | ھەربىي ـ مەمۇرىي |
| 谚语 | (ئى) | ماقال ـ تەمسىل |
| 专门 | (س) | مەخسۇس |
| 知识,学识,学问 | (ئى) | مەلۇمات |
| 麻赫穆德・喀什噶里 | (ئى) | مەھمۇد قەشقەرى |
| 专家 | (ئى) | مۇتەخەسسىس |
| 公元,纪元 | (ئى) | مىلادى |
| 辞典学 | (ئى) | لۇغەتشۇناسلىق |
| 出生,诞生 | (كىم، نەدە، قا- چان) | تۇغۇل- |

〔词语用法说明〕

## ئىبارەت

ئىبارەت 不表具体的词汇意义，只是与带从格的名词(包括动名词)、代词或名词性词组结合在一起,表示各种语法概念。

1. 用在平行并列的词或词组后,表示总括、归纳,句中作定语。

如：

① تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

吐鲁番、鄯善、托克逊等三县遭受了大风的袭击。

② فاكۇلتېتىمىزدا ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى، قازاق تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپ بار.

我们系有维语、汉语、哈语三个专业。

2. 用在注释性的修饰语与被修饰语之间，表示强调意念。如：

① تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى.

为实现四个现代化这个宏伟计划而奋斗。

② ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ بىلىم يۇرتىغا ھەممىلا ئادەم كىرىشنى ئويلايدۇ.

所有人都想进入大学这个知识的殿堂。

3. 用在句末作谓语，表示判断。如：

① بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت.

我们的目的是学好维吾尔语。

② ئۇنىڭ بىر يىل ئىشلەپ تاپقىنى ئاران 500 كويدىن ئىبارەت بولدى.

他干一年只能挣五百块钱。

〔**语法要点**〕

偏正复句

一个分句从属并说明或补充另一个分句的复句叫做偏正复句。主句和从句之间主要有以下几种关系：

1. 转折关系

两个分句表示的意思是相对的，后一分句不是顺着前一分说下去，而是向着相反的方向说下去。偏句在前，正句在后。

常用的关联词语有：

虽然…,但… گەرچە………مۇ، لېكىن…

尽管…,可… ………مۇ، ئەمما (بىراق)…

即使…,…也 ………بىلەن، ………

① ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەرسكە ئۆز ۋاقتىدا كەلدى.

尽管天气很冷,可他仍按时来上课了。

② تاغدەك قىيىنچىلىق بولسىمۇ، يېڭەلەيمىز.

即使有天大的困难,我们也能克服。

③ بۇ يەر سوغۇق بولغان بىلەن، قار ياغمايدۇ.

这里虽然很冷,但是不下雪。

2. 因果关系

偏句说出原因、正句说出结果。

根据偏句和正句的位置，因果关系复句的结构又可以分为以下两种：

A、偏句在前,正句在后。

偏句中不含关联词语,正句句首有关联词语。

因为…所以 ………، شۇڭا………

由于…所以 ………، شۇڭلاشقا………

………، شۇنىڭ ئۈچۈن…

………، شۇ سەۋەبتىن…

① ئۇ ئاغرىپ قالدى، شۇڭا ئۆگىنىشكە قاتناشمىدى

因为他病了,所以没来参加学习。

② ۋاقتىم بولمىدى، شۇڭلاشقا سىزنىڭكىگە بارالمىدىم.

我没有时间,所以没有能到您那儿去。

B、正句在前、偏句在后。

正句句首无关联词语,偏句句首有关联词语。如：

ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى، چۈنكى ئۇ ئادەتتە ياخشى ئۆگەنمىگەن.

他没有考上大学，是因为他平时没有好好学习。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| پىششىق ئوقۇش | پىششىق رەخت |
| پىششىق ئادەم | ئىشنى پىششىق قىلماق |
| كەسپكە پىششىق | تېخنىكا ئىگىلەش |
| بىلىم ئىگىلەش | توم ياغاچ |
| ئاۋازى توم | قاتناش قائىدىسى |
| 4 - توم | گىراماتىكىلىق قائىدە |
| مەشغۇلات قائىدىسى | ئۆچمەس تۆھپە |
| ئۆچمەس ئەسەر | پۇل توپلىماق |
| ئادەم توپلىماق | كۈچ توپلىماق |
| ماتېرىيال توپلىماق | ماركا توپلىماق |
| ئەسكەر توپلىماق | |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| تاشقىرى | ئورۇن |
| ياپون | رەتلىمەك |
| پاكىت | لۇغەت |
| تەتقىقات | شەھەر |
| ئەمەلىي | خەۋەر |
| ئۆي | تولۇق |
| داستان | مەلۇمات |
| ئاتاقلىق | مەسىلە |
| نېمە | يازماق |
| قەدىمكى | ئۆي |
| ئىزاھلىق | تىل |

مەخسۇس　　ئالىم
ھايۋانات　　دائىر
ھاۋا رايى　　دۇنيا

www.uyghurkitap.com

4. 选用以下词填空。

(ئىبارەت، مەيلى، مانا، ئەمدى، كېرەك، زادى)

① مېنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشىم ھەرقايسىڭلارغا مۇشۇ ئىشنىڭ جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۇشتىن ______ .

② ئىمتىھاننى ______ تۈگەتتۇق.

③ ______ كىتاب بۇ يەردە.

④ ______ سىز ئوقۇڭ.

⑤ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇيغۇر تىلىنى تېخىمۇ پۇختا ئۆگىنىشتىن ______ .

⑥ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىشى ______ .

⑦ سەن ______ نېمە دېمەكچى.

⑧ ______ كىم بارسا بارسۇن، مەن بارمايمەن.

⑨ ______ ئەتە بىللە ئىشلىسەك ئىشلەيلى.

⑩ ئۇنىڭ نىيىتى ______ توغرا ئەمەس.

5. 完成下列句子。

① مەن ئۇنىڭغا خەت يازمىدىم، شۇڭا……

② ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان بولغان بىلەن……

③ گەرچە دەرسكە تولۇق قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن……

④ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش قىيىن بولسىمۇ……

⑤ غەيرەت ئۇستام بىرقانچە كۈن قاتتىق ئىشلەپ كەتتى، شۇ سەۋەبتىن……

⑥ ئەمدى قانچە تىرىشقان بىلەن……

⑦ مەن ئۇنى چۈشەنمەيمەن، شۇڭا……

⑧ مەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن……

6. 用以下词各造两个句子。

مەخسۇس، شۇغۇللان-، رەتلە-، پاكىت، ئىگىلە-

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 给下列句子提出疑问。

① مەھمۇد قەشقەرى بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان.

② مەھمۇد قەشقەرى مىلادىنىڭ 1008 - يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان.

③ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى مىلادى 1105 - يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولغان.

④ ئالىمنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۆچمەس نامايەندە.

⑤ ئۇ تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ تونۇشتى.

9. 把下列句子译成维文。

①昨天他没有来,是因为他有急事。

②我们班的同学都非常努力,所以我们的成绩很好。

③虽然他有病,但是还是来上课了。

④因为他是学生,所以要努力学习。

⑤为了写这本书,他收集了很多材料。

⑥请你把这些东西整理一下。

⑦我在大学掌握了很多知识。

⑧我出生于 1976 年 11 月 25 日。

10. 回答问题。

① مەھمۇد قەشقەرى دېگەن كىم؟

② مەھمۇد قەشقەرى قەيەردە بىلىم ئالغان؟

③ مەھمۇد قەشقەرى نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان؟

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى قانداق يېزىپ چىققان؟

⑤ بۇ كىتاب قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

11. 句型练习。

www.uyghurkitap.com

1.
① ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت.
② مېنىڭ سۆزۈم يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.
③ ئۇنىڭ پۇتۇن بايلىقى مانا مۇشۇلاردىنلا ئىبارەت.
④ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ئىبارەت.

2.
① مەن ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا يەنە ئىنگلىز تىلىنى بىلىمەن.
② ئۇنىڭ مەندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر دوستلىرى بار.
③ بۇ يىغىنغا ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا يەنە ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ قاتناشتى.

3.
① ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن دەرھال خەت يېزىۋەت.
② ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز.
③ مەن تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن كىنوغا بارىمەن.

# قىرىق بىرىنچى دەرس

> قۇرۇق گەپكە قورساق تويمايدۇ.
> 空话填不饱肚子。

### نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① قۇربان ھېيت ھەر يىلى ئىسلام كالېندارى بويىچە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىپ ئۈچ كۈن داۋام قىلىدىغان ئەڭ چوڭ بايرام.

② قۇربان ھېيتتا گۆشتىن باشقا، ساڭزا، ھەر خىل تاتلىق يېمەكلىك، مېۋە ـ چېۋىلەر داستىخانغا تىزىلىدۇ.

③ ئاۋۋال جامائەت كوللېكتىپ ھېيتلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېقىن تۇغقانلار، تونۇش ـ بىلىشلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ.

④ روزا ھېيتمۇ قۇربان ھېيتقا ئوخشاش چوڭ بايرام.

⑤ مەيلى قۇربان ھېيت بولسۇن، مەيلى روزى ھېيت بولسۇن ھەر يىلى 10 كۈن ئالدىغا سۈرۈلۈپ كېلىدۇ.

## تېكىست

### قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت

1. قۇربان ھېيت: بۇ ھەر يىلى ئىسلام كالېندارى بويىچە

12 ـ ئايىنىڭ 10 ـ كۈنى باشلىنىپ ئۈچ كۈن داۋام قىلىدىغان ئەڭ چوڭ بايرام. شۇ كۈنى مۇسۇلمانلار سەھەردە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ. قۇربى يەتكەن ھەربىر ئائىلە ھېيتقا ئاتاپ بىر ياكى بىر قانچىدىن قوي سويىدۇ.

قۇربان ھېيتتا گۆشتىن باشقا، ياغدا پىشۇرۇلغان ساڭزا، بوغۇرساق، توقاچ، پىچىنە ـ پىرەنىك، تاتلىق يېمەكلىكلەردىن قەنت، كەمپۈت، ھەر خىل مۇراببا، يازدا ھەر خىل ھۆل مېۋىلەر، قىشتا قۇرۇتۇلغان يەل ـ يېمىشلەر تەييارلىنىپ داستىخانغا تىزىلىدۇ.

قۇربان ھېيتتىكى مۇھىم بىر پائالىيەت ئۆزئارا ھېيتلاش. ئاۋۋال جامائەت كوللېكتىپ ھېيتلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېقىن تۇغقانلار، تونۇش ـ بىلىشلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. كەمبەغەل، مېيىپ، تۇل ـ يېتىم، قېرى ـ چۆرىلەرنى ھېيتلاش ۋە ئۇلارنى يوقلاش ئەڭ ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ.

2. روزا ھېيت: روزا ھېيتمۇ قۇربان ھېيتقا ئوخشاش چوڭ بايرام. مۇسۇلمانلار ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتىدۇ. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال بىر ۋاخ، كەچتە كۈن پاتقاندىن كېيىن بىر ۋاخ تاماق يېيىلىدۇ. كۈندۈزى بىر نەرسە يېيىش، سۇ ئىچىش، تاماكا چېكىش مەنئى قىلىنىدۇ.

روزا ھېيتتا يەنە سودىگەرلەر، پۇل، مېلى بارلار كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىدۇ. مەيلى قۇربان ھېيت بولسۇن، مەيلى روزا ھېيت بولسۇن ھەر يىلى ئون كۈن ئالدىغا سۈرۈلۈپ كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئادەتتە شەمسىيە (جۇملىدىن مىلادىيە) يىلى 365 كۈن بەش سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ. لېكىن قەمەرىيە (جۇملىدىن ھىجرىيە) يىلى 354 كۈن سەككىز سائەت 48 مىنۇت بولىدۇ. ھىجرىيە يىلى مىلادىيە يىلىدىن ئون كۈن 21 سائەت كەم بولغاچقا، ھەر 2.7 يىلدا بىر ئاي، ھەر 32.6 يىلدا بىر يىل پەرقلىنىدۇ. دېمەك، ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن ھىجرىيە يىلى مىلادىيە يىلىدىن ھەر يىلدا ئون كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى كېلىدۇ. شۇڭا ئىسلام كالېندارىدىكى بايراملارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىدە يازدا كەلسە، بەزىدە قىشتا كېلىدۇ.

## سۆھبەت

### ھېيتلاش

ئا: لى خۇڭ، سەن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ باردىڭمۇ؟
ئە: ھېيتنىڭ 2 ـ كۈنى ماخۇي بىلەن بىرگە باردىم.
ئا: بارمىغانلار بارمۇ؟
ئە: مەن تېخى بارمىدىم.
ئا: يۈرە، ئىككىمىز مۇئەللىمنى ھېيتلاپ كېلەيلى.
ئە: يۈرە ئەمىسە.

× × ×

ئا: ھېيتلىرىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!
ئە: ئۆزۈڭلاردىن بولسۇن، كېلىڭلار، يۇقىرى ئۆتۈڭلار.
ئا: سىزمۇ كېلىڭ، بىللە ئولتۇرايلى.
ئە: مەنمۇ كېلىمەن، قېنى چاي كەلگۈچە ساڭزىلاردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار.
ئا: ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى كەلسەك ئۆيدە يوق ئىكەنسىلەر.
ئە: ئادەتتە ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى يېقىن تۇغقانلارنى ھېيتلايمىز.
ئا: شۇڭا يوقكەنسىلەر ـ دە.

ئە: قېنى ئېلىڭلار، گۆشكە ئېغىز تېگىڭلار، ماۋۇلاردىنمۇ ئېلىڭلار.
ئا: ئېلىۋاتىمىز.
ئە: تارتىنماڭلار، چوڭ - چوڭ ئېلىڭلار.
ئا: ئوبدان ئالدۇق. بەك ئوخشاپتۇ.
ئە: پىۋا ئىچەمسىلەر؟
ئا: ياق. ئىچمەيمىز، خوش، مۇئەللىم، ئەمدى بىز چىقايلى.
ئە: بىر دەم ئولتۇرمامسىلەر؟
ئا: خوش، بىز چىقايلى. رەھمەت مۇئەللىم.
ئە: كېلىپ تۇرۇڭلار جۇمۇ؟
ئا: بولىدۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| داۋام قىل- | (نېمە) | 继续 |
| كۈن پات- | (س ب) | 日落 |
| مەنئى قىل- | (نېمىنى) | 禁 |
| ئاتا- | (كىمگە) | 为，专为 |
| تىزىل- | (نېمە) | 摆，排列 |
| تاڭ | (ئى) | 黎明 |
| يورۇ- | (نېمە) | 亮 |
| پىشۇر- | (نېمىنى) | 熟 |
| ئالدىغا سۈرۈل- | (نېمە) | 往前移动 |
| قۇربى يەت- | (نېمىگە) | 力量够，力气够，能做 |
| روزا تۇت- | (قاچان) | 封斋 |
| سەدىقە بەر- | (كىمگە) | 布施 |
| دېمەك | (ي) | 总之 |

| | | |
|---|---|---|
| 日历 | (ئى) | كالېندار |
| 集体 | (ئى) | كوللېكتىپ |
| 馓子 | (ئى) | ساڭزا |
| 行善的,积德 | (س) | ساۋابلىق |
| 商人 | (ئى) | سودىگەر |
| 秒 | (م) | سېكۇنت |
| 肉孜节,开斋节 | (ئى) | روزا ھېيت |
| 餐布 | (ئى) | داستىخان |
| 古尔邦节 | (ئى) | قۇربان ھېيت |
| 老年人 | (ئى) | قېرى - چۈرى |
| 阳历 | (ئى) | شەمسىيە |
| 阴历 | (ئى) | قەمەرىيە |
| 节,节日 | (ئى) | بايرام |
| 油果 | (ئى) | بوغۇرساق |
| 一顿 | (س ب) | بىر ۋاخ |
| 残废的,残废者 | (س) | مېيىپ |
| 饼干 | (ئى) | پېچىنە - پىرەنىك |
| 甜食 | (س ب) | تاتلىق يېمەكلىك |
| 小圆馕 | (ئى) | توقاچ |
| 熟人 | (ئى) | تونۇش - بىلىش |
| 亲戚,亲属 | (ئى) | تۇغقان |
| 孤儿寡母 | (س ب) | تۇل - يېتىم |
| 公众,大众 | (ئى) | جامائەت |
| 同时;包括,属于 | (ب) | جۈملىدىن |
| 油 | (ئى) | ياغ |
| 乃麻孜(伊斯兰教) | (ئى) | ناماز |
| 现金 | (س ب) | نەق پۇل |
| 水果 | (س ب) | ھۆل مېۋە |

| | | |
|---|---|---|
| 节日 | (ئى) | ھېيت |
| 拜年 | (نەنى، نەگە) | ھېيتلا- |
| 伊斯兰历 | (ئى) | ھىجرىيە |
| 穆斯林 | (ئى) | مۇسۇلمان |

〔词语用法说明〕

一、ئوخشا- （动词）

1. 表示食物做得可口香甜，或瓜果、庄稼等植物长势很好。例如：

① پولۇ بەك ئوخشاپتۇ.
抓饭做得真香。

② بۇ يىل بۇغداي تازا ئوخشىدى.
今年小麦长势很好。

③ بېغىڭىزدىكى مېۋىلەر نېمىدېگەن ئوخشىغان - ھە!
你们果园里的水果长得真好啊。

2. 与带向格附加成分的词连用，表示“像”，“相同”等意思。例如：

① بۇ بالا دادىسىغا ئوخشايدىكەن.
这孩子像他爸爸。

② ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە بەك ئوخشايدۇ.
乌孜别克族的风俗习惯同维吾尔族的非常相象。

③ مېنىڭ قەلىمىم ئەخمەتنىڭ قەلىمىگە ئوخشىمايدۇ.
我的笔和艾合买提的笔不相同。

3. 与形动词连用，表示某种假定或推测。例如：

① ئادىل ئەتە قەشقەرگە ماڭىدىغان ئوخشايدۇ.
阿迪力好象明天去喀什。

② ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئوخشايدۇ.
他好象不知道这件事。

二、ئوخشاش

ئوخشاش 是形容词，用在名词前，作定语，表示“象…一样”，

“同样的”等意思。例如：

① ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئوخشاش ئىشقا، ئوخشاش ھەق بېرىلىدۇ.

男女同工同酬。

② مەكتىپىمىزدە ئادىلغا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار كۆپ.

我们学校象阿迪力这样的学生很多。

〔**语法要点**〕

条件关系

偏句表示假设的条件，正句说明在假设的条件下产生的结果。偏句句首往往带有关联词 ئەگەر ، مۇبادا ، ناۋادا，谓语一般用动词条件式表示。

如果…，… ئەگەر (ناۋادا، مۇبادا)…… سا (سە)، …… …

只要…，… (پەقەت) …سا (سە)… لا، …

① كىم ياخشى بولسا، شۇنى سايلايمىز.

谁好，我们就选谁。

② ئەگەر ئەتە يامغۇر ياغمىسا، مەن چوقۇم بارىمەن.

如果明天不下雨，我一定去。

③ پەقەت سىز قوشۇلسىڭىزلا، باشقىلار قارشى تۇرمايدۇ.

只要你同意，别人不会反对。

目的关系

偏句说明要达到的目的，正句说明为了达到目的所要采取的措施。

…为(为了)，… ………ئۈچۈن، ………

………دەپ،

① بالىلارنىڭ خاتىرجەم ئۆگىنىشى ئۈچۈن، ياخشى شەرت ـ شارائىتلار يارىتىلدى.

为了使孩子们安心学习，创造了好的环境。

② مەن سىزنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ، ھەمراھ بولغىلى كەلدىم.

我来给你作个伴儿，免得你一个人孤单单的。

③ ئۇ ئائىلىسىدىكى ئادەملەرنى باقىمەن دەپ، سىرتتا بەش

يىل ئىشلىدى.
他为了维持全家人的生活，在外地干了五年。

时间关系

正句说出一件事情，偏句说明事情发生的时间。

时间关系复中，偏句在前，正句在后。

…动名词 ش + 人称附加成分 + غا (غىلا) ، …

…副动词 پ ( لا ، ……

…动名词 ش ( بىلەن (بىلەنلا) ، ……

…动词词干 + غۇچە ، ……

…副动词的否定式 پ + تۇرۇپ ، ……

① كۈن چىقىش بىلەنلا، دېھقانلار ئېتىزغا قاراپ ماڭدى.
太阳刚刚升起，农民就下地了。

② بىز ئۇنى چاقىرغىلى بارساق، ئۇ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىكەن.
当我们去叫他时，他还没有起床。

③ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولمىغۇچە، سەن كەتمە.
完成这项任务以前，你不要走。

④ بىز سىنىپقا كىرگەندە، دەرس باشلىنىپ بولغانىكەن.
我们走进教室时，已经开始上课了。

⑤ بىز يولغا چىقىشىمىزغىلا، يامغۇر يېغىپ كەتتى.
我们刚上路，就下雨了。

⑥ يامغۇر توختاپلا، بوران چىقىشقا باشلىدى.
雨刚停，就开始刮风了。

⑦ ئۇلاردىن خەۋەر كەلمەي تۇرۇپ، يولغا چىقساق بولمايدۇ.
没有他们的消息，我们不能出发。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。
2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| جامائەت پىكرى | جامائەت ئالدىدا |
| سۆزنى داۋام قىلماق | يىغىن بىر سائەت داۋام قىلماق |
| ئىمتىهان ئالدىغا سۈرۈلمەك | توي ئالدىغا سۈرۈلمەك |
| كوللېكتىپ ھەرىكەت | كوللېكتىپ تۇرمۇش |
| داستىخان سېلىش | چىرايلىق داستىخان |
| يېقىن تۇغقان | يىراق تۇغقان |
| تۇغقان يوقلىماق | بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان |
| مېيىپ ئادەم | قولى مېيىپ |
| نەق پۇل تاپشۇرماق | نەق پۇل لازىم |
| گۆش پىشۇرماق | پېچىنە پىشۇرماق |
| كاتتا سودىگەر | سودىگەر ئادەم |
| تونۇش ـ بىلىش كىشىلەر | تونۇش ـ بىلىشى كۆپ |
| بىر ۋاخ تاماق | بىر ۋاخ ناماز |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| كۈن | پىشۇرماق |
| بايرام | مەنئى قىلماق |
| پائالىيەت | ئاشخانا |
| بوغۇرساق | يورۇماق |
| نەچچە | كالېندار |
| نەق پۇل | ئائىلە |
| يەل ـ يېمىش | بەرمەك |
| ساۋابلىق | كۆپ |
| تاماكا چېكىش | باي |
| يىغىن | كۈن |
| يېڭى | جىسىم |
| مۇسۇلمان | ئىش |
| كەمبەغەل | سېكۇنت |

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| مەزمۇن | ئالدىغا سۈرۈلمەك |
| ئاسمان | ئالماق |

4. 选用以下助动词填空。

(بول، كەت، بەر، باق)

① كىتابىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭ، مەن كۆرۈپ ______ .

② پۇلۇمنى چۈشۈرۈپ ______ دۇم.

③ سەن ئويلاپ ______ ، مۇشۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ.

④ تاۋۇز پىشتىمۇ، چېكىپ ______ .

⑤ قېنى ئوقۇپ ______ ، خەتتە نېمە دەپتۇ؟

⑥ بىز ئۇلارغا ياردەملىشىپ ______ دۇق.

⑦ چوڭ بولغاندا چوقۇم دوختۇر ______ .

⑧ مېھمانلارنى ئۇزىتىپ ______ قايتىپ كەلدىم.

⑨ مەن بۇ ئىشنى سىناپ ______ مەكچى بولدۇم.

⑩ بۇ يىل يەنە «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى ______ .

⑪ ______ سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

⑫ ئاۋۋال كۆرۈپ ______ ياخشى بولسا ئالامسەن.

⑬ بېشىم قاتتىق ئاغرىپ ______ .

⑭ سەن ماڭا يېزىشىپ ______ .

5. 完成下列句子。

① بۇ قېتىمقى يىغىن بىز ئۈچۈن……

② ۋاقىت بىز ياشلار ئۈچۈن……

③ شەھىرىمىزنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن……

④ مەن شۇنچە يىراق يەردىن سىزنى دەپ……

⑤ ئۇ مېنىڭ كېسىلىمنى ساقايتىمەن دەپ……

⑥ ئەگەر ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بەرمىسەك……

⑦ شىنجاڭغا يېڭىدىن كەلگەنلىكىم ئۈچۈن……

⑧ سىنىپىمىزدىكى بەزى ساۋاقداشلار پەقەت كەسپىي دەرسلەرنى ئۆگىنىپلا……

⑨ سىز تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغۇچە……

⑩ تاماق پىشقۇچە……

⑪ مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەندە……

⑫ ئۇلار شەھەردىن چىقىشىغا……

6. 用以下词各造两个句子。

مەنئى قىل-، پىشۇر-، نەق پۇل، پائالىيەت، ئالدىغا سۈرۈل-

7. 模仿重点句子进行造句练习。

9. 把下列句子译成维文。

①如果对我有意见,你就说。

②她一见到母亲就哭了。

③等电影完,他们也就回来了。

④只要你不说,别人也不会说的。

⑤如果你不来,我一定会生气的。

⑥当我们来到这里时,他们已经走了。

⑦那时他们很忙,经常工作到天明。

⑧因为他经常看报,所以非常了解国内外大事。

⑨因为我明天不休息,所以参加不了你们的活动。

⑩虽然已经快十二点了,但他们还在工作。

10. 回答问题。

① قۇربان ھېيت قانداق بايرام؟

② قۇربان ھېيتتىكى ئەڭ مۇھىم پائالىيەت قايسى؟

③ روزا ھېيتچۇ؟

④ قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيتنىڭ ئون كۈن ئالدىغا سۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب نېمە؟

11. 句型练习。

1.

① مەن ئاۋۋال دوختۇرخانىغا بارىمەن، ئاندىن كېيىن دوستۇمنىڭ ياتىقىغا بارىمەن.

② مەن ئاۋۋال مەكتەپكە بارىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە قايتىمەن.

③ مەن ئاۋۋال سۆزلۈكلەرنى يادلايمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تېكىستنى ئوقۇيمەن.

④ ئۇ ئاۋۋال مۇنچىغا كىرىپتۇ، ئاندىن چېچىنى ئالدۇرۇپتۇ.

2.

① ئۈرۈمچىمۇ غۇلجىغا ئوخشاش سوغۇق ئىكەن.

② ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئەقىللىق ئىكەن.

③ سىلەرنىڭ ئۆيمۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئوخشاش كىچىك ئىكەن.

3.

① مەيلى بۈگۈن، مەيلى ئەتە بولسۇن، بىز چوقۇم بارىمىز.

② سىز مەيلى ئوقۇڭ، مەيلى ئويناڭ، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز يوق.

③ مەيلى بېرىڭ، مەيلى بارماڭ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە.

④ مەيلى كەلسۇن، مەيلى كەلمىسۇن، مېنىڭ پىكرىم يوق.

4.

① ئۇ بەزىدە خۇشال يۈرىدۇ، بەزىدە خاپا يۈرىدۇ.

② بەزىدە ئادەم نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ.

③ بىز بەزىدە ۋالىبول ئوينايمىز، بەزىدە پۇتبول ئوينايمىز.

④ بەزىدە ئۇنى ئىزدەپ تاپقىلىمۇ بولمايدۇ.

⑤ ئۇ ھېكايە ئېيتسا، بەزىدە كۈلدۈرۈپ، بەزىدە يىغلىتىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئىككىنچى دەرس

| |
|---|
| ئېيتقان يەردىن قالما، ئېيتمىغان يەرگە بارما.<br>有“请”处别误，没“请”处别往。 |

نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا ئانا تىلىمنىلا بىلەتتىم. هازىر ئىنگلىزچىنى ئامېرىكىلىق ساۋاقداشلىرىمدەك سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇم.

② مەن ئىلگىرى ئامېرىكىلىق بالىلارنى بىزدىن ئەقىللىقمىكىن دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىن قېلىشقۇچىلىكىمىز يوق ئىكەن.

③ ئۇلار تېتىك، شوخ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتىدۇ. بىراق، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە قېرىق.

## تېكىست

### ئامېرىكا تەسىراتلىرى (سۆھبەت)

— سىڭلىم گۈلپەرى، ياخشىمۇسىز، ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان ئاتا - ئانىڭىز بىلەن بىرگە شىنجاڭغا تۇغقان يوقلىغىلى كەپسىز.

سوئال بىزگە ئۆزىڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز.
— مەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان ئاتا - ئانام 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سىڭلىم ئىككىلەننى نيۇ - يوركقا ئېلىپ كەتتى. مەن ھازىر نيۇ - يورك 54 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىقتا ئوقۇۋاتىمەن.
— مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. سىزنىڭ بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ئۇتۇقىڭىز قايسى بولدى؟
— ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا ئانا تىلىمنىلا بىلەتتىم. ھازىر ئىنگلىزچىنى ئامېرىكىلىق ساۋاقداشلىرىمدەك تەبىئىي سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇم. دەرسلىكتىن سىرت ئوقۇغان ئىنگلىزچە كىتابىم 50 پارچىدىن ئاشتى.
— ئىنگلىزچىنى قانداق ئۆگەندىڭىز؟
— ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا باشلانغۇچنىڭ 3 - يىللىقىدا ئىدىم. ئۇ يەرگە بېرىپ كۆپ ئۆتمەي، باشلانغۇچنىڭ 4 - يىللىقىغا قوبۇل قىلىندىم. دادام سىنىپ مۇدىرىغا: «قىزىم ئىنگلىزچە بىلمەيدۇ» دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. سىنىپ مەسئۇلى ئوقۇغۇچىلاردىن «قايسىڭلار گۈلپەرىنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىسىلەر؟» دېدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى «مەن! مەن!» دەپ قول كۆتۈردى. ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ ئىنگلىزچىنى تېزدىن ئۆگىنىۋېلىشىم ئۈچۈن كۆپ ياردەملەرنى بەردى. كەچلىرى دادام ئۆگەتتى. ئۆزۈممۇ تىرىشىپ ئۆگەندىم. 4 - يىللىقنىڭ ئىمتىھانىدا ھېسابتىن ئەلا ئۆتتۇم، تىل - ئەدەبىياتتا ئېتىبار قىلىپ ئىمتىھان ئالمىدى. 5 - يىللىقتىن باشلاپ تىل - ئەدەبىياتتىمۇ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ كېلىۋاتىمەن.
— ئامېرىكىدىكى ساۋاقداشلىرىڭىز سىزگە قانداق تەسىر بەردى؟

— ئۇلار تېتىك، شوخ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتىدۇ. بىراق، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە قېرىق.

مەن ئىلگىرى ئامېرىكىلىق بالىلارنى بىزدىن ئەقىللىقمىكىن دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئۇلاردىن قېلىشقۇچىلىكىمىز يوق ئىكەن.

— سىز ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان بىر پارچە مەسەل «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىل 8 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟

— كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدۇم. مەن يۇرتۇمنى، مەكتىپىمنى، ساۋاقداشلىرىمنى ناھايىتى سېغىندىم.

— سىڭلىم گۇلپەرى، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، رەھمەت سىزگە. مەنمۇ ئىنگلىزچىنى سىزنىڭ يېرىمىڭىزچىلىك بىلگەن بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!

## سۆھبەت

ئا: بۇ قەيەر؟
ئە: ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى.
ئا: سىز مۇشۇ يەردە ئىشلەمسىز؟
ئە: ھەئە.
ئا: بۇ يەردە ئىشلىگىلى نەچچە يىل بولدى؟
ئە: بەش يىل بولدى.
ئا: مائاشىڭىز قانچە؟
ئە: 450 كوي.
ئا: سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز مۇشۇ يەردىمۇ؟
ئە: ياق، كۇچانىڭ چەت بىر يېزىسىدا.
ئا: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق؟
ئە: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئا: سىز ئۆيلەندىڭىزمۇ؟

ئە: تېخى ئۆيلەنمىدىم.

ئا: ئۆيىڭىزگە يىلدا بىر قېتىم بارامسىز؟

ئە: ياق، ئىككى يىلدا بىر بارىمەن.

ئا: بۇ يىل باردىڭىزمۇ؟

ئە: باردىم.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| بىرگە | (تىر) | 一起,同,根 |
| قىسقىچە | (ر) | 简明,简略,扼要 |
| نيۇ - يورك | (ئى) | 纽约 |
| ئېلىپ كەت- | (نېمىنى) | 拿走,带走 |
| تولۇقسىز | (س) | 不完全;初中 |
| ھەش -پەش | (ت) | 刹那,一瞬 |
| بىل- | (پ) | 知道,了解;认识;懂,会 |
| تەبىئىي | (س) | 自然 |
| كۆپ ئۆتمەي | (س ب) | 不久 |
| قوبۇل قىل- | (كىمنى، نېمىنى) | 接收;接见;招收 |
| مەسئۇل | (ئى) | 负责 |
| تېز | (ر) | 快,迅速 |
| ئۆگەت- | (كىمگە، نېمىنى) | 教,教授,传授 |
| ھېساب | (ئى) | 算术;帐,帐目 |
| تىل - ئەدەبىيات | (ئى) | 语文 |
| ئېتىبار قىل- | (نېمىدە، كىمگە) | 照顾;重视 |
| نومۇر | (ئى) | 号;分数 |
| تەسىر بەر- | (قانداق) | 影响 |
| ئېتىك | (س) | 活泼的,精神饱满的,健旺的 |

| | | |
|---|---|---|
| شوخ | (س) | 活泼,快活;顽皮,调皮;轻快 |
| ئۆزىنى ئەركىن تۇتماق | (س ب) | 保持自然 |
| قېرىق | (س) | 怕,不喜欢 |
| ئىلگىرى | (ر) | 以前 |
| بالا | (ئى) | 孩子 |
| ئەقىللىق | (س) | 聪明的,有智慧的;明智的 |
| ئەمەلىيەت | (ئى) | 实际,实践 |
| قېلىشقۇچىلىكى يوق | (س ب) | 不比…差 |
| مەسەل | (ئى) | 寓言 |
| تارىم غۇنچىلىرى | (س ب) | 塔里木花朵 |
| سان | (ئى) | 数词;数字 |
| خەۋەر تاپ- | (نېمىدىن) | 知道,得到消息,得悉,获悉 |
| خۇش بول- | (نېمىدىن، نېمىگە) | 高兴,愉快 |
| سېغىن- | (كىمنى) | 想念,思念,怀念 |
| نېمىدېگەن | (س ب) | 多么 |
| يازغۇچى | (ئى) | 作家 |

〔词语用法说明〕

**语气词 كىن**

1. 语气词 كىن 与疑问句连用,表示打算或假定性的疑问。如:

① ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا ۋېلسىپىت تۇرىدۇ، كىم كەلدىكىن؟

你们家门口停着辆自行车,是不是有人来了?

② مەن تۈزگەن جۈملىنى كۆرۈپ بېقىڭ، بولامدىكىن؟

你看看我造的句子,行不行?

③ ئۇ ئەتە كېلەرمىكىن. 他可能明天来。

④ مەنمۇ بارايمىكىن. 我也想去。

2. 表示“担心”。如：

① ئەتە ماڭساڭ، يىغىنغا كېچىكىپ قالامسەنكىن.

你明天走的话，开会会不会迟到。

② بۇ بالا بەك شوخ، ئۇنى خاپا قىلىپ قويارمىكىن.

这孩子很调皮，我担心他不听话。

③ يېزىۋالمىسام ئۇنتۇلۇپ قالىمەنمىكىن.

不记下来的话，怕是会忘掉。

〔语法要点〕

## 一、附加成分 چىلىك

چىلىك 附加在名词或代词表示同某事物、动作、特征在量、程度等方面所相似的事物。在句中作定语或状语。如：

① بىزنىڭمۇ مۇشۇ ئۆيىڭىزچىلىك بىر ئۆيىمىز بار.

我们也有你们那么大的一间房子。

② بۇ ساندۇق ئۇ ساندۇقچىلىك ئېغىر ئەمەس.

这个箱子没有那个箱子重。

③ مەن سىزچىلىك يۈگۈرەلمەيمەن. 我跑不了你那么快。

注：چىلىك 有时可以用 چە 代替。如：

① بىزنىڭمۇ مۇشۇ ئۆيىڭىزچە بىر ئۆيىمىز بار.

② مەن سىزچە يۈگۈرەلمەيمەن.

## 二、从格附加成分 دىن- // تىن 的用法

1. 表示起点或来源。例如：

① ئۇ بېيجىڭدىن كەلگەن. 她是从北京来的。

② ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىمىز.

每天下午我们自由活动。

③ بۇ ئوقۇغۇچىلار ئالتايدىن تارتىپ خوتەنگىچە شىنجاڭنىڭ

ھەممە يېرىگە بارغان.

这些学生从阿勒泰到和田,新疆各地都去过。

④ بۇ كىتابنى تۇرسۇندىن ئارىيەت ئالدىم.

这本书是我从吐尔逊那儿借的。

⑤ بۇ خەۋەرنى رادىئودىن ئاڭلىدىم.

这消息,我是从收音机里听到的。

2. 附加在表示心理状态的名词后,表示行为动作发生的原因。例如:

① ئۇ خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

他高兴得不知干什么好。

② خىجىلچىلىقتىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم.

我羞愧得抬不起头来。

3. 附加在名词后与数词或数量词结合,表示整体的一部分。例如:

① بۈگۈن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككىسى كەلمىدى.

今天有两名同学没有来。

② سەيدىن ئىككى كىلو، گۆشتىن بىر كىلو ئالدىم.

我买了两公斤菜,一公斤肉。

③ ئۇ سىنىپىمىزدىكى ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى.

他是我们班的好学生之一。

4. 表示被比较的事物。例如:

① ئۈرۈمچى قەشقەردىن چوڭ. 乌鲁木齐比喀什大。

② ئۇنىڭ ئۆگىنىشى مېنىڭكىدىن ياخشى.

他的学习比我好。

③ قىزلار بىرى بىرىدىن ئوماق ۋە كېلىشكەن.

姑娘们一个比一个可爱、漂亮。

5. 表示构成事物的原材料或组成成分。例如:

① بۇ ئورۇندۇق بامبۇكتىن توقۇلغان.

这把椅子是竹子编的。

② ئوقۇغۇچىلاردىن بىر ئۆمەك تەشكىل قىلىنىدۇ.

要从学生中组织一个代表团。

③ مەن سارجىدىن بىر چاپان كىيدىم.

我做了件毛布上衣。

6. 表示动作的范围。例如：

① بىز ئەتە «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» تىن ئىمتىھان بېرىمىز.

我们明天考《基础维吾尔语》。

② بۇ كىشىدىن باشقىلىرىنى تونۇيمەن.

除了这个人之外，我都认识。

③ ئۇ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. 他汇报了工作情况。

7. 表示人所在单位或出生地。例如：

① بىز ئاقسۇدىن، ئۇلار خوتەندىن.

我们是阿克苏人，他们是和田人。

② مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ئۇ مائارىپ كومىتېتىدىن.

我是新疆大学的，他是教委的。

8. 表示平均数量。例如：

① ئوقۇغۇچىلارغا ئىككىدىن دەپتەر تارقىتىپ بەردۇق.

我们给每个学生都发了两个本子。

② بۇ قويلارنى يۈز يۈەندىن ئالدىم.

这些羊是每只100元买的。

③ بۇ دورىنى ھەرقېتىمدا ئىككىدىن ئىچىڭ.

这药每次吃两片。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

بىرگە ئېلىپ كەتمەك　　بىرگە ماڭماق

بىرگە ئىشلىمەك　　بىرگە بارماق

قىسقىچە سۆزلىمەك　　قىسقىچە مەزمۇنى
پۇلىنى ئېلىپ كەتمەك　　ئاكىسىنى ئېلىپ كەتمەك
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ　　تولۇقسىز مەلۇمات
ئۇيغۇرچە بىلمەك　　سىرىنى بىلمەك
مەقسىتىنى بىلمەك　　دوستۇم دەپ بىلمەك
تەبىئىي ئاپەت　　تەبىئىي سۆزلىمەك
ئىشچىلىققا قوبۇل قىلماق　　ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلماق
سوۋغات قوبۇل قىلماق　　پىكرىنى قوبۇل قىلماق
مەسئۇل خادىم　　ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل
تېز ماڭماق　　تېز خەۋەر قىلماق
دەرس ئۆگەتمەك　　بىلىم ئۆگەتمەك

3. 把下列两组词搭配成词组。

ئېتىبار قىلماق　　مۇشتىرى بولماق
نومۇر　　بالا
تەسىر بەرمەك　　تاماق ئېتىشكە
شوخ　　ئەھۋالدىن
قېرىق　　دوستىنى
ئەقىللىق　　مۇئەللىمدىن
تارىم غۇنچىلىرى　　خىزمەتتە
خەۋەر تاپ　　ئون بەشىنچى
خۇش بول　　يىگىت
سېغىن　　ياخشى

4. 选用以下词填空。

(قېنى، غۇ، كىم، بۇرۇن، بويىچە، مانا)

① ____ بۇ سوئالغا كىم جاۋاب بېرىدۇ؟
② بازارغا ئەخمەت، تۇرسۇنلارمۇ بارامدۇ ____ .
③ ئۇ ____ شۇنداق بىر ئادەم، ئامال يوق.
④ ئۇ ____ قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟

⑤ ______ مېنىڭ ئىمتىھان قەغىزىم؟

⑥ ئەتە مەكتەپ ______ تازىلىق قىلىـــدىكەنمىز.

⑦ بـۈگـۈن ئـادىـل بـىـلـەن سـائـەت قـانچىـــــ كۆرۈشىمىز ______ .

⑧ مېنىڭ قەلىمىم ______ ؟

⑨ گۈلپەرى يۇرتىدىن قايتىپ كەلدىمۇ ______ .

⑩ سىنى ______ تونۇمىسۇن، مېنىمۇ تونۇمامدۇ؟

5. 完成下列句子。

① مەن ئىلگىرى ئۇنى مەندىن ______ دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە ئۇ مەندىن كىچىك ئىكەن.

② ئۇنى مېنى تونۇماسمىكىن دېسەم، ______ قالدى.

③ ______ سەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايسەن.

④ ئاۋازنى ئاڭلاپ سىرتقا چىقسام ______ .

⑤ ______ كۆرگەنلا ئادەم ماختىماي تۇرالمايدۇ.

⑥ بۇ ئىش توغرىسىدا سىلەر بىلەن ______ .

⑦ مەن ئۇنى ئىنتايىن ______ .

⑧ ______ ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

⑨ ______ ئاندىن ئۇ ئۆز پىكرىنى بەرسۇن.

⑩ يولدا بىرنەچچە تونۇشلىرىم ئۇچراپ قىلىپ ______ .

6. 用以下词各造两个句子。

بىل-، كۆپ ئۆتمەي، ئۆگەت-، ئىلگىرى، سىغىن-

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 翻译下列句子。

①这么点事情,他都没干完。

②我们很想知道你们是怎样实习的。

③我们知道，我们的目的是一致的。

④他的维吾尔语没有我说得好。

⑤我不知道他们班有多少维吾尔族同学。

⑥我们都知道，鲁迅是一个伟大的作家。

⑦事实证明了这一点，别人能干的事情我们也能干。

⑧考试结果说明我们在维吾尔语学习上取得了很大成绩。

9. 回答问题。

① گۈلپەرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

② گۈلپەرىنىڭ ئۈچ يىل جەريانىدا ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى قايسى؟

③ گۈلپەرى ئىنگلىزچىنى قانداق ئۆگەندى؟

10. 句型练习。

1.
① بۇرۇن مەن ئۇنى تونۇمايتتىم، ھازىر يېقىن دوستلاردەك بولۇپ كەتتۇق.
② ئەسلىدە ئۇ ئۇيغۇرچە بىلمەيتتى. ھازىر ھەممىمىزدىن ياخشى.

2.
① مەن ئۇنى ئاقسۇلۇقمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمەلىيەتتە، ئۇ كورلىلىق ئىكەن.
② مەن ئۇنى ياخشى بالىمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئەمەسكەن.
③ مەن ئۇنى مەن بىلەن بىرگە بارماسمىكىن دېگەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

3. ① ئۇ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، بىراق مەن ئىشەنمەيمەن.

② مەن ئۇنىڭدىن قەرز ئالغان بولسامۇ، بىراق ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بەردىم.

③ ئۇ مېنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق تونۇمىغان بولسا كېرەك.

④ مۇئەللىم قاتتىق ئاغرىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق دەرس ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇردى.

# قىرىق ئۈچىنچى دەرس

| |
|---|
| كۆزدىن يىراق — كۆڭۈلدىن يىراق. |
| 离眼远的离心也远。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① سىنىپ دېگەن دەرسخانا، ئۇ قاتتىق يەر تەۋرىگەندە يوقىلىدۇ.

② — مەخمۇت، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىن.

③ ئۇ يۇيۇنغىلى كىرىپ كېتىپ خېلى ۋاقىتقىچە چىقمىدى.

④ دادا، سىز ماڭا ئون سوم ئەۋەتىڭ، چۈنكى مەن بىر قىز بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ سىزگە ئەۋەتمەكچى.

⑤ سەن ھېلىقى قىزنىڭلا سۈرىتىنى ئەۋەتسەڭ بولدى.

## تېكىست

### يۇمۇرلار

### قاتتىق يەر تەۋرىگەندە

ئىمتىھاندىن قايتقان ئوغلىدىن دادىسى سورىدى:

— بالام، قانداقراق بەردىڭ؟
— ھەي دادا، — دېدى ئوغلى، — سىنىپ دېگەن نېمە؟ ئۇ قاچان يوقىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىم.
— نېمە؟ كۆزلىرى چەكچەيگەن دادىسى ئوغلىغا قاراپ دېدى: شۇنىڭغىمۇ جاۋاب بېرەلمىدىڭمۇ؟ ھۇ، دۆت! سىنىپ دېگەن دەرسخانا، ئۇ قاتتىق يەر تەۋرىگەندە يوقىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

## پەرق ئېيتىش

دادىسى:
— دەريادا تۇرغىنىنىڭ قايسىسى ئۆردەك، قايسىسى غاز؟
بالىسى:
— ئۆردەكنىڭ قېشىدا تۇرغىنى غاز، غازنىڭ قېشىدا تۇرغىنى ئۆردەك.

## جاۋاب

مۇئەللىم دەرسكە دىققەت قىلماي، ئۇششاق ھەرىكەت قىلىۋاتقان مەخمۇتقا ئەسكەرتىش بەردى:
— مەخمۇت، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىن!
— دىققەت قىلىپ ئاڭلاۋاتىمەنغۇ! ؟ — دېدى مەخمۇت قايىل بولماي.
— ئەمىسە، — دېدى مۇئەللىم، — بايا مەن نېمە دېدىم، سۆزلەپ باققىنا؟
— مەخمۇت، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىن! دېدىڭىز، — دەپ جاۋاب بەردى مەخمۇت.

## يېقىنلىق

توي كېچىسى، ئايال ئەرگە ناھايىتى يېقىنلىق بىلەن:
— بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز «مېنىڭ»نى، «سېنىڭ»

دېمەي «بىزنىڭ» دەيلى — دېگەن تەكلىپنى بېرىپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئەر يۈيۈنغىلى كىرىپ كېتىپ خېلى ۋاقىتقىچە چىقماپتىكەن، ئايال: شۇ كەمگىچە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز — دەپ سوراپتۇ.

— چېچىمىزنى تاراۋاتىمەن، قەدىرلىكىم — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەر.

## جاۋاب خەت

بالىسى دادىسىغا:

— قەدىرلىك دادا، سىز ماڭا ئون سوم ئەۋەتىڭ، چۈنكى مەن بىرقىز بىلەن سۆرەتكە چۈشۈپ، سىزگە ئەۋەتمەكچىدىم، — دەپ يېزىپتۇ.

دادىسى جاۋاب خېتىدە:

— بالام مەن بەش سوم ئەۋەتتىم، سەن ھېلىقى قىزنىڭلا سۈرىتىنى ئەۋەتسەڭ بولدى، چۈنكى سېنىڭ چىرايىڭ ماڭا تونۇش، — دەپ يېزىپتۇ.

## سۆھبەت

### مېھمانخانىدا

ئا: يولداش! ياتاق بارمۇ؟

ئە: سىلەر قانچە كىشى؟

ئا: بىز تۆت كىشى.

ئە: تۆتىڭلار بىر ياتاقتا ياتامسىلەر؟

ئا: ئىككى كىشىلىك ياتاقلار يوقمۇ؟

ئە: بار.

ئا: بىر كۈنلۈكى قانچە پۇل؟

ئە: بىر كۈنلۈكى 25 كوي.
ئا: ياتاق ياخشىمۇ؟
ئە: ياتىقىمىز ياخشى ھەم پاكىز، مۇنچا بار، يەنە رەڭلىك تېلېۋىزورمۇ بار.
ئا: ھە راست، بۇ يەردە تاماقخانا بارمۇ؟
ئە: بار، ئەتىگەندە يەتتىدە ئېچىلىدۇ، كەچتە يەتتىدە ئېتىلىدۇ.
ئا: چىراغنى نەچچىدە ئۆچۈرىدۇ؟
ئە: شىنجاڭ ۋاقتى 11 دە.
ئا: ئەتە سائەت ئالتىدە ئويغىتىپ قويسىڭىز.
ئە: بولىدۇ.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| سوم | (م) | 元 |
| دۆت | (س) | 笨蛋;笨拙的,傻呆的 |
| غاز | (ئى) | 鹅 |
| چەكچەي- | (نېمىگە، كىمگە) | 睁大眼,瞪眼 |
| ئۇششاق | (س) | 细小的,细碎的 |
| ھەرىكەت | (ئى) | 活动 |
| ئۆردەك | (ئى) | 鸭 |
| يېقىنلىق | (س) | 亲近,亲热 |
| يەر تەۋرە- | (نەدە، قاچان) | 地震 |
| سۈرەتكە چۈش- | (نەدە، قاچان) | 照相 |
| توي | (ئى) | 婚礼 |
| تەكلىپ بەر- | (كىمگە) | 建议 |
| پەرق ئەت- | (نېمىنى) | 区别 |
| ئەسكەرتىش بەر- | (كىمگە) | 提醒,提示 |

| | | |
|---|---|---|
| 男 | (ئى) | ئەر |
| 女 | (ئى) | ئايال |
| 佩服 | (نېمىگە، كىمگە) | قايىل بولـ |
| 河,江 | (ئى) | دەريا |
| 叫醒,唤醒 | (كىمنى) | ئويغاتـ |
| 那时 | (س ب) | شۇكەم |
| 梳理 | (نېمىنى) | تاراـ |
| 洗澡 | (كىم، قاچان) | يۇيۇنـ |

〔词语用法说明〕

**语气词 غۇ ( قۇ )**

1. 附加在句末,表示确信或无疑而问。如:

① بۇ سېنىڭ كىتابىڭغۇ؟ 这是你的书吧?

② ئۇ تۈنۈگۈن كەلگەنغۇ؟ 他不是昨天来的吗?

③ ئەخمەت يوققۇ؟ 艾合买提哪儿去了?

④ تۈنۈگۈن يىغىنغا كەلمىدىڭغۇ؟ 昨天你没来开会呀!

2. 附加在某些词后,表示强调。如:

① مەنغۇ ۋېلىسىپىت بىلەن بارىمەن، سەن قانداق قىلىسەن؟

我呢,骑自行车去,你呢?

② ئالىمنىغۇ تونۇيمەن، لېكىن باشقىلىرىنى تونۇمايمەن.

阿里木嘛,我认识,可其他人我不认识。

③ بارساڭغۇ ياخشى بولاتتى، بارمىدىڭ ـ دە.

你去了就好了,可你没去。

④ بېرىشنىغۇ بارىمەن، لېكىن بۈگۈن بارمايمەن.

去嘛,当然要去,但不是今天。

〔语法要点〕

**一、感叹词 ئىملىق سۆزلەر**

表示情感、呼唤、应答等意义的词类叫感叹词。

感叹词在句中与其它成分不发生结构关系,一般出现在句首,

充当句子的独立成分。

维吾尔语里常用的感叹词有：

表示着急、后悔 ئاپلا

表示赞叹、惊讶 پاھ، ۋاي، ۋۇي

表示答应或引起对方的注意 خوش

表示肯定 ھەئە

表示否定 ياق، ياقەي

表示惊讶、劝告或呼唤 ھەي

表示应答或醒悟 ھە

表示呼唤 ھوي

表示惊讶或恐惧、疼痛 ۋايجان

表示怀疑、不满、鄙视或愤怒 ھىم

表示责骂 ھۇ

表示惊讶(女性用语) ۋىيەي

① ھەي! بىردەم توختاپ تۇرۇڭلار. 喂,你们等一会。

② ۋايجان، قورسىقىم بەك ئاغرىپ كەتتى.

哎哟,我的肚子好疼啊!

③ ئاپلا، ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ، مەن كېتەي.

哎呀,时间到了,我该走了。

④ پاھ، بۇ كىنو نېمىدېگەن ياخشى.

嘿,这电影多么好啊。

⑤ ھە، چۈشەندىم. 嗯! 我懂了。

⑥ ھە، مەن بىلىمەن. 是,我知道。

⑦ ھىم، ئۇنىڭ گېپىگىمۇ ئىشىنەمدىغان!

哼,你信他的!

⑧ ھىم، سەن مېنى ئالدىيالامسەن تېخى!

你还能骗得了我!

⑨ ۋىيەي، يامغۇر يېغىپ كەتتى. 哎呀,下雨了。

⑩ ھوي كالۋا، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

喂,笨蛋,你连这也不知道?

⑪ ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ ئادەم بۇ!

啊,这么多的人呀!

**二、附加成分　　ـ كىن / ـ گىن / ـ قىن / ـ غىن**

这种附加成分结合在动词后构成祈使式的另一种形式，但它只用于第二人称单数普称。如:

① سائەت ئون بولدى، ئۇخلىغىن بالام.

十点了,睡吧,孩子。

② بىزگە يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگىن.

你再给我们讲一个故事吧。

③ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن.　这件事你别忘了。

④ سەن سافادا ياتقىن، مەن كارىۋاتتا ياتاي.

你睡在沙发上,我睡在床上。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| كۆزۈمدىن يوقال | نەرسە يوقالماق |
| سوئالغا جاۋاب بەرمەك | گېپىگە جاۋاب بەرمەك |
| دەرسكە دىققەت قىلماق | دىققەت قىلىپ ئاڭلىماق |
| گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلىش كېرەك | ئىشنى ئەسكەرتىپ قويماق |
| ۋاقىتنى ئەسكەرتىپ قويماق | مەرتلىكىگە قايىل بولماق |
| سۆزىگە قايىل بولماق | قەھرىمانلىقىغا قايىل بولماق |
| ساقاللىق ئادەم | ئۇزۇن ساقال |
| ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويمايدۇ | ساقال قويماق |
| پۇل ئەۋەتمەك | خالتا ئەۋەتمەك |
| تېلېگراما ئەۋەتمەك | ئادەم ئەۋەتمەك |
| ئىدىيىۋى تونۇش | كونا تونۇش |

| | |
|---|---|
| تونۇش ئادەم | تونۇش ئاۋاز |

www.uyghurkitap.com

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| يېزا | يۇيۇنماق |
| تونۇش | يازماق |
| دىققەت قىلماق | قاش |
| ھېكايە | چۈشمەك |
| ھەر كۈنى | ئىزدىمەك |
| ئۇششاق | تارتماق |
| كۆڭۈل قويماق | تەۋرەتمەك |
| دەرھال | ئوغۇل |
| دەريا | ئولتۇرماق |
| قاتتىق | يوقالماق |
| ئۇستەل | جاۋاب بەرمەك |
| قەلەم | بالا |
| سۈرەت | سۆزلىمەك |
| بوشاڭ | نان |
| بىر | سۆز |
| دەرسخانا | مەشق |

4. 选用以下词填空。

(غۇ، خېلى، تېخى، ھەتتا، شۇنداق، دە)

① سېنىڭ ____ ئۆگىنىشىڭ ياخشى.

② بىز بۇ ئىشنى ____ قىلالايلى.

③ ئىككىمىز كۆرۈشمىگىلى ____ كۈنلەر بوپتۇ.

④ ئۇ ئورنىدىن تۇردى ____ ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن چىقىپ كەتتى.

⑤ مېنىڭ يېشىم ____ كىچىك.

⑥ مەن ئۇنىڭغا كۆپ تەربىيە بەردىم ____ ئۇرۇپمۇ باقتىم.

⑦ ئوغلۇم بېيجىڭغا كەتكىلى ____ بىر ئاي بولدى. ئەمما

بەك سىخىنىدىم.

⑧ ____ قىلىپ، نەچچە ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

⑨ ئۇ مېنى ئۇنتۇپ كەتتى ____ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

⑩ ئوقۇش قوراللىرىمىنىڭ بارلىقى ____ بار، بىراق تولۇق ئەمەس.

5. 完成下列句子。

① مۇئەللىم نېمە سورىسا ......

② بىز كېتىمىز دېگەن بىلەن ......

③ باشقا سۆزۈمغۇ يوق، شۇنداقتىمۇ ......

④ ....... بىراق ۋاقتىدا كەلمىدى.

⑤ ........ ئەمما قايتىشتا پىيادە ماڭىمىز.

⑥ سەن قاراپ تۇرغىن .........

⑦ بۇ كىيىمنىڭ باھاسى ......... سۈپىتى ....

⑧ ئەمدى تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىغا .......

⑨ بىز سىلەرنى ئالاھىدە كۈتۈۋالىمىز ........

⑩ ئۇلارنىڭ ئۆيىغۇ ئانچە يىراق ئەمەس ......

⑪ شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ........

⑫ ئاڭلىشىمچە، قازاق مىللىتى ئات مىنىشكە ...:

6. 用下列词各造两个句子。

يوقال ـ، يېقىملىق، قايت ـ، تەكلىپ بەر ـ، ھېلىقى.

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 翻译下列幽默。

### 鸭　子

一位老师对吵闹不休的女学生说："两个女人等于一千只鸭子。"

不久，这个老师的妻子来校，一个女生向老师报告："老师，外面有五百只鸭子找您。

www.uyghurkitap.com

## 找 宾 语

"我吃了三斤桃子。"老师在黑板上写完这句话转身就问"笑星，找找看，这句话的宾语在哪里？"

"啊……很可能在肚子里。"笑星摸着肚子答道。

9. 背会课文，并讲两三个幽默。

10. 句型练习。

1.
① ئۇيغۇرچىنىغۇ بىلمەن، قازاقچىنىمۇ ئازراق بىلمەن.
② ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ئادىتىمىز بويىچە بىر ئائىلە كىشىلىرى چاغاندا بىر يەرگە جەم بولىمىز.
③ ماڭغۇ مەيلى، بىراق ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم قىلىش كېرەك.
④ تاماق يېيىشنىغۇ يېدىم، ئەمما قورسىقىم تويمىدى.

2.
① سائەت ئىككىگىچە كەلمىسەڭ، بىز كېتىۋېرىمىز.
② مۇئەللىم كەلگۈچە بىز كىتاب ئوقۇپ تۇرايلى.
③ سەن بارغۇچە، ئۇ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.
④ تاماق پىشقۇچە قورساق ئېچىپ كېتىدۇ.

3.
① مەن كەلگۈچە، سەن ئۇخلاپ تۇرغىن.
② سەن بىرئاز دەم ئېلىۋالغىن.
③ بۇ كىتابنى چوقۇم ئوقۇغىن.
④ بۇ رەسىمنى كۆرگىن.
⑤ سەن ئۆيگە ۋاقتىدا كەتكىن.

# قىرىق تۆتىنچى دەرس

| |
|---|
| «ئېلىپ» نى ئوقۇپ، «بە» نى ئوقۇماپتۇ.<br>只学了“要”字，却没学“给”字。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە كۆپچىلىك باھا بەرسۇن.

② بىز ئادەتتە خەت يازساق ياكى گەپ قىلساق، ئەنە شۇ ئاتمىش مىڭ سۆزنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئىشلىتىمىز.

③ ئەگەر سىز باشلىق بولۇپ قالسىڭىز قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى بىزار قىلىۋېتىسىز.

④ ياق دېيىشنىڭ ئالدىراقسانلىقتىن، خاتالىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشتا چوڭ ئەھمىيىتى بار.

## تېكىست

### «ماقۇل» بىلەن «ياق» نىڭ مۇنازىرىسى

ئا: سىزنىڭ گېپىڭىز خاتا، مېنىڭ توغرا.

ئە: سىزنىڭ خاتا. مېنىڭ توغرا.

uyghurkitap.com

ئا: مېنىڭ توغرا، سىزنىڭ خاتا.

ئە: ئىككىمىز تالاشماي، ئاۋۋال ئۆز پىكرىمىزنى كۆپچىلىككە ئېيتايلى. كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە كۆپچىلىك باھا بەرسۇن.

ئا: ماقۇل، ئاۋۋال سىز سۆزلەڭ.

ئە: ياق، سىز مەندىن بىر ياش چوڭ. سىز ئاۋۋال سۆزلەڭ.

ئا: ماقۇل، مەن گېپىمنى باشلاي. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى لۇغىتىمىزدە ئاتمىش مىڭغا يېقىن سۆز بار.

ئە: ئاتمىش مىڭ؟

ئا: شۇنداق، بىز ئادەتتە خەت يازساق ياكى گەپ قىلساق ئەنە شۇ ئاتمىش مىڭ سۆزنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئىشلىتىمىز. بۇ ئاتمىش مىڭ سۆزنىڭ ئىچىدە يېزىلىشى ھەممىدىن چىرايلىق، ئوقۇشقا ھەممىدىن قولايلىق، ئاڭلاشقا ھەممىدىن يېقىملىق، ھەممە كىشىگە پايدىلىق بىر سۆز بار.

ئە: ئۇ قايسى سۆز؟

ئا: ما . . . قۇ . . . ل دېگەن سۆز.

ئە: سىزچە ئۇنىڭدىن ياخشى سۆز يوقكەن ـ دە؟

ئا: ئەلۋەتتە يوق. باشلىق بىلەن پۇقرا، ئەر بىلەن ئايال، كېسەل بىلەن دوختۇر، ساتقۇچى بىلەن خېرىدار، شوپۇر بىلەن يولۇچى، ئىشقىلىپ ھەممە ئادەم باشقىلارنىڭ ماقۇل دېيىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئە: ماڭىمۇ ماقۇل، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ھازىرمۇ ماقۇل، كەچتىمۇ ماقۇل، ئەتىمۇ ماقۇل، توغرىغىمۇ ماقۇل، خاتاغىمۇ ماقۇل. ماقۇل، ماقۇل، سىز ھەرقانداق ئەھۋالدا ياق دېمەمسىز؟

ئا: دېمەيمەن.

ئە: ياق دەپ قويسىڭىزچۇ؟

ئا: ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ.

ئە: ئەگەر ياق دەپ قويسىڭىز ئەللىك يۈەن جەرىمانە تۆلەيسىز جۇمۇ؟
ئا: چاتاق يوق.
ئە: ياق دېگەن سۆزنى زادى دېمەمسىز؟
ئا: ياق.
ئە: قېنى، ئەللىك يۈەن تاپشۇرۇڭ.
ئا: ماقۇل، ماقۇل، مائاشىمنى ئېلىپلا سىزگە ئەللىك يۈەن بېرىۋېتىمەن.
ئە: بىر گەپنى دېمەيتىمەن.
ئا: نېمە گەپ ئۇ؟
ئە: چوڭ قىزىڭىزنى دوختۇرخانىغا يۆتكەپتۇ.
ئا: خىزمىتىنىما؟
ئە: ياقەي، موتسىكلىت سوقۇۋېتىپتىكەن، داۋالاشقا . . .
ئا: راستما؟ ئەھۋال ئېغىرمۇ ـ قانداق؟
ئە: (جاۋاب بەرمەيدۇ)
ئا: گەپ قىلسىڭىزچۇ! قىزىمنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىكمۇ؟
ئە: ياق، ياق، ياق، ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى.
ئا: خۇداغا شۈكرى. تاس قالدىڭىز جېنىمنى ئالغىلى.
ئە: ياق دېگەن سۆز هازىر سىزگە يېقىملىق ئاڭلانغاندۇ؟
ئا: يېقىملىق ئاڭلاندى.
ئە: شۇڭا مەن هەرقانداق گەپكە ياق دەپلا جاۋاب بېرىمەن.
ئا: ماڭىمۇ ياق، ساڭىمۇ ياق، بالىسىغىمۇ ياق، خوتۇنىغىمۇ ياق، ياخشىغىمۇ ياق، يامانغىمۇ ياق، ئەرزانغىمۇ ياق، قىممەتكىمۇ ياق، خۇدا ساقلىسۇن سىزنىڭ باشلىق بولۇپ قېلىشىڭىزدىن.
ئە: نېمىشقا؟
ئا: ئەگەر سىز باشلىق بولۇپ قالسىڭىز قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى بىزار قىلىۋېتىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئە: ياق دېيىشنىڭ ئالدىراقسانلىقتىن، خاتالىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشتا چوڭ ئەھمىيىتى بار.

ئا: سىز زادى ماقۇل دېمەمسىز؟

ئە: ياق.

ئا: ماقۇل دەپ قويسىڭىزچۇ؟

ئە: قەسەم قىلاي، زادى ماقۇل دېمەيمەن.

ئا: مەن سىزنى ماقۇل دېگۈزەيمۇ؟

ئە: ما . . . .

ئا: ئاغىنە، سىز باشلىق بولامسىز؟

ئە: باشلىق بولۇش ناھايىتى ياخشى ئىش.

ئا: ئاغىنە، سىزنى باشلىق بولامسىز، دەپ سوراۋاتىمەن.

ئە: ماقۇل، ماقۇل، ما. . .

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ياقەي | (ئىم) | 不 |
| يولۇچى | (ئى) | 旅客 |
| يۆتكە- | (نېمىنى) | 移动,调动;迁移,搬 |
| يۈز بەر- | (نېمە) | 发生 |
| يېقىملىق | (س) | 讨人喜欢的;亲切的 |
| موتسىكلىت | (ئى) | 摩托车 |
| كۆپچىلىك | (ئى) | 大家 |
| كېسەل | (ئى) | 病,疾病 |
| داۋالا- | (نېمىنى) | 治疗 |
| خاتالاش- | (كىم) | 犯错误;做错 |
| خۇدا ساقلا- | (كىمنى، نېمىنى) | 真主保佑,胡大保佑 |
| خۇداغا شۈكرى | (س ب) | 谢谢胡大;谢天谢地 |
| خېرىدار | (ئى) | 顾客,买主,顾主 |

| | | |
|---|---|---|
| 卖者 | (ئى) | ساتقۇچى |
| 打;撞,碰 | (كىمنى، نېمىنى) | سوق- |
| 试一试 | (نېمىنى، كىمنى) | سىناپ باق- |
| 发誓 | (كىم، نېمىگە) | قەسەم قىل- |
| 手下的人 | (س ب) | قول ئاستىدىكىلەر |
| 方便的,便利的 | (س) | قولايلىق |
| 朋友 | (ئى) | ئاغىنە |
| 急躁情绪 | (ئى) | ئالدىراقسانلىق |
| 当然 | (ر) | ئەلۋەتتە |
| 首长,头领,长官 | (ئى) | باشلىق |
| 当官 | (كىم، نەگە) | باشلىق بول- |
| 给于评价 | (نېمىگە، كىمگە) | باھا بەر- |
| 使厌烦,使厌恶 | (كىمنى) | بىزار قىل- |
| 老百姓 | (ئى) | پۇقرا |
| 交 | (نېمىنى) | تاپشۇر- |
| 差一点 | (نېمە بولغىلى) | تاس قال- |
| 付,支付;偿还,赔偿 | (نېمىنى) | تۆلە- |
| 罚款 | (ئى) | جەرىمانە |
| 要命 | (نېمىنىڭ، كىمنىڭ) | جېنىنى ئال- |
| 没关系,没问题 | (س ب) | چاتاق يوق |
| 希望 | (نېمىنى) | ئارزۇ قىل- |
| 辩论 | (ئى) | مۇنازىرە |

〔词语用法说明〕

**语气词 جۇمۇ**

用在祈使句或陈述句句末,表示强调,引起对方的注意或提醒对方。如:

① سىز بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ جۇمۇ.

你早点回来啊！

② ئۇلار ماڭا قارىماي مېڭىۋەرسۇن جۇمۇ.

他们先走，不用等我。

③ بۇ ئىشنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن جۇمۇ.

这事可不要让别人知道啊。

④ ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم جۇمۇ. 他是个很好的人。

⑤ مېھمانلار بۈگۈن كېلىدۇ جۇمۇ. 客人今天要来呢。

⑥ مەن سىزگە بەك ئامراق جۇمۇ، گۈلپەرى.

我非常喜欢你，古丽拜热

〔语法要点〕

## 一、概数词 مۆلچەر سان

表示对数目大致估计的数词叫概数词。

概数词由以下几种方法构成：

1. 在基数词词干后结合附加成分 -چە 。如：

约千个 مىڭچە ， 约五个 بەشچە

2. 在基数词后先附加 -لار // -لەر ，然后再附加时位格附加成分。如：

| | |
|---|---|
| 五点钟左右 | سائەت بەشلەردە |
| 五十岁左右 | يېشى ئەللىكلەردە |

附加成分 -لار // -لەر 之后附加-چە-也可以表示对数目的大致估计。如：

| | |
|---|---|
| 一千来个人 | مىڭلارچە ئادەم |
| 大约一百来头牛 | يۈزلەرچە كالا |

3. 在基数词后附加 -دەك/-تەك 。如：

| | |
|---|---|
| 近三十名学生 | ئوتتۇزدەك ئوقۇغۇچى |
| 近五十个客人 | ئەللىكتەك مېھمان |
| 近四千匹马 | تۆت مىڭدەك ئات |

4. 在基数词后附加 -لىغان / -لىگەن 。如：

成千人　　مىڭلىغان ئادەم

上百万工人　　مىليونلىغان ئىشچى

5.基数词同 قانچە، نەچچە، ئارتۇق، يېقىن 等词组合,也可以表示概数意义。如:

近千人　　مىڭغا يېقىن ئادەم

二十多篇文章　　يىگىرمە نەچچە ماقالە

## 二、否定代词　　بولۇشسىز ئالماشلار

只能用在否定句子里,对事物、特征、数量的存在表示否定的词叫否定代词。维吾尔语中的否定代词由 ھېچ(任何、决不、毫无、绝对不)和部分疑问代词以及个别名词或数词构成。如:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 无论什么 | ھېچنېمە | 无论谁 | ھېچكىم |
| 任何地方 | ھېچقەيەر | 无论什么样的 | ھېچقانداق |
| 任何一个 | ھېچبىر | 任何东西 | ھېچ نەرسە |

在有否定代词的句子中,句子的谓语也一定是否定形式。如:

今天谁也不会来。　① بۈگۈن ھېچكىم كەلمەيدۇ.

他什么也没有说。　② ئۇ ھېچنېمە دېمىدى.

这个地方什么东西也没有。　③ بۇ يەردە ھېچ نەرسە يوق.

## 三、向格附加成分 ـغا/ـقا/ـگە/ـكە 的用法

1.表示行为的趋向。例如:

我弟弟去北京了。　① ئىنىم بېيجىڭغا باردى.

学生们在操场集合了。　② ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا توپلاندى.

2.附加在名词或代词之后,表示行为动作针对的对象。例如:

我们相信群众。　① بىز ئاممىغا ئىشىنىمىز.

他对音乐很感兴趣。　② ئۇ مۇزىكىغا بەك قىزىقىدۇ.

我们不需要帮助。　③ بىزگە ياردەم كېرەك ئەمەس.

① بۇ زالغا ئىككى مىڭ ئادەم سىغىدۇ.

这个礼堂能容纳两千人。

3.附加在时间名词后,表示动作进行的时间。例如:

① ئەتىلىككە سىلەرنىڭ ئۆيگە بارىمەن.

我明天到你们家去。

② ئۇلار ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقماقچى.

他们打算后天上路。

4. 附加在带第三人称的 يىلى، ئاي، كۈن، ھەپتە، سائەت 的名词后，表示“每一个”的意思。例如：

① مەن يىلىغا بىر قېتىم يۇرتۇمغا بارىمەن.

我每年去一趟老家。

② بىز ھەپتىسىگە 24 سائەت دەرس ئوقۇيمىز.

我们每周上24节课。

③ بۇ ماشىنا سائىتىگە 80 كىلومېتىر يول يۈرىدۇ.

这辆车每小时行驶八十公里。

④ بۇ دورىنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئىچىۋاتىمەن.

这个药我每天吃三次。

5. 附加在动名词或名词后，句末常与 « كەت, بار, كەل » 等动词结合，表示行为动作的目的。例如：

① ئوقۇغۇچىلار دەرسكە ماڭدى (دەرس ئوقۇشقا).

学生们上课去了。

② بىر قىسىم ياش ئوقۇتقۇچىلار چەت ئەلگە ئوقۇشقا كەتتى.

一部分青年教师到国外学习去了。

③ ئۇ سۇغا كەتتى، ھازىر كېلىدۇ.

他打水去了，一会儿就来。

④ مەن بۇ يىل تۇغقان يوقلاشقا ئاقسۇغا بارىمەن.

今年我去阿克苏探亲。

6. 附加在带人称的动名词后，表示两个施动者的动作相继发生。例如：

① ئۆيگە كىرىشىمگە، چىراغ ئۆچۈپ قالدى.

我一进门灯就熄了。

② ئاپتوبۇستىن چۈشۈشۈمگە، ئۇلار كەلدى.

我刚下车，他们就来了。

7. 附加在名物化的形动词后，表示动作进行的原因。例如：

① مەن ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلمايمەن.

我不后悔来乌鲁木齐。

② ئۇنىڭ ۋاقتىدا كەلمىگىنىگە ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ.

他没按时来使我很生气。

8. 结合在名物化的形动词后，与表示时间的词语连用，表示行为动作延续的时间。例如：

① ئۇنىڭ كەتكىنىگە يېرىم سائەت بولدى.

他走了半小时了。

② مېنىڭ ئەسكەر بولغىنىمغا ئۈچ يىل بولدى.

我当兵 3 年了。

9. 附加在 «ھەپتە, كۈن, ئاي, يىل» 等时间名词后，表示某一个限定的时间。例如：

① بۈگۈن 3 - ئايغا 20 بولدى.　今天是三月二十日

② مەن بەش كۈنگە قالماي قايتىپ كېلىمەن.

我不到 5 天就回来。

③ ئۆيدە يەنە ئىككى يىلغا يەتكۈدەك ئاشلىقىمىز بار.

家里还有够吃两年的粮食。

10. 附加在动名词后，句末常与 « بول- » 助动词连用，表示对行为动作能否进行的可能性。例如：

① بۇ سۇنى ئىچىشكە بولمايدۇ.

这水不能喝。

② ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

不能相信他的话。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

كېسەل يوقلىماق　　ئېغىر كېسەل

قولايلىق شارائىت　　ئىشقا قولايلىق
ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق　　ئىشلىتىشكە قولايلىق
قەرز تۆلىمەك　　نەق پۇل تۆلىمەك
زىياننى تۆلىمەك　　ۋاقتىدا تۆلەپ بەرمەك
جەرىمانە تۆلىمەك　　تالىشىپ ئىشلىمەك
ئىتلار تالاشماق　　ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تالاشماق
كېچىكىپ قالغىلى تاس قالماق　　يىغلاشقا تاس قالماق
ئادەمنى بىزار قىلماق　　ھەممىنى ئۆزىدىن بىزار قىلماق
يېقىملىق ئاۋاز　　يېقىملىق ئاڭلانماق
يېقىملىق ناخشا　　يېقىملىق بالا

3. 把下列两组词搭配成词组。

ئورۇن　　قولايلىق
ۋەقە　　باشلىق
كۆپچىلىك　　ئىشەنمەك
يېقىملىق　　بىزار قىلماق
خىزمەت　　تونۇش
دوست　　يۆتكىمەك
مال　　ئىشلەتمەك
ئىدارە　　مۇزىكا
ئاغىنە　　خىزمەت
كىشى　　يۈز بەرمەك
خاتالىق　　شۇنداق
سىناپ باقماق　　ئىش
خەتەرلىك　　ئالدىدا
داۋالاش　　تۇتماق
ئەلۋەتتە　　باھا بەرمەك

4. 选用以下词填空。

(جۇمۇ، قېنى، كىن، تېخىمۇ، ئىكەن، ئىبارەت)

① بۈگۈن چۈشتىن كېيىن چوقۇم بار ______ .
② ئۇ قاچان كېلىدۇ ______ ؟
③ بۇ خەۋەرنى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن ______ .
④ ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى پەقەت بىزنى قايىل قىلىشتىن ______ .
⑤ قولىڭىزدىكى كىتاب ئەمەتنىڭمۇ ______ .
⑥ ______ مېھمانلار، يۇقىرى چىقىڭلار.
⑦ ھازىر ئۇ ______ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.
⑧ ساڭا بەرگەن پۇللىرىم ______ .
⑨ مەن ئىشچى بولسام ئاپام قوشۇلامدۇ ______ .
⑩ بىز ئۇنىڭ گېپىدىن ئۇنى قەشقەرلىكمۇ ______ دەپ قاپتىمىز.

5. 完成下列句子。

① بۈگۈنكى سىنىپ يىغىنىغا .......
② بۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ........
③ ئۇلار مېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ......
④ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ھېيت - بايراملىرى ....
⑤ ئۈرۈمچى رايونىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق .......
⑥ تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن .......
⑦ سىلەر بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم ........
⑧ ئۇنىڭ چىرايى دادىسىنىڭ چىرايىغا ....
⑨ مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە بۇ دەرس كېلەر يىلى 6 - ئايدا ......

6. 用以下词各造两个句子。

خاتالاشـ، يۆتكەـ، قولايلىق، جەرىمانە، تۆلەـ

7. 按重点句子进行造句练习。

8. 把下列句子译成维文。

①今天我们从街上什么也没有卖上。

②参加会议的人大约有一千来个。

③你知道他是谁家的孩子吗？

④如果你见到他，什么也不要对他说。

⑤我都不知道对他说“行”还是“不行”。

⑥谁都不相信我的话。

⑦去看往他的人有二十多个。

⑧晚上谁都不想去教室。

⑨我们每一个人都应当遵守学校的各项制度。

⑩抓政治思想工作，应包括抓学生的思想工作。

9. 句型练习。

1.

① بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ ياكى باشقىلارنىڭ ئۆيىمۇ؟

② مەن ئۇنىڭغا خەت يازايمۇ ياكى تېلېفون بېرەيمۇ؟

③ مەن باراي ياكى بارماي، ئىشقىلىپ سەن چوقۇم بار.

2.

① ئۇ مېنى كۆرۈپلا يىغلاپ كەتتى.

② ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا تېزدىن چىقىپ كەتتى.

③ ئۇ يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتى.

④ ئۇ كېلىپلا ئۆيىگە خەت يازدى.

3.

① ئۇ بارسا، مەن بارمايمەن.

② مەن ئۆي سۈپۈرسەم، ئۇ كىر يۇيىدۇ.

③ ئۇ خۇش بولسا، ھەممىمىز خۇش بولىمىز.

④ ئۇ كەلسە، مەنمۇ كېلىمەن.

# قىرىق بەشىنچى دەرس

| |
|---|
| يىراقتىكى تۇغقاندىن، يېقىندىكى قوشنا ياخشى. |
| 远亲不如近邻好。 |

重点句子　　　　　　　　نۇقتىلىق جۈملىلەر

① تېلېگراممىا قەغىزىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ قەلىمىمنى تاپالمىدىم.

② بىرەر تونۇشۇم چىقىپ قالارمىكىــــــن دەپ ئەتراپقا قارىدىم.

③ خەتلىرىم ئىلگىرىكىگە قارىغاندا چىرايلىق ھەم رەتلىك چىقتى.

④ ئىشىم پۈتكەندىن كېيىن قەلەمنى ئىگىسىگە سۇنغاچ «رەھمەت» دېدىم.

⑤ بەش موچەن ئالسىغۇ كېرەك يوق، لېكىن نېمىشقا ئۇنىڭغا رەھمەتنىڭ كېرىكى يوق بولۇپ قالدىكىنە.

## تېكىست

### رەھمەت ۋە بەش مو

تېلېگراممىا قەغىزىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يانچۇقلىرىمنىــــى

ئاختۇرۇپ قەلـىمىمنى تاپالمىدىم، بىرەر تونۇشۇم چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەتراپقا قارىدىم. ھەممىسى مەن بۈگۈن تۈنجى كۆرۈۋاتقان چىرايلار، قايسىسىدىن قەلەم سوراي؟ سورىسام بەرمەي قالسىچۇ؟ ھەي، مىنىڭ مۇشۇ تارتىنچاقلىقىم. . .

كۆزۈم ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، پاكىز كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىگە چۈشتى. دەل شۇ چاغدا ئۇمۇ ماڭا قاراپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قويدى. قەلبىمدە پەيدا بولغان بىر خىل يېقىنچىلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا باردىم.

— ئاكا، قەلـىمىڭىزنى. . . .

ئۇ كىشى ماڭا قاراپ قويۇپ، قەلىمىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. بىر خىل يېنىك كەيپىيات ئىچىدە تېلېگراممىا قەغىزىنى تولدۇردۇم. خەتلىرىم ئىلگىرىكىگە قارىغاندا چىرايلىق ھەم رەتلىك چىقتى. ئىشىم پۈتكەندىن كېيىن قەلەمنى ئىگىسىگە سۇنغاچ قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ سەمىمىي يېرىدىن چىقىرىپ «رەھمەت» دېدىم. ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى كىشى چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن پەرۋاسىز قىياپەتتە:

— ماڭا رەھمەتنىڭ كېرىكى يوق، بەش موچەن بەرسىڭىز كۇپايە، — دېدى.

تېنىم قانداقتۇر بىر سوغۇق نەرسىگە تېگىپ كەتكەندەك جۇغۇلداپ كەتتى. ئەسلى پۇل تېپىش ياخشى ئىش. بەش مو قانچىلىك پۇل ئىدى. بەش موچەن ئالسىغۇ كېرەك يوق، لېكىن نېمىشقا ئۇنىڭغا رەھمەتنىڭ كېرىكى بولماي قالدىكىنە. يا بۇ كەملەردە «رەھمەت» نىڭ بەش موچەنچىلىك قىممىتى قالمىدىمىكىن؟

پوچتىخانىدىن كۆڭلۈم تولىمۇ غەش يېنىپ چىقتىم. قۇلىقىم تۈۋىدە «ماڭا رەھمەتنىڭ كېرىكى يوق، بەش موچەن بەرسىڭىز كۇپايە» دېگەن ئاۋاز تەكرارلىناتتى.

## سۆھبەت

ئا: لى خۇڭ، ماڭا خەت كەپتىمۇ؟

ئە:  ساڭا بىر پارچە تېلېگرامما كەپتۇ.
ئا:  نەدىن كەپتۇ؟
ئە:  ئۈيۈڭدىن كەپتۇ.
ئا:  ماخۇي، سەن پوچتىخانىغا بارامسەن؟
ئە:  بارىمەن، ئۈيگە تېلېگرامما سېلىۋېتەي، سەنچۇ؟
ئا:  مەن ئۈيگە تېلېفون بەرگىلى بارىمەن.

× × ×

ئا: يولداش، ماڭا تېلېگرامما قەغىزىدىن بىرنى بەرسىڭىز.
ئە:  مانا ئېلىڭ، بەش پۇڭ بېرىڭ.
ئا:  تېلېگرامما قاچان تېگىدۇ؟
ئە:  ئەته چۈشتىن بۇرۇن.
ئا:  قانچە پۇل تاپشۇرىمەن؟
ئە:  ئىككى يېرىم كوي.
ئا:  لى خۇڭ، سەن سۆزلىشىپ بولدۇڭمۇ؟
ئە:  ياق، تېخى.
ئا:  ۋەي، يېزا ئىگىلىك بانكىسىمۇ؟
ئە:  ھەئە، كىمنى ئىزدەيسىز؟
ئا:  لى خۇڭنى. خاپا بولماي چاقىرىپ قويسىڭىز.
ئە:  توختاپ تۇرۇڭ ـ ھە، مەن قاراپ باقاي....
ئە:  لى خۇڭ بىر ياققا كېتىپ قاپتۇ.
ئا:  لى خۇڭ كەلگەندە دەپ قويسىڭىز، ئۇ كېلىپلا ماڭا بىر تېلېفون بەرسۇن.
ئە:  تېلېفون نومۇرىڭىز قانچە؟ ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟
ئا:  مەن پاتىگۇل بولىمەن، تېلېفون نومۇرۇم 2862753.
ئە:  بولىدۇ. لى خۇڭ كەلسىلا دەپ قويىمەن.
ئا:  رەھمەت سىزگە، ئۇنتۇپ قالماڭ..

www.uyghurkitap.com

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئىگە | (ئى) | 主人；具有；主语 |
| مۇلايىم | (س) | 和蔼的，和气的 |
| كۆڭلى غەش بولـ | (كىمنىڭ) | 心情沉闷，心绪不佳 |
| كۈلۈمسىرە | (كىمگە) | 微笑 |
| كېرەك يوق | (س ب) | 没关系 |
| كېرىكى يوق | (س ب) | 没用 |
| كىيـ | (نېمىنى) | 穿 |
| لازىمى يوق | (س ب) | 没用，不需要，没必要 |
| كۇپايە | (ر) | 够，足够 |
| سەممىي | (س) | 诚恳的 |
| ئەتراپ | (ئى) | 周围 |
| بەش موچەن | (س ب) | 五毛钱 |
| پەرۋاسىز | (س) | 满不在乎的，疏忽大意，漠不关心 |
| پەيدا بولـ | (نېمە) | 产生，出现，发生 |
| پۇل تاپـ | (س ب) | 挣钱 |
| تارتىنچاقلىق | (ئى) | 拘束，拘谨；客气，难为情 |
| تولدۇرـ | (نېمىنى) | 填写；弥补，补充 |
| تۇيغۇ | (ئى) | 感觉 |
| تېگىپ كەتـ | (نېمىگە) | 碰上，接触，触及 |
| تېلېگرامما | (ئى) | 电报 |
| جۇغۇلداـ | (نېمە) | 发抖 |
| ئاختۇرـ | (نېمىنى، نەنى) | 搜查，翻 |

〔词语用法说明〕

**语气词 چۇ**

1. 代替前句中充当谓语的词，表示疑问。如：

我们明天走,你呢？ ① بىز ئەتە ماڭىمىز، سىزچۇ؟

② ھەممەيلەنگە بېلەت بەردىڭ، ماڭىچۇ؟

别人你都给票了,我呢？

③ ئەتە كېلىڭ، ئەتە سۆزلىشەيلى.

你明天来,我们明天再谈。

如果我明天来不了呢？ ④ ئەتە كېلەلمىسەمچۇ؟

2. 依附在由祈使式构成的谓语后,表示请求、肯求等色彩。如：

我跟你一块去吧。 ① مەن سىز بىلەن بىللە باراي‌چۇ!

② خاپا بولماي، گۈلپەرىنى چاقىرىپ قويۇڭچۇ.

麻烦你把古丽拜热叫一下。

我们跳舞去吧。 ③ تانسا ئوينىغىلى بارايلىچۇ.

他也一块儿去吧。 ④ ئۇمۇ بارسۇنچۇ.

〔**语法要点**〕

**一、-غاچ 副动词(兼代副动词)**

-غاچ 副动词是在动词词干上附加附加成分 -غاچ//-قاچ// -كەچ//-گەچ 构成。如：

ماڭ + غاچ = ماڭغاچ، دە + گەچ = دېگەچ

پاراڭلاش + قاچ = پاراڭلاشقاچ، ئىچ + كەچ = ئىچكەچ

**غاچ-副动词表示进行主要动作的同时兼代进行的动作。在句中作状语。如：**

① بازارغا بارساڭ، بىر بولاق چاي ئالغاچ كەل.

你上街(顺便)带一包茶叶来。

② مەن تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرگەن، جاڭ مۇئەللىمنى يوقلىغاچ كەلدىم.

我昨天进城,顺便去拜访了张老师。

③ ئۇلار چاي ئىچكەچ، مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى.

他们一边喝茶,一边研究问题。

غاچ 副动词与 -تۇر 连用可以表示“暂时”的意思。如：

① سىلەر ئىشلىگەچ تۇرۇڭلار، مەن ھېلىلا قايتىپ كېلىمەن.

你们先干着，我去就来。

② سىلەر پاراڭلاشقاچ تۇرۇڭلار، مەن ئالىمنى چاقىرىپ كېلەي.

你们先谈着，我把阿里木叫来。

二、时位格附加成分 دا//-ـدە//-ـتا//-ـتە 的用法

1. 附加在表示时间、方位、处所或地点的名词，表示动作发生的时间、处所或地点。例如：

① ئەخمەت سىنىپتا دەرس تەكرارلاۋاتىدۇ.

艾合买提在教室复习功课。

我们 5 点钟看电影。 ② سائەت بەشتە كىنو كۆرىمىز.

他出生在乌鲁木齐。 ③ ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.

2. 附加在 « ھەپتە ، كۈن, ئاي, يىل » 等表示时间的名词后，表示“每一个”的意思。例如：

一周有几节课？ ① ھەپتىدە نەچچە سائەت دەرس بار؟

② ئۇ يۇرتىغا يىلدا بىر قېتىم بارىدۇ.

他每年回一趟老家。

3. 表示行为动作实现的工具或方式。例如：

① ئۇ بېيجىڭدىن پويىزدا كېلىپتۇ.

他从北京是坐火车来的。

他用维吾尔语说。 ② ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىدى.

他用茶碗吃了饭。 ③ ئۇ تاماقنى پىيالىدە يېدى.

4. 表示构成事物的原材料或组成成分。例如：

① بۇ ساندۇق قارىغاي ياغىچىدا ياسالغان.

这箱子是用松木做的。

② قوي يېغىدا ئەتكەن پولۇ، سۇ يېغىدا ئەتكەن پولۇدىن تەملىك بولىدۇ.

羊油做的抓饭比植物油做的好吃。



uyghurkitap.com

5. 附加在带人称词尾的抽象名词后，表示动作的状态。例如：

① بايىقى گەپلەرنى ئاچچىقىمدا دەپ سالدىم.

刚才那些话都是我的气话。

② ئۇ خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى. 他高兴得跳了起来。

6. 表示动作的范围。例如：

① تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا داڭقى بار.

吐鲁番的葡萄在全世界都很有名。

② ئۆزۈمنىڭ پىكرىمدە تۇرىمەن. 我坚持自己的意见。

③ ئۇ دەرستە ياخشى. 他在学习上很好。

7. 附加在形动词后，表示行为动作发生的时间。例如：

① يول ماڭغاندا ئېھتىيات قىلىڭ. 走路要小心。

② بىز بارغاندا، ئۇلار يوق ئىكەن.

我们去的时候，他们不在。

③ دەرسخانىغا كىرگەندە، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماڭلار.

进教室时，不要喧哗。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| ئۆي ئىگىسى | پۇلنىڭ ئىگىسى |
| كۆڭلەك كىيمەك | شەپكە كىيمەك |
| پەلەي كىيمەك | تۇيغۇ (سەزگۈ) ئەزالىرى |
| باشقا تۇيغۇ پەيدا قىلماق | دەرس تەكرارلىماق |
| سۆزنى تەكرارلىماق | ئۆز پىكرىنى تەكرارلىماق |
| ئۆينى ئاختۇرماق | لۇغەت ئاختۇرماق |
| يانچۇق ئاختۇرماق | بوش ئورۇن تولدۇرماق |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| زىياننى تولدۇرماق | يانچۇقنى تولدۇرماق |
| چېلەككە سۇ تولدۇرماق | ئىشقا پەرۋاسىز قارىماق |
| پەرۋاسىز ئادەم | پەرۋاسىز ئولتۇرماق |
| گۇمان پەيدا بولماق | يېڭى ئوي پەيدا بولماق |
| سەممىي ئادەم | سەممىي دوست |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| مال | ئەھۋال سورىماق |
| كىيىم | قول ياغلىق |
| سەممىي | قارىماق |
| ئەتراپ | ئىگىسى |
| پىكىر | پۇل تاپماق |
| كەيپىيات | تارتىنچاق |
| كىرىكى يوق | كىيمەك |
| كۈلۈمسىرىمەك | پەيدا بولماق |
| ھېلىقى | تېگىپ كەتمەك |
| تەكرارلىماق | قاراڭغۇ |
| كۆپ | ئادەم |
| قول | سۆزلىمەك |
| قىيىنچىلىق | نەرسە |
| بەك | ئىش |
| مۇلايىم | ياخشى |

4. 选用以下附加成分填空。

(غاچ // گەچ // قاچ // كەچ ، غىلى // قىلى // گىلى // كىلى)

① مەن ئۇنى يوقلا ____ بازاردىن ئازراق نەرسە ئەكىلىمەن.

② مەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇ ____ ئىككى يىل بولدى.

③ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگەن ____ تۇراي دەيمەن.

④ سىز كىتابنى سات _____ تۇرۇڭ، مەن هازىرلا كېلىمەن.
⑤ بىز ماڭ _____ پاراڭلىشايلى.
⑥ بۇ ئىشنا ئۇلاردىن رەنجىد _____ بولمايدۇ.
⑦ بىر رەڭلىك تېلېۋىزورنى 2500 يۈەنگە ئال _____ بولىدۇ.
⑧ مەن مەكتەپكە ئۇيغۇرچە ئۆگەن _____ كەلدىم.
⑨ ئۇ ئاغرىپ قال _____ ئۈچ - تۆت كۈن بولدى.
⑩ بىز چاي ئىچ _____ تېلېۋىزور كۆردۇق.

5. 完成下列句子。

① دەرستىن كېيىن پوچتىخانىغا بېرىپ . . . .
② . . . . . . . . . . بۇ پۇل قانچىلىك پۇل ئىدى.
③ قولىقىم تۇۋىدە . . . . . . . .
④ كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە . . . . . .
⑤ تېلېگرامما قەغىزىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن . . . . . .
⑥ مائاشنى ئېلىپلا . . . . . . .
⑦ . . . . . . . . هېلىقى كىشى چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن شۇنداق دېدى.
⑧ مېنىڭ خېتىم بۇرۇنقىغا قارىغاندا . . . . . .
⑨ مەن باشلىق بولۇپ قالسام . . . . . . .
⑩ خاتا سۆزلەپ قېلىشتىن . . . . . . . .
⑪ ئۇ ماڭا يېقىنلىق بىلەن . . . . . . .
⑫ . . . . . . . . ساڭا ۋاقتىدا جاۋاب خەت يازالمىدىم.
⑬ . . . . . . . . سېنىڭ چىرايىڭ ماڭا ناهايىتى تونۇش.
⑭ . . . . . . . . مېنى ئويغىتىپ قويۇڭ.

6. 用以下词各造两个句子。

كۆپايە، پەيدا بول-، تولدۇر-، ئاختۇر-، پەرۋاسىز

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 把下列短文译成维文。

今天下午我和海拉提到邮局发了两封信和一封电报,还寄了一个包裹。我把信投到了外面的信箱里。发电报时,工作人员把一

张电报纸给了我，我写好后交给了他。我们把东西寄完后就回来了。

9. 回答问题。

① سىز تېلېگرامما قەغىزىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن نېمىنى تاپالمىدىڭىز؟ كېيىن كىمدىن سورىدىڭىز؟

② تېلېگرامما قەغىزىنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن نېمە قىلدىڭىز؟

③ قەلەمنىڭ ئىگىسى نېمە دېدى؟

④ سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟

10. 句型练习。

1.

① بىز ۋەتەن ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنەيلى.

② ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەپتۇ.

③ ئىنسان ئۈچۈن قىممەتلىك نەرسە — ھايات، ۋاقىت ۋە بىلىم.

④ ئەتىكى يىغىندا مەن ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇڭ.

2.

① مەن ئۇنى ئۆز دادام دەپ تونۇپ كەلدىم.

② بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولاي دەپ قالدىم.

③ ھاۋا ئۆزگەردى، يامغۇر ياغاي دەپ قالدى.

④ مەن سىنى دەپ بۇ يەرگە كەلدىم.

3.

① ئۇ ماڭا قارىغاندا تىرىشچان.

② ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا، مەن خاتا قىلىپتىمەن.

③ بۇ بىناغا قارىغاندا ئۇ بىنا ئېگىز ئىكەن.

④ قەشقەرگە قارىغاندا تۇرپان ئىسسىق.

⑤ ساۋاقداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇغۇچىكەن.

4. ① ئاكىسىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئۇكىسىنىڭ-
كىدەك ئەمەس.
② ئۇنىڭدەك ئەسكى ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىمەن.
③ ئۇ ئانىسىدەك مۇلايىم ئەمەس.
④ مېنىڭدەك ئادەمنى ھېچيەردىن تاپالمايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئالتىنچى دەرس

| |
|---|
| قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا، تاۋۇز يېيىشـ<br>تىن قورقما. 肚里没有病，别怕吃西瓜。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① ئادەمنىڭ تېنى سىرتقى شەكلىگە قاراپ باش - بويۇن، گەۋدە، قول، پۇتتىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

② كۆز — كۆرۈش ئەزاسى. قۇلاق — ئاڭلاش ئەزاسى.

③ مېڭە خۇددى قوماندانلىق شتابىغا ئوخشاش، ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

④ يۈرەك خۇددى ماشىنىنىڭ ماتورىغا ئوخشايدۇ.

⑤ يۈرەك ھەرىكەتتىن توختىسا، ھاياتمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

## تېكىست

### ئادەمنىڭ تېنى

ئادەمنىڭ تېنى سىرتقى شەكلىگە قاراپ باش - بويۇن، گەۋدە، قول، پۇتتىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

باش قىسمىدا كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز، مېڭە قاتارلىق ئەزالار بار. كۆز — كۆرۈش ئەزاسى، قۇلاق — ئاڭلاش ئەزاسى، بۇرۇن — پۇراش ئەزاسى. ئېغىز بوشلۇقىدا چىش، تىل قاتارلىق ئەزالار بولىدۇ. چىش — چاينىاش ئەزاسى، تىل — تېتىش ئەزاسى. مېڭە خۇددى قوماندانلىق شتابىغا ئوخشاش، ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.
بويۇن — باش بىلەن گەۋدىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. گەۋدە كۆكرەك بوشلۇقى ۋە قورساق بوشلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. كۆكرەك بوشلۇقىدا يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىق ئەزالار بار. يۈرەك خۇددى ماشىنىنىڭ ماتورىغا ئوخشايدۇ. ماشىنىنىڭ ماتورى كاردىن چىقسا، ماشىنا ھەرىكەتتىن توختىغانغا ئوخشاش، يۈرەك ھەرىكەتتىن توختىسا، ھاياتمۇ ئاخىرلىشىدۇ. ئۆپكە — نەپەسلىنىش ئورگىنى.
قورساق بوشلۇقىدا ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر، بۆرەك، تال قاتارلىق ئەزالار بار. ئاشقازان بىلەن ئۈچەي ھەزىم قىلىش ئورگانلىرى.
ئادەم مېڭە ۋە قولغا تايىنىپ دۇنيانى ياراتقان ۋە ئۆزىنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرگەن. قول — بىلەك، جەينەك، بېغىش، ئالىقان، بارماق، تىرناق قاتارلىق قىسىملاردىن تۈزۈلگەن. پۇت — مېڭىش، تۇرۇش ئەزاسى. پۇت — چوڭ - كىچىك يوتا، تىز، پاقالچاق، ئوشۇق، تاپان، بارماق قاتارلىق قىسىملاردىن تۈزۈلگەن.

## سۆھبەت

## دوختۇرغا كۆرۈنۈش

ئا: يولداش، ماڭا بىر نومۇر بېرىڭ.

ئە: قايسى بۆلۈمگە كۆرۈنىسىز؟
ئا: ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە.
ئە: نېمە بولدىڭىز؟
ئا: مىجەزىم يوق، بېشىم قېيىپ تۇرىدۇ.
ئە: قىزىۋاتامسىز؟
ئا: ياق. لېكىن بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، پۇت - قولۇمدا جان يوق.
ئە: يۆتىلەمسىز؟
ئا: يۆتەل ئانچە كۆپ ئەمەس.
ئە: زۇكام بولۇپ قاپسىز. نەچچە كۈن بولدى؟
ئا: تۈنۈگۈن كەچتىن باشلاپ بېشىم ئاغرىشقا باشلىغان.
ئە: دورىنى ۋاقتىدا ئىچىڭ. ئوبدان دەم ئېلىڭ. ساقىيىپ كېتىسىز.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| ئاشقازان | (ئى) | 胃 |
| ئالقان | (ئى) | 手掌 |
| بارماق | (ئى) | 手指，指头 |
| بويۇن | (ئى) | 颈，脖子 |
| بۆرەك | (ئى) | 肾 |
| بېغىش | (ئى) | 手腕 |
| بىلەك | (ئى) | 臂，手臂 |
| پاقالچاق | (ئى) | 小腿 |
| پەرقلەن- | (نېمە، نېمىدىن) | 有区别 |
| پۇرا- | (نېمىنى) | 嗅，嗅觉 |

| | | |
|---|---|---|
| تاپان | (ئى) | 脚掌.踵 |
| تىرناق | (ئى) | 指甲;括号 |
| جەينەك | (ئى) | 脍,胳膊 |
| جىگەر | (ئى) | 肝 |
| قورساق بوشلۇقى | (س ب) | 腹腔 |
| قوماندانلىق شتاب | (س ب) | 指挥部 |
| كاردىن چىق- | (نېمە) | 不顶用 |
| گەۋدە | (ئى) | 身体;躯体 |
| لېپەك | (ئى) | 膝盖骨 |
| يوتا | (ئى) | 大腿 |
| ئېغىز | (ئى) | 口;嘴 |
| ئېغىز بوشلۇقى | (ئى) | 口腔 |
| ئۈچەي | (ئى) | 肠子 |
| ئورگان | (ئى) | 器官;机构;机关 |
| ئوشۇق | (ئى) | 踝 |
| ماتور | (ئى) | 发动机 |
| كۆكرەك بوشلۇقى | (س ب) | 胸腔 |
| ھەزىم قىل- | (نېمىنى) | 消化 |
| چاينا- | (نېمىنى) | 嚼 |
| تېتى- | (نېمىنى) | 尝,品;(吃得)香,有味 |
| تۇتاش- | (نېمىنى، نېمىگە) | 连结 |
| تايان- | (نېمىگە، كىمگە) | 依靠 |
| باشقۇر- | (كىمنى، نېمىنى) | 管理 |

**〔语法要点〕**

**复数附加成分 -لار -لەر 的用法**

1. 附加在名词词干上，表示两个或更多个同类事物，这是复数附加成分最基本的意义。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| 同志们 | يولداشلار | 同志 | يولداش |
| 许多书 | كىتابلار | 书 | كىتاب |
| 人们 | كىشىلەر | 人 | كىشى |
| 许多学校 | مەكتەپلەر | 学校 | مەكتەپ |

维吾尔语里不管指人、指物的名(代)词后，均可附加 -لار // -لەر 表示复数，而且除有具体数字外，其它不定数词的名词后也可以附加 -لار // -لەر。如：

| | |
|---|---|
| 许多工人 | نۇرغۇنلىغان ئىشچىلار |
| 有些学生 | بەزى ئوقۇغۇچىلار |
| 一些工厂 | مەلۇم زاۋۇتلار |

2. 附加在表示身体部位名称的某些名词词干上，突出地强调名词所指物体或表示物体的整体性。如：

① باشلىرىم، بەللىرىم ئاغرىۋاتىدۇ.

我的整个头，整个腰都疼。

② يۈزلىرىمگە ھۆررەك چىقىپ كەتتى.

我的脸都长了好多疙瘩。

3. 附加在专有名词词干上，表示与之有关的人或事物。如：

托合提等人来了。 ① توختىلار كەلدى.

我们到北京等地去了。 ② بىز بېيجىڭلارغا باردۇق.

③ قەشقەرلەردە قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى.

喀什等地都发生了干旱。

4. 附加在某些表示不易数的事物或抽象概念的名词词干上，表示品种、种类或总括。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| 各种各样的鸟 | قۇشلار | 鸟 | قۇش |
| 各种各样的花儿 | گۈللەر | 花儿 | گۈل |
| 各种水 | سۇلار | 水 | سۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 各种各样的树 | دەرەخلەر | 树 | دەرەخ |
| 各族人民 | خەلقلەر | 人民 | خەلق |

5. 附加在某些表示时间、年龄、数量的词干上，表示“估计”、“大概”等意义。如：

① ئۇ ئوتتۇز ياشلاردا بار. 他大约有三十来岁。

② بىز سائەت بەشلەردە يولغا چىقىمىز.

我们大约在五点钟左右出发。

③ ئېيتىپ بېقىڭا، كىشى قانداق ۋاقىتلاردا ئەقلىدىن ئازىدۇ.

请你讲一讲，人大概什么时候会丧失理智。

6. 在句子的同等成分中，复数标志通常只加在最后一个名词上，表示概括的意义。如：

① مەندە كىتاب، قەلەم ۋە دەپتەرلەر بار.

我有书、笔和本子。

② مەن تۇرسۇن، بارات، ياسىنلار بىلەن بازارغا باردىم.

我跟吐尔逊、巴拉提、亚森等人在一起上街。

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| باش بارماق | ئون بارماق |
| يېشى پەرقلەنمەك | بويى پەرقلەنمەك |
| قوش تىرناق | يالاڭ تىرناق |
| تىرناق ئالماق | كاردىن چىققان ماشىنا |
| كاردىن چىققان نەرسە | قەلەم كاردىن چىقماق |
| ئاياغ كاردىن چىقماق | مۇھىم ئورگان |
| دۆلەت ئورگانلىرى | هايات يولى |
| ئوقۇتقۇچىلىق هاياتى | ئاتا - ئانىسى هايات |

www.uyghurkitap.com

سىياسىي ھايات ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ھاياتى ئۇلۇغ، ئۆلۈمى شەرەپلىك

بەختلىك ھايات ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ھايات قالماق

بىر يۈرۈش كىتاب ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ بىر يۈرۈش ئۆي

يېڭى سەپەرگە يۈرۈش قىلماق ‏ ‏ ‏ ‏ پەنگە يۈرۈش قىلماق

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| يېڭى | تۇتاشتۇرماق |
| ھەزىم قىلىش | ماتور |
| سېغىنىز | تايانماق |
| ئۆزئارا | ئاڭلىماسلىق |
| بالىلار | قايتماق |
| بۇزۇق | گۆش |
| ئىشچى | ياخشى |
| قۇلاق | پەرقلەنمەسلىك |
| كاردىن چىق | پۇرسىيالىماسلىق |
| يۈرەك | ئەزا |
| ئىتتىپاق | چاينىماق |
| قىسىم | چوڭ |
| بويۇن | ئورۇندۇق |
| ئانچە | ھايات |
| ھېچنېمە | باشقۇرماق |

4. 选用以下词填空。

(قاتارلىق، قويۇق، قانداق، قاتتىق، ئۇششاق، ھېلىقى، تىل، ھايات)

① ________ ئادەم سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟

② ئاتا ـ ئانىڭىز ________ مۇ؟

③ ئۇ ناھايىتى مۇلايىم بىر ئايال ھەم شۇنداق سادda،

______ گەپ - سۆزلىرىمۇ يوق.

④ ______ گەپنى يەنە بىر دەڭا.

⑤ مەن ئۇنىڭغا بەك ______ گەپ قىلىۋەتتىم.

⑥ سۇيۇقئاش بەك ______ بولۇپ كەتسە، پەقەتلا ئىچكۈم كەلمەيدۇ.

⑦ ______ ئويلىغان بولساڭ شۇنداق قىل.

⑧ ______ ئۆگىنىشنى شۇنچە ئاسان دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

⑨ مەن قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، چۆچەك ______ شەھەرلەرگە بارغان.

⑩ ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ______ .

5. 完成下列句子。

① ئادەمنىڭ تېنى سىرتقى شەكلىگە قاراپ . . . . . .

② قورساق بوشلۇقىدا . . . . . .

③ ماشىنىنىڭ ماتورى كاردىن چىقسا . . . . . .

④ . . . . . . دۇنيانى يارىتقان ۋە ئۆزىنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرگەن.

⑤ تۈنۈگۈن كەچتىن باشلاپ . . . . . .

⑥ ئۆگەنگەن بىلىمنى پۇختىلىمىسا . . . . . .

⑦ ساقىيىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇشنى . . . . . .

⑧ مەن ئوقۇتقۇچىمىز . . . . . .

⑨ يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇن . . . . . .

⑩ . . . . . . ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پائالىيەت.

6. 用以下词各造两个句子。

تايان-، باشقۇر-، ھايات، كاردىن چىق-، پەرقلەن-

7. 模仿重点句子进行造句练习。

8. 给下列句子提出疑问。

① ئادەم قول ۋە مېڭىگە تايىنىپ دۇنيانى ياراتقان.

② باش قىسمىدا كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز، مېڭە قاتارلىق ئەزالار بار.

③ بويۇن — باش بىلەن گەۋدىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

④ گەۋدە — كۆكرەك بوشلۇقى ۋە قورساق بوشلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

⑤ يۈرەك — خۇددى ماشىنىنىڭ ماتورىغا ئوخشايدۇ.

9. 把下列短文译成维文。

我原来身体很好。最近头疼，咳嗽，流鼻涕，吃饭也不太好。晚上还发烧，出汗。今天早上我到医院看了病，大夫对我说："你感冒了，按时吃药，打针，休息几天就好了。"

10. 回答问题。

① ئادەمنىڭ تېنى نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؟

② باش قىسمىدا قانداق ئەزالار بار؟ ئۇلارنىڭ رولىنى ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈڭ.

③ كۆكرەك قىسمىدا قانداق ئەزالار بار؟

④ قورساق بوشلۇقىدا قانداق ئەزالار بار؟

⑤ قول بىلەن پۇت قانداق قىسىملاردىن تۈزۈلگەن؟

11. 句型练习。

1. ① لېيى فېڭ — ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى.
② بىزنىڭ مەكتىپىمىز — كۆپ مىللەتلىك چوڭ بىر ئائىلە.
③ كۆز — كۆرۈش ئەزاسى.
④ بىلىم — سىر ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ.
⑤ سەمىمىيلىك — بىر خىل گۈزەل ئەخلاق.

2. ① ئۇ خۇددى ئۆز ئاچامغا ئوخشاش ماڭا كۆيۈنىدۇ.
② ئۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش، ھەرقانداق ئىشتىن قورقمايدۇ.
③ ئۇنىڭ مىجەزى خۇددى دادىسىغا ئوخشاش ناھايىتى مۇلايىم.
④ مىڭە خۇددى قوماندانلىق شتابىغا ئوخشاش، ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق يەتتىنچى دەرس

شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىماس.
风不刮，树不摇。

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① بۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر «دۆلەت ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەركىزى» .

② سۇ ئۈزۈش سارىيىنىڭ كۆلىمى 38 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھازىر ئاسىيادىكى كۆلىمى ئەڭ زور، مۇئەسسەسەسى ئەڭ ئىلغار مۇسابىقە سارىيى ھېسابلىنىدۇ.

③ سارايىنىڭ ئىچىدە ھەرخىل تۈرلەردىكى خەلقئارا مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

④ پۇتبول قورۇلۇش ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم بولۇپ، قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

## تېكىست

### ھەيۋەتلىك، كۆركەم تەنھەرىكەت سارىيى

بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدا، تيەنئەنمېن مەيدانىغا 3.4

كىلومېتر كېلىدىغان جايدا ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىر زامانىۋى تەنھەرىكەت شەھىرى بار. بۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر «دۆلەت ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەركىزى».

بۇ شەھەردە، ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئاتاپ سېلىنغان سۇ ئۈزۈش سارىيى، ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت سارىيى، يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى قاتارلىق 20 ئاساسلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقە مەيدان، سارايلىرى بار. سۇ ئۈزۈش سارىيى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 38 مىڭ كۋادرات مېتر بولۇپ، ھازىر ئاسىيادىكى كۆلىمى ئەڭ زور، مۇئەسسەسەسى ئەڭ ئىلغار مۇسابىقە سارىيى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت سارىيىنىڭ كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتردىن ئاشىدۇ. سارايىنىڭ ئىچىدە ۋاسكېتبول، ۋالىبول، قول توپى، پەي توپ، تىكتاك توپ، سېتكا توپ، گىمناستىكا، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەردىكى خەلقئارا مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانىنىڭ كۆلىمى 50 مىڭ كۋادرات مېتر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇزۇنلۇقى 400 مېتر كېلىدىغان ئايلانما شەكىللىك يۈگۈرۈش يولى بار. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆلچەملىك چىملىق پۇتبول مەيدانى، ئېگىز سەكرەش، يىراققا سەكرەش، چويۇن توپ، دىسكا، نەيزە ئېتىش مەيدانى ياسالغان.

پۈتكۈل قۇرۇلۇش ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم بولۇپ، قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

## سۆھبەت

ئا: سىز ھەر كۈنى چېنىقامسىز؟

ئە: ھەئە، ھەر كۈنى سەھەردە يۈگۈرىمەن، گىمناستىكا ئوينايمەن.

ئا: سىز توپ تۈرلىرىگە قىزىقامسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئە: تىكتاك توپ، پەي توپقا ئامراق.

ئا: پۇتبولغىچۇ؟

ئە: پۇتبولغىمۇ بەك قىزىقىمەن.

ئا: ۋاسكېتبول ئوينىيالامسىز؟

ئە: ئانچە ـ مۇنچە ئوينايمەن.

ئا: سىز بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىدا قايسى تۈرگە قاتناشتىڭىز؟

ئە: 1500 مېترغا يۈگۈرۈشكە قاتناشتىم.

ئا: نەچچىنچى بولدىڭىز؟

ئە: بىرىنچى بولدۇم.

ئا: بۇ قېتىمقى ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىدا دۆلىتىمىز كوماندىسى قانچە مېدال ئالدى؟

ئە: 134 ئالتۇن مېدال، 92 كۈمۈش مېدال، 51 مىس مېدالغا ئېرىشتى.

ئا: پۇتبول مۇسابىقىسىدە كىم چېمپىيون بولدى؟

ئە: ئۆزبېكىستان كوماندىسى چېمپىيون بولدى.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يۈگۈرۈش يولى | (س ب) | 跑道 |
| يېنىك ئاتلېتىكا | (س ب) | 田径 |
| يىراققا سەكرەش | (س ب) | 跳远 |
| ئېگىزگە سەكرەش | (س ب) | 跳高 |
| ئىلغار | (س) | 先进的，优秀的 |
| ئېغىرلىق كۆتۈرۈش | (س ب) | 举重 |
| ۋاسكېتبول | (ئى) | 篮球 |
| ۋالىبول | (ئى) | 排球 |
| ئۆلچەملىك | (س) | 合格的，合乎标准的 |

| | | |
|---|---|---|
| 综合 | ( س ) | ئۇنىۋېرسال |
| 投标枪 | ( س ب ) | نەيزە ئات- |
| 奥林匹克 | ( ئى ) | ئولىمپىك |
| 设施,机构 | ( ئى ) | مۇئەسسەسە |
| 时代特色 | ( س ب ) | دەۋر ئالاھىدىلىكى |
| 铁饼 | ( ئى ) | دىسكا |
| 国际 | ( ئى ) | خەلقئارا |
| 宫殿;客厅;旅舍 | ( ئى ) | ساراي |
| 游泳 | ( س ب ) | سۇ ئۈز- |
| 网球 | ( س ب ) | سېتكا توپ |
| 现代的 | ( س ) | زامانىۋى |
| 稠的,稠密的,浓的 | ( س ) | قويۇق |
| 建筑,建筑工程 | ( ئى ) | قۇرۇلۇش |
| 手球 | ( س ب ) | قول توپى |
| 旋转形,盘旋形 | ( س ب ) | ئايلانما شەكىللىك |
| 羽毛球 | ( س ب ) | پەي توپ |
| 天安门广场 | ( س ب ) | تيەنئەنمېن مەيدانى |
| 铅球 | ( س ب ) | چويۇن توپ |
| 奋斗;摔跤,角斗 | ( ئى ) | چېلىشىش |
| 草坪 | ( ئى ) | چىملىق |

〔语法要点〕

**词的构成** **سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى**

维吾尔语的词,从词的结构特点上可分为单纯词、派生词、对偶词、复合词等四种。

1、单纯词 تۈپ سۆز

由一个词素构成的词叫单纯词。如:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 幸福 | بەخت | 人民 | خەلق |
| 现在 | هازىر | 伟大的 | ئۇلۇغ |

— بىر 写 ياز-

2. 派生词　　　　　　　　ياسالما سۆز

由词根和构词附加成分构成的词叫派生词。如：

学生　　ئوقۇ- ( 读 ) + غۇچى = ئوقۇغۇچى

医院　　دوختۇر ( 医生 ) + خانا = دوختۇرخانا

多数，大家　　كۆپ ( 多的 ) + چىلىك = كۆپچىلىك

改善，改进　　ياخشى ( 好的 ) + لا = ياخشىلا

乌鲁木齐人　　ئۈرۈمچى ( 乌鲁木齐 ) + لىك = ئۈرۈمچىلىك

维吾尔语中的一个词根上可以附加许多不同的构词附加成分；同一个构词附加成分可以附加在许多不同的词根上，一个词根后面可以附加两个以上的构词附加成分。如：

工人　　+ چى = ئىشچى

办公室　　+ خانا = ئىشخانا

勤劳的　　ئىش ( 事情 ) + چان = ئىشچان

失业的　　+ سىز = ئىشسىز

工作　　+ لە = ئىشلە

工人　　ئىش ( 事情 ) + چى = ئىشچى

职员　　خىزمەت ( 工作 ) + چى = خىزمەتچى

劳动者　　ئەمگەك ( 劳动 ) + چى = ئەمگەكچى

铁匠　　تۆمۈر ( 铁 ) + چى = تۆمۈرچى　　（构词چى

艺术工作者　　سەنئەت ( 艺术 ) + چى = سەنئەتچى　　附加成分）

贪玩者　　ئويۇن ( 游戏 ) + چى = ئويۇنچى

撒荒者，虚伪者　　يالغان ( 虚假的 ) + چى = يالغانچى

كېمە ( 船 ) + چى = كېمىچى ( 船夫 ) + لىك = كېمىچىلىك
造船业

ئىش ( 事情 ) + چى = ئىشچى ( 工人 ) + لىق = ئىشچىلىق
工务

ئىش ( 事情 ) + چان = ئىشچان ( 勤劳的 ) + لىق = ئىشچانلىق
勤劳

3. 对偶词　　　　　　　　　　　　　　　　　　جۈپ سۆز

由两个意义相同、相近或相对、相反的词素构成的词叫对偶词。如：

| | | | |
|---|---|---|---|
| 话语 | گەپ - سۆز | 力量 | كۈچ - قۇۋۋەت |
| 今明 | بۈگۈن - ئەتە | 来往 | بېرىش - كېلىش |
| 财产 | مال - مۈلۈك | 娱乐 | ئويۇن - تاماشا |
| 多少 | ئاز - تولا | 大小 | چوڭ - كىچىك |
| 收支 | كىرىم - چىقىم | 昼夜 | كېچە - كۈندۈز |
| 大地 | يەر - زېمىن | 祖先，父辈 | ئاتا - بوۋا |
| 纸张 | قەغەز - پەغەز | 书信，信 | خەت - پەت |
| 茶点 | چاي - پاي | 泥土 | لاي - پاي |
| 馕，食品 | نان - پان | 肉食 | گۆش - پۆش |
| 房屋 | ئۆي - پۆي | 果品 | مېۋە - چېۋە |
| 家眷 | بالا - چاقا | 一点儿，少许 | ئاز - پاز |
| 零七八碎的 | ئۇششاق-چۇششەك | 曲里拐弯的 | ئەگرى - بۈگرى |

注：خەت - پەت （信，书信）以下的词也叫谐音词。这种词在维吾尔语口语中广泛使用。

谐音词是按语言和谐规律，以一个名词、形容词为基础，附加与原词在声音上和谐的某种音节重叠构成，表示一个整体概念。

4、复合词　　　　　　　　　　　　　　　　　　بىرىككەن سۆز

由两个或两个以上的自由词素（词根）组合构成的词叫做复合词。如：

ئاشقازان 胃 （ئاش 饭 + قازان 锅）

خەلقئارا 国际 （خەلق 人民 + ئارا 之间）

قىزىلگۈل 玫瑰 （قىزىل 红的 + گۈل 花）

تام گېزىت 墙报 （تام 墙 + گېزىت 报纸）

# كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

ئىلغار شەخس　　ئىلغار ئوقۇتقۇچى
ئىلغارلاردىن ئۆگەنمەك　　كۆركەم شەھەر
كۆركەم بىنا　　قويۇق ئورمان
قويۇق مۇناسىۋەت　　قويۇق بۇلۇت
پۈتكۈل دۇنيا　　پۈتكۈل خەلق
دۇنياغا مەشھۇر　　مەشھۇر ئەسەر
يەر كۆلىمى　　ھەرىكەتنىڭ كۆلىمى
مۇسابىقە ئۆتكۈزمەك　　يىپ ئۆتكۈزمەك
كۈن ئۆتكۈزمەك　　يىغىن ئۆتكۈزمەك
ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزمەك　　گەپ ئۆتكۈزمەك

3. 把下列两组词搭配成词组。

تەنھەرىكەت　　ئادەم
ئىلغار　　ئۇسسۇل
مەشھۇر　　ياتاق
ئۇنىۋېرسال　　مەكتەپ
يۈگۈرۈش　　ۋەزىيەت
قويۇق　　ئۆي
زامانىۋى　　مۇسابىقە
پۈتكۈل　　تەرەپ
چوڭ　　ئاش
چىملىق　　ئويناش
ئۆزئارا　　زال
گىمناستىكا　　چېلىشىش
خەلقئارا　　جاھان

ساراي ‏ رەتلىك

كوللېكتىپ ‏ شىمالىي

4. 完成下列句子。

① غەيرەتنى بۆلۈم باشلىقى بولدى دەپ ئاڭلاپ . . . . .

② بىز تەرجىمان بولىمىز دەپ . . . . . .

③ مەن سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىگە . . . . . .

④ ئۇ پەي توپ، تىكتاك توپ، سېتكا توپ . . . . . .

⑤ پۇتبول قۇرۇلۇش ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم بولۇپ، . . . . . .

⑥ يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا . . . . . .

⑦ بۇ قېتىمقى ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىدا دۆلىتىمىز كوماندىسى . . . . . .

⑧ ئۇ ئائىلىدىكى ئۇششاق - چۇششەك ئىشلارغا . . . . .

5. 用以下词各造两个句子。

قويۇق، ئاتا، ھېسابلاش، ئۆتكۈز، ئىلغار

6. 模仿重点句子进行造句练习。

7. 给下列句子提出疑问。

① بۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر «دۆلەت ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەركىزى».

② بۇ شەھەردە ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئاتاپ سېلىنغان سۇ ئۈزۈش سارىيى بار.

③ ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت سارىيىنىڭ كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

④ ئۇ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە چوقۇم چېمپىيون بولىدۇ.

⑤ ھەر كۈنى سەھەردە يۈگۈرىمەن، گىمناستىكا ئوينايمەن.

8. 把下列句子译成维文。

①走到电影院,我才发现口袋里没有钱。

②人们都入睡了,老师还在为同学们批改作业。

③你迟到是什么原因?

④我们把同学分成两部分，一部分跳远，一部分跳高。
⑤她是一个刚强的女人，同男子汉一样。
⑥他虽然碰到很多困难，但仍然坚持学习维吾尔语。
⑦哈斯木江无意中说出了这句话。
⑧我肚子饿得很厉害，但是我不想吃东西。
⑨从 1949 年开始中国人民成了国家的主人。
⑩科学家们发现，经常用脑学习的人不易衰老，其寿命也长。

9. 回答问题。

① «دۆلەت ئولىمپىك تەنھەرىكەت مەركىزى» قەيەردە؟
② بۇ مەركەزدە قانداق مۇسابىقە سارايلىرى بار؟
③ سۇ ئۈزۈش سارىيىنى تونۇشتۇرۇڭ.
④ ئۈنىۋېرسال سارايىنى تونۇشتۇرۇڭ.
⑤ يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانىنى تونۇشتۇرۇڭ.

10. 句型练习。

1.
① بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدا بۇغداي، قوناق، شال قاتارلىق زىرائەتلەر بار.
② بىزنىڭ مەكتىپىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار.
③ ئۇنىڭ قولىدا نېمە بار؟
④ بىزنىڭ ياتىقىمىزدا ئۈستەل، ئورۇندۇق، چېلەك، سۇپۇرگە، چايدان، چۆگۈن قاتارلىق نەرسىلەر بار.

2.
① ئۇ ھەممە تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتتى.
② مەن سىز تاپشۇرغان ئىشلارنى تۈگىتىپ بولۇپ ئاندىن بازارغا چىقتىم.
③ ئىلى ۋادىسىدا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە سانى ئەڭ كۆپى ئۇيغۇر ۋە قازاق ئىكەن.

# قىرىق سەككىزىنچى دەرس

| |
|---|
| يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى— جېنىمنىڭ راھىتى. |
| 脸皮厚，享清福。 |

نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① يولۋاس كېتىپ بارسا، بىر تۆگە ئۇچراپتۇ.

② ئادەم دېگەن بىر «مەخلۇق» بار، ئۇستىمىزگە ئېغىر نەرسىلەرنى ئارتىدۇ، ئۇنى ئاز دەپ مىنىدۇ.

③ ئادەم دېگەن نەرسىنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بەرمىسەم.

④ ئۇ شۇنداق ئەقىللىق، كۈچ - قۇۋۋەتلىك يارالغانكى، سىلىنىمۇ ئەخمەق قىلىدۇ.

⑤ يولۋاس ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سۇنايلىنىپ يېتىشىغا ياغاچچى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قۇلۇپلىۋاپتۇ.

## تېكىست

### يولۋاس بىلەن ئوتۇنچى

(مەسەل)

يولۋاس بىر كۈنى كېتىپ بارسا، ئالدىغا ئورۇقلۇقىدىن

قوۋۇرغىلىرىنى ئېنىق سانىغىلى بولىدىغان بىر تۆگە ئۇچراپتۇ. بۇنى كۆرگەن يولۋاس:
— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن تۆگە بولىمەن تەقسىر، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تۆگە.
— نېمانچە ئورۇقسەن؟
— ئادەم دېگەن بىر «مەخلۇق» بار، بۇرنىمىزدىن تېشىپ نوختىلايدۇ. ئۈستىمىزگە ئېغىر نەرسىلەرنى ئارتىدۇ، ئۇنى ئاز دەپ مىنىدۇ. شۇڭا مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالدىم، — دەپتۇ تۆگە.
ئادەم دېگەن نەرسىنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بەرمىسەم، — دەپتۇ يولۋاس تۆگىگە ئىچ ئاغرىتقان هالدا.
— هەرگىز مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ تۆگە، — ئۇ شۇنداق ئەقىل - پاراسەتلىك، كۈچ - قۇۋۋەتلىك قىلىپ يارالغانكى، سىلىنىمۇ ئەخمەق قىلىدۇ تېخى. يولۋاس بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر ئات ئۇچراپتۇ.
— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپتۇ يولۋاس ئاتتىن.
— ئات بولىمەن.
— نېمانچە ئورۇقسەن؟
— نېمىشقا ئورۇق بولاتتىم غوجام، ئادەم دېگەن بىر «مەخلۇق» بار. ئاغزىمغا يۈگەن سېلىپ، ئېگەرلەپ مىنىدۇ، ئېغىر ئىشلىرىغا سالىدۇ.
— ئادەم دېگەن نەرسىنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك؟ — دەپ سوراپتۇ يولۋاس غەزەپ بىلەن.
— هەي غوجام، ۋىجىك بىر نەرسە، ئەمما ۋاقتى كەلسە سىلىنىمۇ بىر يولىلا بابلاپ قويىدۇ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۋاس دەر غەزەپ بولۇپ: «ئادەم دېگەن نەرسىنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بەرمەيدىغان بولسام، يولۋاس بولماي كېتەي» دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە كېتىپ بارسا،

ئالدىغا ئىككى پۇتلۇق بىر نەرسە ئۇچراپتۇ.

— سەن كىم؟

— مەن ئادەم.

يولۋاس ئىچىدە «راست، ئادەم دېگەن كىچىككىنە بىر نەرسىكەن، ئۇنىڭدا قانداق بىر كارامەت باردۇ؟» دەپ ئويلاپ ئۇنى گەپكە سالماقچى بولۇپتۇ ـ دە:

— ھەي ئادەم، قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

— ساندۇق — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياغاچچى.

—ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟

— بۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسا بوران ـ چاپقۇندىن، • قار ـ يامغۇردىن ••• ساقلانغىلى بولىدۇ.

— ئۇنىڭ ئىچىگە مەن كىرىپ باقسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

يولۋاس ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سۇنايلىنىپ يېتىشىغا، ياغاچچى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قۇلۇپلىۋاپتۇ.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تىنالماي قالغان يولۋاس:

— ھەي ئادەم، مېنى چىقىرىۋەت، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

— سېنى چىقىرىشقا بولمايدۇ، بولغاندىمۇ سەن ئۆلگەندە، — دەپتۇ ياغاچچى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۋاس ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئەقىل ـ پاراسەتلىك، كۈچ ـ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولغان ھالدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

## سۆھبەت

ئا: تونۇگۈن نەگە باردىڭلار؟

ئە: ھايۋانات باغچىسىغا.

ئا: ئۇ باغچە قانداقكەن؟

ئە: بولىدىكەن. ئىشقىلىپ جاھاندا بار جان ـ جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بار ئىكەن.

ئا: مەنزىرىسىچۇ؟

ئە: مەنزىرىسىمۇ ياخشىكەن. ئەتىگەن بارغان كەچكىچە ئوينىدۇق.

ئا: تاماشاڭلار كۆڭۈللۈك بولدىمۇ؟

ئە: ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق.

ئا: رەسىمگە چۈشتۈڭلارمۇ؟

ئە: رەسىمگىمۇ چۈشتۇق، بىز يەنە قېيىققا چۈشۈپ كۆلنى ئايلاندۇق.

ئا: باغچىدا ئادەم كۆپمىكەن؟

ئە: يەكشەنبە بولغاچقا ئادەم بەك كۆپ ئىكەن.

ئا: بىزمۇ كېلەر يەكشەنبە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى دەۋاتىمىز.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يارال- | (كىم، نېمە) | 出生，出现 |
| ياغاچچى | (ئى) | 木匠 |
| يالۋۇر- | (كىمگە) | 恳请，恳求 |
| يۆگەن سال- | (نېمىگە) | 戴上嚼 |
| ئىچ ئاغرىت- | (كىمگە) | 可怜，心疼 |
| ئېگەرلە- | (نېمىنى) | 备 |
| ۋىجىك | (س) | 瘦小的 |
| ئۈست | (ئى) | 上，上面 |
| ئۆل- | (كىم، نېمە) | 死，死亡 |
| ئۇچرا- | (كىمگە، نې- مىگە) | 遇见，碰见 |

| | | |
|---|---|---|
| 再说 | (س ب) | ئۇنى ئاز دەپ |
| 戴笼头;控制,约束 | (نېمىنى) | نوختىلا- |
| 樵夫,卖柴人 | (ئى) | ئوتۇنچى |
| 瘦的 | (س) | ئورۇق |
| 生物 | (ئى) | مەخلۇق |
| 骑 | (نېمىنى) | مىن- |
| 有力量的,有力气的 | (س) | كۈچ - قۇۋۋەتلىك |
| 大人,先生,老爷 | (ئى) | غوجام |
| 问话,捉弄 | (كىمنى) | گەپكە سال- |
| 到时 | (س ب) | ۋاقتى كەلسە |
| 神通;奇迹;非常 | (ر) | كارامەت |
| 箱子 | (ئى) | ساندۇق |
| 伸长身子,直挺挺地 | (كىم، نېمە) | سۇنايلان- |
| 肋骨 | (ئى) | قوۋۇرغا |
| 雨雪 | (ئى) | قار - يامغۇر |
| 黑暗 | (ئى) | قاراڭغۇلۇق |
| 锁 | (نېمىنى) | قۇلۇپلا- |
| 关闭 | (نېمىنى) | ئەت- |
| 教训 | (كىمنىڭ) | ئەدىپىنى بەر- |
| (巧妙地)欺骗;收拾,整治 | (كىمنى) | بابلاپ قوي- |
| 风暴;风雨 | (ئى) | بوران - چاپقۇن |
| 一下子 | (ر) | بىر يولىلا |
| 把通;穿通 | (نېمىنى) | تەش- |
| 骆驼 | (ئى) | تۆگە |
| 喘气 | (كىم) | تىن- |
| 切齿之声 | (نېمىنى) | غۇچۇرلات- |
| (让)出去,出来 | (نەدىن، كىمنى) | چىقىرىۋەت- |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| ئارت- | (نېمىنى، نېمىگە) | 驮，搭 |
| جاۋابكارلىق | (ئى) | 责任 |
| تۆشۈك | (س) | 窟窿，孔，洞，眼 |
| ئەسقات- | (كىمگە، نېمىگە) | 顶用，管用，顶事 |
| قورقۇنچاق | (س) | 胆小鬼 |
| بېشىغا كۈن چۈش- | (كىمنىڭ) | 遇难 |

〔词语用法说明〕

**连接词 كى-**

连接词كى-起连接分句的作用。كى-在复句中与前一个分句的谓语连用强调、突出谓语，而后分句补充说明前一分句的谓语。如：

① قورسىقىم شۇنداق ئاچتىكى، دەرس تۈگىگىچە چىدىيالماي قالدىم.
我肚子饿得都坚持不到下课了。

② بىلىپ قويۇڭكى، مەن دېگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.
你要知道，我是大学生。

③ ئېسىڭدە بولسۇنكى، هازىردىن باشلاپ سەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولدۇڭ.
记住，从现在开始你是高等学校的学生。

④ هەممىمىزگە مەلۇمكى، دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان.
我们大家都知道劳动创造了世界。

⑤ بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، سىلەر ئۇيغۇرچىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنەلەيسىلەر.
我们相信，你们一定能够学好维吾尔语。

⑥ ئۆلۈمگە رازىمەنكى، قۇل بولمايمەن.

我宁愿死去,但决不作奴隶。

⑦ ئۆزىمىز ئاۋارە بولساق بولايلىكى، باشقىلارنى ئاۋارە قىلمايلى.

宁可麻烦自己,也不麻烦别人。

〔语法要点〕

## ئۇيغۇر تىلىدا دائىم ئۇچرايدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر

**维吾尔语常见的构词附加成分**

1. 构成名词的附加成分

**-چى**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 史学工作者 | تارىخچى | 历史 | تارىخ |
| 渔民 | بېلىقچى | 渔 | بېلىق |
| 有趣的人 | قىزىقچى | 有趣 | قىزىق |
| 爱开玩笑的人 | چاقچاقچى | 玩笑 | چاقچاق |
| 民族主义者 | مىللەتچى | 民族 | مىللەت |

**-ۋەن**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 园丁 | باغۋەن | 花园 | باغ |
| 手工艺者 | ھۈنەرۋەن | 手艺 | ھۈنەر |

**-پەز**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 炊事员 | ئاشپەز | 饭 | ئاش |
| 做烤包子的人 | سامسىپەز | 烤包子 | سامسا |

**-ۋاز**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 赌徒 | قىمارۋاز | 赌博 | قىمار |
| 形式主义者 | شەكىلۋاز | 形式 | شەكىل |

**-گەر**

| | | | |
|---|---|---|---|
| 商人 | سودىگەر | 商业 | سودا |
| 造谣者 | ئىغۋاگەر | 谣言 | ئىغۋا |

**-كار**

www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| خىزمەت | 工作 | خىزمەتكار | 勤务员 |
| ھەۋەس | 兴趣 | ھەۋەسكار | 爱好者 |

-دار

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەمەل | 官职 | ئەمەلدار | 官员 |
| دىن | 宗教 | دىندار | 信教者 |

-كەش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ھاراق | 酒 | ھاراقكەش | 酒鬼 |
| ھارۋا | 马车 | ھارۋىكەش | 马车夫 |

-خور

| | | | |
|---|---|---|---|
| قان | 血 | قانخور | 吸血鬼,刽子手 |
| ئىسراپ | 浪费 | ئىسراپخور | 浪费者 |

-شۇناس

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇر | 维吾尔 | ئۇيغۇرشۇناس | 维吾尔学家 |
| تىل | 语言 | تىلشۇناس | 语言学家 |

-پەرەس

| | | | |
|---|---|---|---|
| خىيال | 幻想 | خىيالپەرەس | 空想家 |
| ئۇرۇش | 战争 | ئۇرۇشپەرەس | 战争贩子 |

-داش

| | | | |
|---|---|---|---|
| يول | 路 | يولداش | 同志 |
| خىزمەت | 工作 | خىزمەتداش | 同事 |

-غۇچى، -قۇچى، -گۈچى، -كۈچى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئوقۇ- | 读 | ئوقۇغۇچى | 学生 |
| باق- | 抚养 | باققۇچى | 保母 |
| لايىھىلە- | 设计 | لايىھىلىگۈچى | 设计师 |
| كۆزەت- | 观察 | كۆزەتكۈچى | 观察员 |

-لىك، -لىق، -لۇق، -لۈك

（这个附加成分在语法上带有双重性，既能构成名词，又能构成形容词。）

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئانا | 母亲 | ئانىلىق | 妈妈的,母亲的 |
| ياخشى | 好 | ياخشىلىق | 好处,恩情 |
| پارتىيىۋى | 党的 | پارتىيىۋىلىك | 党性 |
| ھۇرۇن | 懒惰的 | ھۇرۇنلۇق | 懒惰 |
| بۇغداي | 小麦 | بۇغدايلىق | 麦田 |
| جۇڭگو | 中国 | جۇڭگولۇق | 中国人 |
| خوتەن | 和田 | خوتەنلىك | 和田人 |
| ئات | 马 | ئاتلىق | 有马的;骑马的 |
| چىراي | 面貌 | چىرايلىق | 美丽的 |
| ئەت | 肉,腰 | ئەتلىك | 多肉的,肥的 |

**-خانا، -زار، -ستان، -ىستان**

| | | | |
|---|---|---|---|
| گېزىت | 报纸 | گېزىتخانا | 报社 |
| گۈل | 花 | گۈلزار | 花坛 |
| قەبرە | 坟 | قەبرىستان | 陵园 |
| قىرغىز | 吉尔吉斯 | قىرغىزىستان | 吉尔吉斯斯坦 |

**-چىلىق، -چىلىك**

| | | | |
|---|---|---|---|
| ھۆل | 湿的 | ھۆلچىلىك | 潮湿 |
| دېھقان | 农民 | دېھقانچىلىق | 农业 |

**-ما، -مە، -ىم، -ۇم، -ۈم**

| | | | |
|---|---|---|---|
| تارت- | 拉 | تارتما | 抽屉 |
| بىل- | 知道 | بىلىم | 知识 |
| بوغ- | 勒 | بوغۇم | 节,音节 |
| سۈز- | 过滤 | سۈزمە | 乳酪 |

**-چاق، -چەك، -چۇق، -چە**

| | | | |
|---|---|---|---|
| تاي | 一岁马驹 | تايچاق | 小马驹儿 |
| كېلىن | 儿媳 | كېلىنچەك | 小媳妇 |
| كۆل | 湖 | كۆلچەك | 小池 |
| ئويۇن | 游戏 | ئويۇنچۇق | 玩具 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| كىتاب | 书 | كىتابچە | 小册子 |
| سىزىق | 线条 | سىزىقچە | 小横线 |
| قىز | 姑娘 | قىزچاق | 小姑娘 |

2. 构成形容词的附加成分

| | | | |
|---|---|---|---|
| -چان | | | |
| ئىش | 事情 | ئىشچان | 勤劳的 |
| كۆڭلەك | 衬衣 | كۆڭلەكچان | 穿着内衣的 |
| كۈرەش | 斗争，战斗 | كۈرەشچان | 斗争性强的 |
| -سىز | | | |
| ۋاپا | 守信，信义 | ۋاپاسىز | 不孝顺的，没有良心的 |
| ئەقىل | 智慧 | ئەقىلسىز | 不聪明的 |
| -غى، -قى، -گى، -كى | | | |
| ياز | 夏天 | يازغى | 夏天的 |
| تاش | 外面 | تاشقى | 外面的 |
| كۈز | 秋天 | كۈزگى | 秋天的 |
| ئىچ | 里面 | ئىچكى | 内部的 |
| -پەرۋەر | | | |
| ۋەتەن | 祖国 | ۋەتەنپەرۋەر | 爱国的 |
| ھۆررىيەت | 自由 | ھۆررىيەتپەرۋەر | 爱自由的 |
| -يى، -ۋى، ي | | | |
| ئىدىيە | 思想 | ئىدىيىۋى | 思想的 |
| شەرق | 东方 | شەرقىي | 东方的 |
| سەھرا | 乡村 | سەھرايى | 乡村的 |
| نا-، بى-، بەت- | | | |
| ئىلاج | 办法 | نائىلاج | 无办法的 |
| ئىنساپ | 良心 | نائىنساپ | 无良心的 |
| مەنە | 意义 | بىمەنە | 无意思的 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قىلىق | 行为 | بەتقىلىق | 恶习性的 |
| نام | 名誉 | بەتنام | 坏名声 |

3. 构成动词的附加成分

**-لا، -لە**

| | | | |
|---|---|---|---|
| باش | 头 | باشلا | 开始 |
| سۆز | 话 | سۆزلە | 说 |

**-ئا، -ئە**

| | | | |
|---|---|---|---|
| سان | 数目 | سانا- | 点数 |
| ياش | 年青的 | ياشا- | 生活,生存 |
| تۈز | 直的 | تۈزە- | 改正 |

**-ئەر، -ئار، -ئەي، -ئاي**

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاز | 少 | ئازاي- | 减少 |
| كۆپ | 多 | كۆپەي- | 增加 |
| ئاق | 白 | ئاقار- | 发白 |
| كۆك | 兰 | كۆكەر- | 发绿 |

4. 构成副词的附加成分

**-ئان، -ئەن، -ئانە**

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاساس | 基础 | ئاساسەن | 基本 |
| دوست | 朋友 | دوستانە | 友好地 |

**-لارچە، -لەرچە**

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاكا | 哥哥 | ئاكىلارچە | 大哥般地 |
| مەرت | 慷慨 | مەرتلەرچە | 慷慨地 |

**-ىچە**

| | | | |
|---|---|---|---|
| ياز | 夏天 | يازىچە | 整个夏天 |
| ھازىر | 现在,刚才 | ھازىرچە | 暂时 |

**-لاپ، -لەپ**

| | | | |
|---|---|---|---|
| مىڭ | 千 | مىڭلاپ | 成千地 |
| كۆپ | 多 | كۆپلەپ | 大量地 |

www.uyghurkitap.com

# كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

| | |
|---|---|
| كارامەت كۆرسەتمەك | كارامەت ئىش |
| كارامەت ئىسسىق | كارامەت كۆپ |
| ئورۇق ئادەم | ئورۇق ئات |
| دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بەرمەك | بالىسىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەك |
| ئىشىكنى ئەتمەك | قۇلۇپنى ئەتمەك |
| ئاش ئەتمەك | خېمىر ئەتمەك |
| سومكىنى مۈرىگە ئارتماق | تاغارنى ئاتقا ئارتماق |
| ياغاچ ساندۇق | ساندۇقنى ئاچماق |
| دوستىغا ئىچ ئاغرىتماق | بالىغا ئىچ ئاغرىتماق |
| ئاتقا مىنمەك | ۋېلىسىپىتكە مىنمەك |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| ئاكام | مەخلۇق |
| ۋىجىك | قۇلۇپلىماق |
| قاراڭغۇلۇق | ياخشى |
| ئىبسىل | تۈگەتمەك |
| دەرۋازا | سۇنماق |
| ئەقىل ـ پاراسەتلىك | ئۈست |
| قوۋۇرغا | تەشمەك |
| ساندۇق | ئۇستا |
| كارامەت | ياغاچچى |
| گۇناھ | ئارتماق |
| تۆشۈك | ئادەم |
| بىر يولىلا | كىشى |

4. 选用以下词填空。

(كارامەت، تېخى، بىر يولىلا، ئورۇق، ئەت-، تونۇش)

① ئۇ كۆزۈمگە بەكلا ________ كۆرۈنۈپ كەتتى.

② ئۇنى ________ سىنىڭ دوستۇڭمىكىن دەپ قاپتىمەن.

③ ئۇ ________ ئىبىسل بالا.

④ بىز بۇ ئىشنى ________ تۈگىتىۋېتەيلى.

⑤ بۈگۈنكى گۆش بەك ________ ئىكەن.

⑥ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ________ چە بارالمايۋاتىمەن.

⑦ دوختۇرخانىغا ئاش ________ ئاپىرايمىكىن دەۋاتىمەن.

⑧ ________ ئادىمىم بولغان بولسا، بۇنچىلىك جاپا تارتمىغان بولاتتىم.

⑨ ئۇلار كونا ________لار.

⑩ بۈگۈن ھاۋا ________ سوغۇق.

5. 完成下列句子。

① ……… نېمىدەپ جاۋاب بەردىڭ.

② قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ……….

③ ئۇ ماڭا قايىل بولغان ھالدا ……….

④ ……… ساقلانغىلى بولىدۇ.

⑤ سىنىڭ ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەنلىكىڭگە ……….

⑥ ……… بىئارام بولۇپ يۈردۈم.

⑦ قورسىقىم شۇنداق ئېچىپ كەتتىكى ……….

⑧ ……… كىشىنى قىزىقتۇرالمايدۇ.

⑨ ئارىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قارىماي ……….

⑩ ……… ئىرادەڭنى سىناپ كۆر.

⑪ ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش ..........

⑫ قەلىمىڭىزنى يانچۇقىڭىزغا ..........

6. 用以下词各造两个句子。

ئۆل-، ئىچ ئاغرىت-، ئۇچرا-، كارامەت-، ئەدىپىنى بەر-

7. 把下列句子译成维文。

①谁说读书无用？读书就是学知识，知识就是力量。

②骆驼的个子高，山羊的个子矮，但高和矮都有各自的好处和坏处。

③他既聪明又勤奋，后来成了一位著名的科学家。

④我和海拉提之间没有任何矛盾，我真不明白他为什么这样做。

⑤由于工作需要，他被调到教育委员会了。

⑥为了提高人民教师的政治地位和社会地位，我国确定每年9月10日为教师节。

⑦我们应当重视发挥人民群众的才智。

8. 回答问题。

① يولۋاس كېتىۋېتىپ نېمىلەرگە يولۇقتى؟ ھەم ئۇلار بىلەن نېمە دېيىشتى؟

② يولۋاس ئادەمنىڭ ئەدىپىنى بىرىمەن دەپ كېتىۋاتسا ئالدىغا نېمە يولۇقۇپتۇ؟

9. 句型练习。

1.

① مۇئەللىم خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى.

② ئۇ خىجىل بولغان ھالدا گەپ باشلىدى.

③ ئانىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى.

④ مەن بۇ ئىشنى مەقسەتلىك ھالدا قىلغىنىم يوق.

⑤ ئىگىلىكنى پىلانلىق ھالدا يولغا قويۇش كېرەك.

2.

① مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسام ئوقۇيمەنكى، ھەرگىزمۇ تېخنىكۇمدا ئوقۇمايمەن.
② بىز شۇنداق دەپ قارايمىزكى، دۇنيادا نۇقسانسىز ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس.
③ بىز شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ئىتتىپاقلىق ھەممىدىن مۇھىم.
④ بۇ تاغ شۇنداق ئېگىزكى، ئۇنىڭغا ئۇچار قاناتمۇ ئۇچۇپ چىقالمايدۇ.

3.

① مەن بارىمەن، ئەمما كېچىكىپ بېرىشىم مۇمكىن.
② مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئەمما ئۇ سېنى چۈشەنمەيدۇ.
③ بىز سوئال سورىدۇق، ئەمما جاۋاب بەرگىلى بىرمۇ ئادەم چىقمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق توققۇزىنچى دەرس

ياتار قورساق — كېتەر قورساق.
晚上要睡觉，饭菜要吃少。

نۇقتىلىق جۈملىلەر　　　　重点句子

① شىنجاڭ — مەملىكىتىمىز بويىچە قۇملۇق مەيدانى ئەڭ چوڭ رايونلارنىڭ بىرى.

② قۇملۇق — شىنجاڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 1/4 دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

③ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 40 گرادۇستىن چۈشمەيدۇ.

④ تەكلىماكان قۇملۇقى بىزنى نېفىت بىلەن تەمىنلەپ قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدە پۇتمەس-تۈگىمەس تۆمۈر، تىتان قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىگۈسى.

⑤ كەلگۈسىدە تەكلىماكاندا ئارقا-ئارقىدىن شەھەر ۋە بوستانلىقلار بەرپا بولغۇسى.

# تېكىست

## تەكلىماكان قۇملۇقى

شىنجاڭ — مەملىكىتىمىز بويىچە قۇملۇق مەيدانى ئەڭ چوڭ رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭدىكى قۇملۇق پۈتۈن مەملىكەت قۇملۇق مەيدانىنىڭ 60 پىرسەنتىنى، شىنجاڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 1/4 دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭدا جەمئىي 10 قۇملۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تەكلىماكان قۇملۇقى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

تەكلىماكان قۇملۇقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە مەيدانى ئەڭ چوڭ قۇملۇقلارنىڭ بىرى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 40 گرادۇستىن چۈشمەيدۇ.

تەكلىماكاندا ھاۋا كىلىماتى نورمالسىز، قۇملار كۆچۈپ تۇرىدۇ. ياز، كۈز كۈنلىرى كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى 60 — 80 گرادۇسقا يەتسە، كەچلىرى نۆلدىن تۆۋەن 10 گرادۇسقا چۈشۈپ قالىدۇ.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تۆت ئەتراپىدا دەريا ـ ئېقىنلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە تەكلىماكانغا ئېقىپ كىرىدىغان دەريا 24 بولۇپ، ئاساسلىق دەريالاردىن خوتەن دەرياسى، يەكەن دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىقلار بار.

ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان تەكلىماكان قۇملۇقى «كىرسە چىقماس»، «قۇم دېڭىزى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. ھازىر قېدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى ئىنتايىن كۆپ جاي دەپ قارالماقتا. تەكلىماكان قۇملۇقىدا يەر

ئاستى سۈيى بارلىقى ئىپنىقلاندى. قۇملۇقتىن يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېپىلىشى، نېفىت ئىچىشتا سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى تارىم ئويمانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىشتىمۇ ياخشى شارائىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تەكلىماكان قۇملۇقى بىزنى سۇ، نېفىت بايلىق مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدە پۈتمەس ــ تۈگىمەس قۇم مەنبەلىرى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تىتان، تۆمۈر قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىگۈسى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يەنە ھەرخىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات بايلىق مەنبەسىگە باي ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئىلمىي خادىملار بۇ رايوندىن توغراق، قومۇش، ھاشارات، قۇشقاچ، ياۋا توشقان قاتارلىق كۆپ خىل ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تاپتى.

تەكلىماكان سەھرايى كەبىردىن قالسا دۇنيا بويىچە 2 ــ ئورۇندىكى قۇملۇق، تارىختىن بۇيان سىرلىق بولۇپ كەلگەن بۇ كەڭ زېمىن ئەمدى «ئۈمىد يولى» غا ئايلانغۇسى. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ گېئولوگىيە، نېفىت تارماقلىرىدىن 30 نەچچە ئورۇن بىلەن بىرقانچە ئونلىغان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر چوڭ قۇملۇقتا ئەتراپلىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقتا، ئالدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كەلگۈسىدە تەكلىماكاندا ئارقا ــ ئارقىدىن شەھەر ۋە بوستانلىقلار بەرپا بولغۇسى. شۇنداقلا بۇ يېڭى نېفىت شەھىرى مۇشۇ قۇملۇقتىن قەد كۆتۈرۈپ چىققۇسى.

## سۆھبەت

ئا: ئادىل، سىز جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغانمۇ؟

ئە: ئۆتكەن يىلى كۈزدە خوتەنگىچە بېرىپ كەلدىم.

ئا: جەنۇبىي شىنجاڭدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ؟

ئە: ئومۇمەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆزگىرىشلەر چوڭ

ئىكەن.

ئا: جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرنەچچە يەردە نېفىت چىقىپتۇ ـ ھە؟

ئە: شۇنداق، تارىمنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نېفىت تېپىلىپتۇ.

ئا: تەكلىماكان قۇملۇقى نەگە جايلاشقان؟

ئە: تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.

ئا: تەكلىماكان قۇملۇقى چوڭمۇ؟

ئە: ئۇ پۈتۈن مەملىكەت قۇملۇق مەيدانىنىڭ 60 پىرسەنتىنى، شىنجاڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 1/4 دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

ئا: تەكلىماكان قۇملۇقى چوڭلۇق جەھەتتە دۇنيا بويىچە نەچچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؟

ئە: تەكلىماكان سەھرايى كەبىردىن كېيىنلا تۇرىدىغان دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندىكى قۇملۇق.

ئا: پۇرسەت تېپىپ بۇ يىل يازدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بىر بارىمسام.

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يەكەن دەرياسى | (س ب) | 叶尔羌河 |
| ئىلمىي خادىم | (س ب) | 科学工作者 |
| نورمالسىز | (س) | 不正常 |
| نۆلدىن يۇقىرى | (س ب) | 零上 |
| ئوتتۇرىچە | (ر) | 平均 |
| ئومۇمىيۈزلۈك | (س) | 普遍 |

| | | |
|---|---|---|
| 盆地 | (ئى) | ئويمانلىق |
| 虫，昆虫 | (ئى) | ھاشارات |
| 源泉，根源 | (ئى) | مەنبە |
| 秋 | (ئى) | كۈز |
| 可进不可出 | (س ب) | كىرسە چىقماس |
| 度，温度 | (ئى) | گرادۇس |
| 地质 | (ئى) | گېئولوگىيە |
| 河流 | (س ب) | دەريا ـ ئېقىنلار |
| 将来 | (ئى) | كەلگۈسى |
| 秘密，神秘 | (س) | سىرلىق |
| 芦苇 | (ئى) | قومۇش |
| 麻雀 | (ئى) | قۇشقاچ |
| 沙海 | (س ب) | قۇم دېڭىزى |
| 勘察 | (س ب) | قېدىرىپ تەكشۈر- |
| 预料 | (نېمىنى) | ئالدىن كۆر- |
| 周到 | (س) | ئەتراپلىق |
| 无穷无尽的 | (س) | پۈتمەس ـ تۈگىمەس |
| 天然气 | (س ب) | تەبىئىي گاز |
| 塔克拉玛干 | (ئى) | تەكلىماكان |
| 供应，提供 | (نېمىنى، نېمە بىلەن) | تەمىنلە- |
| 胡杨 | (ئى) | توغراق |
| 钛 | (ئى) | تىتان |
| 雨水 | (ئى) | ھۆل ـ يېغىن |
| 沙漠，沙地，沙滩 | (ئى) | قۇملۇق |
| 哈那斯湖 | (ئى) | قاناس كۆلى |

摄氏 (ئى) سېلسىيە
毫米 (م) مىللىمېتىر

〔语法要点〕

一、**غۇ** **动名词(表原动名词)**

غۇ 动名词由在动词词干上附加 -غۇ // -قۇ // -گۇ // -كۇ 附加成分构成。如:

ئاخىرلاش + قۇ ← ئاخىرلاشقۇ

تەييارلىق قىل + غۇ ← تەييارلىق قىلغۇ

چۈش + كۇ ← چۈشكۇ

كۆر + گۇ ← كۆرگۇ

动名词,常常伴随人称附加成分出现,表示主观的愿望,句中充当主语,它一般与 كەل ، بار ، يوق 等词连用。如:

① ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغۇسى بار. 他打算当老师。

② ھازىر تاماق يېگۇم يوق. 我现在不想吃饭。

③ سىزنى بەك كۆرگۈمىز كەلدى، رەسىمىڭىزنى ئەۋەتىپ بېرىڭ.

我们非常想见你,寄一张照片来吧。

④ ئالىمنىڭ بۇ كىتابنى ئالغۇسى كېلىۋاتىدۇ.

阿里木想买这本书。

带有第二人称附加成分的这种动名词形式在句中直接充当谓语,这时它表示施动者的行为动作将要实现。如:

كەلگۈسىدە تەكلىماكاندا ئارقا ـ ئارقىدىن شەھەر ۋە بوستانلىقلار بەرپا بولغۇسى.

二、标点符号(一) تىنىش بەلگىلىرى

维吾尔语使用的标点符号共有十二种。

www.uyghurkitap.com

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 问号 | ؟ | سوئال بەلگىسى | 句号 | . | چېكىت |
| 感叹号 | ! | ئۈندەش بەلگىسى | 逗号 | ، | پەش |
| 分号 | ؛ | چېكىتلىك پەش | 括号 | ( ) | تىرناق |
| 引号 | ‹ › | يالاڭ تىرناق | 双引号 | « » | قوش تىرناق |
| 破折号 | — | سىزىق | 连接号 | — | سىزىقچە |
| 省略号 | … | كۆپ چېكىت | 冒号 | : | قوش چېكىت |

1. 句号 . چېكىت

1)用于陈述句之后。如：

① مەن بۇ كىتابنى ئالىمدىن ئالدىم.

② 1911 - يىلى، ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى.

2)用于陈述语气的命令、感叹句之后。如：

① بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

② ئالىم مەن بىلەن بىر كۆرۈشسۇن.

③ خوش! ئامان بولۇڭلار.

3)用于缩写的名和姓之间。如：

(鲁·穆塔里甫) ل. مۇتەللىپ

4)用于以数字表达年、月、日时，在它们之间标上句号。如：

1995·2·10

5)用于钟点和分钟之间。如：

① سائەت 3.20 دە (سائەت ئۈچتىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە/ سائەت ئۈچتىن يىگىرمىدە).

② سائەت 8.00 دە (سائەت سەككىزدە).

2. 问号 ؟ سوئال بەلگىسى

1)用于疑问句之后。如：

① ئۇ كىم؟

② غۇلجىغا بارمايدىغان بولدىڭىزمۇ؟

2)先后连接的疑问，只在最后一个用上问号，前面的用上逗号。如：

① بۇ ئىشنى ئۇ قىلمىدىمۇ؟

② سىز زادى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ، ئەمەسمۇ؟

3. 感叹号 ！ ئۈندەش بەلگىسى

用于感叹句和命令语气的祈使句之后。如：

① ۋەزىپىڭىزنى ۋاقتىدا ئورۇنداڭ!

② ياشىسۇن تىنچلىق!

③ بۇ نېمىدېگەن مەنزىرىلىك جاي ـ ھە!

4. 分号 ； چېكىتلىك پەش

该符号用来分隔并列关系复句中的各分句。如：

كىمكى مېنى چېلىشىپ يېڭەلىسە، شۇ كىشىگە قىزىمنى بېرىمەن؛ ئەگەر يېڭەلمىسە، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن.

5. 冒号 ： قوش چېكىت

1)用于直接引语之前，作者的话之后。如：

① ئۇ ۋېلىسىپىتىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ بالىلارغا ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئەكبەر قەيەردە.

② قاسىم ئۇنىڭغا ئاستا قىلىپ: «ئوخشاش!» دەپ قويدى.

2)用在提示语之后。如：

① …… ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە:

② ھۆرمەت بىلەن: × × ×

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| تارىم ئويمانلىقى | جۇڭغار ئويمانلىقى |
| سىرلىق ئادەم | سىرلىق ئىش |
| ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەك | قورال بىلەن تەمىنلىمەك |
| ياخشى شارائىت | شارائىتى ناچار |
| ئەتراپلىق ئويلىماق | مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىماق |
| كەلگۈسى پارلاق | كەلگۈسى ئىشلار |
| كەلگۈسى زامان | گۈزەل كەلگۈسى |
| نورمالسىز كەيپىيات | نورمالسىز ئەھۋال |
| ئوتتۇرىچە مائاش | ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| يەكەن | بايلىق |
| ئومۇمىيۈزلۈك | ئويمانلىق |
| نېفىت | ھادىسە |
| ئىلمىي | ئاپەت |
| چوڭقۇر | ئاچماق |
| گرادۇس | ناھىيە |
| سىرلىق | شامال |
| نورمالسىز | بار |
| ھاشارات | كۆز قاراش |
| نۆل | ناخشا |
| كۆز | تۇرمۇش |
| دۇكان | ئادەم |
| شارائىت | ئالماق |
| پۈتمەس - تۈگىمەس | يۇقىرى |
| شەھەر | نەرسە |

4. 用 غۇ- // قۇ- // گۇ // كۇ-动名词填空。

① تاماكىنى تاشلا ________ يوق.
② ئۆيگە قايت ________ كەلمەيۋاتىدۇ.
③ مېنى زادى چاقىر ________ يوق.
④ بۇگۈن پولۇ يە ________ بار.
⑤ غايىمىز ئەمەلگە ئاش ________.
⑥ بۇ كىشىگە زادى گەپ قىل ________ يوق.
⑦ ئاڭلىسام، بۇ كىتابنى بەك قىزىق دەيدۇ، پۇرسەت تېپىپ بىر ئوقۇ- ________ بار.
⑧ بۇگۈن مىجەزىم يوق، ھېچنەرسە يە ________ يوق.
⑨ ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرى مېنىڭ كۆڭ ________ نى كەلتۈرۈۋەتتى.
⑩ سەندىن بىر گەپنى سورا ________ كېلىۋاتىدۇ.
⑪ ئاپتوبۇسقا چۈش ________ يوق، پىيادە ماڭ ________ كېلىۋاتىدۇ.
⑫ ئۇنئالغۇدىن بىرنى ئال ________ بار.

5. 用以下词各造两个句子。

تەمىنلە-، ئوتتۇرچە-، كەلگۈسى-، چۈش-، شارائىت

6. 摸仿重点句子进行造句练习。

7. 给下列句子提出疑问。

(1) شىنجاڭدا جەمئىي ئون قۇملۇق بار.
(2) تەكلىماكان قۇملۇقى مەملىكىتىمىز بويىچە يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ قۇملۇق.
(3) بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى نورمالسىز.
(4) بۇ كەڭ زېمىن «ئۇمىد يولى» غا ئايلاندى.
⑤ پۈتۈن قۇرۇلۇش قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

⑥ بۇ مەۋسۇم ئاخىرلاشتى.
⑦ شىنجاڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ياخشى جاي.
⑧ شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى كۆپ.

8. 把下列句子译成维文。

①你要的东西我不想给你。

②通过这件事，我认识到我过去的看法完全是错误的。

③我相信他，他不会这样说。

④我宁愿当老师，也决不当记者。

⑤他们想说的是，这种方法不起作用。

⑥我想睡觉。

⑦我不想去，但他不同意。

⑧将来，他一定会是一位出色的翻译。

⑨不但我们有一双灵巧的手，机器人也有一双灵巧的手。

⑩少数民族人口虽少，但居住地区却很辽阔，占全国面积的百分之五十到六十。

9. 回答问题。

① شىنجاڭنىڭ قۇملۇق مەيدانى قانچىلىك؟
② شىنجاڭدا نەچچە قۇملۇق بار؟
③ تەكلىماكان قەيەرگە جايلاشقان؟
④ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ھاۋا رايى قانداق؟
⑤ تەكلىماكانغا ئېقىپ كىرىدىغان دەريا قانچە؟ ئاساسلىق دەريالار قايسىلار؟

10. 句型练习。

1. ① چېلىشىش — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى.
② تۇرپان ئويمانلىقى — دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئويمانلىقلارنىڭ بىرى.
③ ئۈرۈمچى — گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرى.

2.

① ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى خەلقىمىزگە مەڭگۈ ئىلھام بېغىشلىغۇسى.

② بىزنىڭ ئۇلۇغ پىلانلىرىمىز يېقىن كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشقۇسى.

③ كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ ئالىملار يېتىشىپ چىققۇسى.

④ مەملىكىتىمىز پۇتبول كوماندىسى يېقىن كەلگۈسىدە چېمپىيون بولغۇسى.

3.

① مەن بوغدا كۆلىگە چىقىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

② بۇ ئىشنى مۇئەللىم بىلىپلا قالماستىن، بەلكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتتى.

③ ئۇ ئۆگىنىشتە ياخشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سالامەتلىكىمۇ ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەللىكىنچى دەرس

| |
|---|
| ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. |
| 只要不死，总会有希望。 |

## نۇقتىلىق جۈملىلەر 重点句子

① «جىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» 1955 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، هازىرغىچە 37 قېتىم نەشىر قىلىندى.

② ئۇلار يەنە ئىككىتال توپ مۇسابىقىسىدىكى توپ ئۇرۇش قېتىم سانى رېكورتىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ.

③ «قامۇس» نىڭ تەھرىرلىرى بۇنىڭدىن كېيىن بەزى خەتەرلىك، ھەتتا جانغا زامىن بولىدىغان رېكورتلارنى ئېلان قىلىشتىنمۇ ئىمكان قەدەر ساقلانماقچى.

④ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

## تېكىست

### «جىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى»

«جىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» 1955 ـ يىلى دۇنياغا

كەلگەندىن بۇيان، ھازىرغىچە 37 قېتىم نەشىر قىلىندى.

«قامۇس» قا ھەرخىل مەزمۇندىكى 15 مىڭ «دۇنيادا ئەڭ» كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر يىلى ئۇنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىر قىسمى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. دۇنيادىكى بۇ «ئەڭ» لەر، دۇنيادىكى بىمەنە ۋە جىددىي ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەنگلىيە پايتەختى لوندون شەھرىنىڭ شىمالىدىكى ئىمفىرت رايونىغا جايلاشقان «جىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» تەھرىر بۆلۈمى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 200 پارچىدىن كۆپرەك خەت ۋە نۇرغۇن تېلېفونلارنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خەت ئەۋەتكۈچى ۋە تېلېفون بەرگۈچىلەرنىڭ كۆپى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى رېكورتىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەھرىر بۆلۈمى بۇ خەت ـ چەكلەرنى تاللاپ، ئۇلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرىدۇ ۋە دەلىللەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەربىر رېكورتنىڭ رەڭلىك سۈرەت كۆرۈنۈشىنى ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان تونۇشتۇرۇشنى ھەم شۇ كىشىنىڭ ئۆز ئورنىدىن باشقا يەنە ئىككى كىشىنىڭ تەۋسىيەسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قامۇس» تەھرىرلىرى ئاجايىپ ـ غارايىپ مەزمۇنلارنى قىسقارتىپ، بىلىم خاراكتېرى كۈچلۈك، پايدىلىق مەزمۇنلارنى كۆپەيتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار 1991 ـ يىلىدىن باشلاپ زىيادە يەپ ـ ئىچىشكە ئائىت رېكورتنى ئېلان قىلماسلىقنى قارار قىلدى. ئۇلار يەنە تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدىكى توپ ئۇرۇش قېتىم سانى رېكورتىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش مۇسابىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، كىشىنى قىزىقتۇرالمايدىكەن. «قامۇس» نىڭ تەھرىرلىرى بۇنىڭدىن كېيىن بەزى خەتەرلىك، ھەتتا جانغا زامىن بولىدىغان

رېكورتلارنى ئېلان قىلىشتىنمۇ ئىمكان قەدەر ساقلانماقچى.
«گىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» 35 خىل تىلدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

## سۆھبەت

ئا: «گىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» قاچان دۇنياغا كەلگەن؟

ئە: 1955 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن.

ئا: «گىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» تەھرىر بۆلۈمى ھەر كۈنى قانچىلىك خەت تاپشۇرۇۋالىدۇ؟

ئە: ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 پارچىدىن كۆپرەك خەت تاپشۇرۇۋالىدۇ.

ئا: «گىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» نەچچە خىل تىلدا نەشر قىلىنىدۇ؟

ئە: 35 خىل تىلدا نەشر قىلىنىدۇ.

ئا: «گىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» ھازىرغىچە نەچچە قېتىم نەشر قىلىندى؟

ئە: ھازىرغىچە 37 قېتىم نەشر قىلىندى.

ئا: «قامۇس» قا «دۇنيادا ئەڭ» دىن قانچىلىك كىرگۈزۈلگەن؟

ئە: ھەر خىل مەزمۇندىكى «دۇنيادا ئەڭ» دىن 15 مىڭى كىرگۈزۈلگەن.

ئا: «قامۇس» قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

ئە: دۇنيادىكى بىمەنە ۋە جىددىي ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| يېڭىلا- | (نېمىنى) | 换新,更新 |
| ئىمكان قەدەر | (س ب) | 尽量,尽可能 |
| ئېتىراپ قىل- | (نېمىنى) | 承认,确认 |
| ئېلان قىل- | (نېمىنى) | 宣布;发表 |
| ئۆز ئىچىگە ئال- | (نېمىنى) | 包括 |
| نەشر قىل- | (نېمىنى) | 出版 |
| ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | (س ب) | 平均 |
| ھەتتا | (ب) | 甚至 |
| مۇكەممەللەش- | (نېمە) | 巩固 |
| يەپ - ئىچ- | (نېمىنى) | 吃喝 |
| زىيادە | (س) | 过分的 |
| كۆپەيت- | (نېمە) | 增加,增多 |
| كۆرۈنۈش | (ئى) | 外表,外形,样子 |
| لوندون | (ئى) | 伦敦 |
| دەلىللە- | (نېمىنى) | 证实,论证 |
| خاراكتېر | (ئى) | 性格 |
| خەت - چەك | (ئى) | 信件,书信 |
| خەتەرلىك | (س) | 危险的 |
| ساقلان- | (نېمىدىن) | 避免 |
| رېكورت | (ئى) | 记录 |
| قىزىقتۇر- | (نېمىگە) | 使发生兴趣 |
| قىسقارت- | (نېمىنى) | 减;精减;压缩,缩短 |
| قامۇس | (ئى) | 百科全书 |
| ئالقىشقا ئېرىش- | (س ب) | 受到欢迎 |
| ئەستايىدىل | (س) | 认真 |

| | | |
|---|---|---|
| 跟，跟随 | (كىمگە) | ئەگەش- |
| 取消 | (نېمە) | ئەمەلدىن قال- |
| 英国 | (ئى) | ئەنگلىيە |
| 意义 | (ئى) | ئەھمىيەت |
| 无意的，荒诞的 | (س) | بىمەنە |
| 编辑部 | (ب) | تەھرىر بۆلۈم |
| 嘱咐，建议 | (ئى) | تەۋسىيە |
| 打球 | (س ب) | توپ ئۇر- |
| 打电话 | (كىمگە) | تېلېفون بەر- |
| 乒乓球 | (س ب) | تىكتاك توپ |
| 使丧命，致死 | (س ب) | جانغا زامىن بول- |
| 吉尼斯 | (ئى) | جىننىس |
| 奇怪的，离奇的 | (س) | ئاجايىپ - غارايىپ |
| 分，分开；分清；拨出 | (نېمىنى) | ئاجرات- |

www.uyghurkitap.com

〔语法要点〕

## 标点符号（二） تىنىش بەلگىلىرى

6. 连接号 — سىزىقچە

1）用于对偶词两个成分之间，表示序数的阿拉伯数字之后，或用于谓语与某些语气词之间。如：

① تىل - يېزىق　　پۇت - قول　　بەش - ئالتە

② بۇ نېمىدېگەن مەنزىرىلىك جاي - ھە!

③ 94 - يىللىق 1 - سىنىپ.

④ 1995 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

2）移行时，用于上行之后以连接音节。如：

① تىرىش-
چانلىق

② تەرەققى-
يات

7. 破折号 —— سىزىق

用于复指成分之间，或部分判断句的主语与谓语之间，或人物对话开头之前。如：

① — سەن نېمە ئادەم؟

— مەنمۇ؟ ئوقۇغۇچى.

② بېيجىڭ — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى.

8. 括号（ ） تىرناق

用于注释性的词语。如：

① ئەتە (سەيشەنبە) ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى بولىدۇ.

② 90 ـ يىللارنىڭ تۇنجى باھارى يېتىپ كەلدى.

(«شىنجاڭ گېزىتى» دىن)

9. 双引号《 》 قوش تىرناق

1)用于直接引语。如：

① «ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ كونكرېت تەلىپى نېمە-كەن؟» دەپ سورىدى ئالماس.

② «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك، بەزى ئادەملەر ئۇنى «شەمشىدىن سارالڭ» دەپ زاڭلىق قىلىدىغان بولدى.

2)用于报刊、书籍、文章、电影名称和机关、单位名称上。如：

① ئۇ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

② «سەددىچىن سېپىلى» ماگىزىنى.

③ «كۇئېنلۇن» مېھمانخانىسى.

10. 引号〈 〉 يالاڭ تىرناق

引号用于在双号内所引用的书报名称和引语前后。如：

مەن «‹پولات قانداق تاۋلاندى› رومانى ھەققىدە قىسقىچە تەسىرات» دېگەن ئوبزورنى ئوقۇدۇم.

11. 省略号 … كۆپ چېكىت

1)用来表示意思未尽或省略。如：

① ئىككىسى چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، موللا نىياز

ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى ......

② دۈشمەن ئەسكەرلىرى بالىنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— ئېتىڭ نىمە؟

— . . .

— بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟

— . . .

2)用来表示话语中断或话语断断续续。如：

— مەن ··· كومىسسار ··· ئىشىكنى ئېچىڭ، ··· — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

12. 逗号 ، پەش

1)用于简单句的并列部分之间(无论这些部分是词还是词组)和并列的复句的各分句之间。如：

① ئۇ ئۇستا شائىر، ھەم ئۇستا رەسسام.

② مەن ماگىزىندىن لۆڭگە، قەلەم، سىزغۇچ قاتارلىقلارنى ئالدىم.

③ شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ۋاقىت ھەممىدىن قىممەت.

2)用在句中的插入语、呼语以及感叹词之后。如：

① قېنى ئەمىسە، سىز سۆزلەڭ.

② ئازاد، ئاڭلىسام سىز بېيجىڭغا بېرىپ كەپسىز.

③ پاھ، قالتىس چىرايلىقكەنغۇ - بۇ!

## كۆنۈكمە

1. 熟记本课单词。

2. 熟读下列词组并译成汉文。

ئادەم سانى كۆپەيمەك　　　چارۋا - مال كۆپەيمەك

دەرس سائىتى كۆپەيمەك　　　ئوقۇتۇش بىنالىرى كۆپەيمەك

1 - كۆرۈنۈش　　　شەھەر كۆرۈنۈشى

تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق　　　ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل

| | |
|---|---|
| ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماق | ئەستايىدىل ئادەم |
| پارتىيىگە ئەگەشمەك | ئانىسىغا ئەگىشىپ يۈرمەك |
| رەڭلىك تېلېۋىزور | رەڭلىك فىلىم |
| جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى | خاراكتېرى ئوخشاش |
| خاراكتېرى ناچار | رېكورت ياراتماق |
| رېكورت بۇزماق | بىمەنە ئىش |
| بىمەنە گەپ | ئەھمىيىتى زور |
| ئەھمىيەت بەرمەك | ئەھمىيىتى يوق |

3. 把下列两组词搭配成词组。

| | |
|---|---|
| ئاجايىپ ـ غارايىپ | ئېلان قىلماق |
| كۆپچىلىك | ئۆز ئىچىگە ئالماق |
| خەتەرلىك | رېكورت |
| ماقالە | قىزىقتۇرماق |
| يېڭى | نەشىر قىلماق |
| ئىمكان قەدەر | نەرسە |
| ئۈزلۈكسىز | قىسقارتماق |
| ھەممە | ھەرىكەت |
| قايتا | ئالقىشقا ئېرىشمەك |
| جان سانى | ئەگەشمەك |
| كىشى | ئالغا باسماق |
| يىپ | ئىش |
| مۇئەللىم | ئەمەلدىن قالدۇرماق |
| تۈزۈم | كۆپەيمەك |
| بىمەنە | تىرىشماق |

4. 完成下列句子。

① ..... ھازىرغىچە 37 قېتىم نەشىر قىلىندى.

② تېلېفون بەرگۈچىلەرنىڭ كۆپى .....

③ ..... ئۇلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرىدۇ ۋە دەلىللەيدۇ.

④ ئۇلار 1991 ـ يىلىدىن باشلاپ ......
⑤ «قامۇس» نىڭ تەھرىرلىرى بۇنىڭدىن كېيىن ......
⑥ ...... جۇڭگودا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.
⑦ ئۇنى يوقلاپ بارغۇمغۇ بار ئىدى، ......
⑧ بۇ مېنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ......
⑨ غايىلىك بىر ياشنىڭ ئىستىقبالى ......
⑩ ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن سۆزلەيدىغان سۆزى، قىلىدىغان خىزمەتلىرى ......

5. 用下列词造句。

كۆپەي ـ، ئۇزلۇكسىز، ئىمكان قەدەر، كۆرۈنۈش، قىزىقتۇر ـ، خەتەرلىك، ئەگەش ـ، ئەمەلدىن قال ـ

6. 摸仿重点句子进行造句练习。

7. 给下列句子提出疑问。

① قامۇسقا ھەرخىل مەزمۇندىكى «دۇنيادا ئەڭ» دىن 15 مىڭى كىرگۈزۈلگەن.
② تەكلىماكان قۇملۇقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.
③ تىل ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.
④ كۈندىلىك دەرسنى كۈندە تەكرار قىلىش كېرەك.
⑤ ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
⑥ بوغدا كۆلىنىڭ مەنزىرىسى رەسىملەردىكىدىنمۇ چىرايلىق.

8. 把下列句子译成维文。

①他是一位有名的科学家,虽然已经老了,但是他仍然努力工作。

②这件事情我根本就没有听说过。

③我近来感觉到自己健康状况不太正常。

④抓政治思想工作,应包括抓学生的思想工作。

⑤大学时代的欢乐生活终生难以忘怀。

⑥你虽然隐瞒了这件事,但终究会被发觉的。

⑦库尔班检讨了自己的错误。

⑧我们把同学们分成两部分,一部分唱歌,一部分跳舞。

9. 回答问题。

① «جىننىس دۇنيا رېكورتى قامۇسى» قانچە قېتىم نەشىر قىلىندى؟ ئۇنىڭغا قانچىلىك «دۇنيادىكى ئەڭ» كىرگۈزۈلگەن؟

② جىننىس دۇنيا رېكورتى قانداق بېكىتىلىدۇ؟

③ «قامۇس» تا قانداق مەزمۇنلار قىسقارتىلىپ، قانداق مەزمۇنلار كۆپەيتىلىدۇ؟

④ «قامۇس» نەچچە خىل تىلدا نەشىر قىلىنىدۇ؟

10. 句型练习。

1.

① ھازىر نۇرغۇنلىغان جايلاردا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقتا ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىپ چىقارماقتا.

② مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايىدا خۇشاللىق ناخشىلىرى ياڭرىماقتا.

③ ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى كۈيلىمەكتە، ئۇلۇغ پارتىيىنى مەدھىيىلىمەكتە.

2.

① ئۇلار ئەتە يولغا چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ.

② ئۇ يەنە ئىنگلىزچە ئۆگەنمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

③ مەكتەپ بۇ ئىش توغرىسىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ.

3.

① يىغىننىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بارغانسېرى يىغىندىن زېرىكمەكتە.

② ئىمتىھان ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى جىددىيلەشمەكتە.

③ كىشىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىي تۇرمۇشىمۇ جانلانماقتا.

www.uyghurkitap.com

# 总词汇表

## ئا

| | | |
|---|---|---|
| 母亲,妈妈 | (10) | ئاپا |
| 拿去,带 | (23) | ئاپار |
| 灾,灾难,祸患 | (31) | ئاپەت |
| 公共汽车,大轿车 | (14) | ئاپتوبۇس |
| 自治区 | (27) | ئاپتونوم رايون |
| 名字,名称;名声,名义,马 | (10) | ئات |
| 为,专为 | (41) | ئاتا- |
| 著名的 | (40) | ئاتاقلىق |
| 术语,名词 | (40) | ئاتالغۇ |
| (物)大气 | (31) | ئاتموسفېرا |
| 奇怪的,离奇的 | (50) | ئاجايىپ - غارايىپ |
| 分,分开;分清;拨出 | (50) | ئاجرات- |
| 减弱 | (33) | ئاجىزلا- |
| 开,打开,开辟,举办;饿 | (13) | ئاچ- |
| 苦辣;愤怒,生气;劲大的 | (25) | ئاچچىق |
| 搜查,翻 | (45) | ئاختۇر- |
| 晚上,晚间,傍晚;昨晚 | (17) | ئاخشام |
| 终于,最终,最后 | (16) | ئاخىر |
| 结束,完结 | (38) | ئاخىرلاش- |
| 朋友;伙计 | (24) | ئاداش |
| 习惯 | (34) | ئادەت |

| | | |
|---|---|---|
| 平时 | (18) | ئادەتتە |
| 习惯 | (20) | ئادەتلەن- |
| 平常的，一般的，普通的 | (20) | ئادەتتىكى |
| 格外，非常 | (38) | ئادەتتىن تاشقىرى |
| 公道的，公平的，公正的；阿迪里(男名) | (30) | ئادىل |
| 休息 | (30) | ئارام ئال- |
| 勉强，好不容易；只，仅仅 | (28) | ئاران |
| 驮，搭 | (48) | ئارت- |
| 多的，多余的 | (27) | ئارتۇق |
| 演员 | (18) | ئارتىس |
| 希望 | (44) | ئارزۇ قىل- |
| 经过，通过 | (31) | ئارقىلىق |
| 军队 | (26) | ئارمىيە |
| 围，簇用；容 | (29) | ئارىغا ئال- |
| 受折磨，受痛苦，感到难过 | (34) | ئازابلان- |
| 解放 | (26) | ئازادلىق |
| 一点，稍微一点 | (18) | ئاز - پاز |
| 挂 | (36) | ئاس- |
| 基本上 | (28) | ئاساسەن |
| 根据，依据，依照，按照 | (37) | ئاساسلان- |
| 主要的 | (33) | ئاساسلىق |
| 基本的，主要的，根本的 | (20) | ئاساسىي |
| 慢，缓慢；悄悄 | (25) | ئاستا |
| 柏油路 | (22) | ئاسفالت يول |
| 天，天空 | (12) | ئاسمان |
| 天体 | (40) | ئاسمان جىسىملىرى |
| 亚洲 | (28) | ئاسىيا |

| | | |
|---|---|---|
| 增长,增加;超过;剩余 | (33) | ئاش- |
| 炊食员,厨师,厨子 | (9) | ئاشپەز |
| 食堂 | (11) | ئاشخانا |
| 胃 | (46) | ئاشقازان |
| 那,那个 | (17) | ئاشۇ |
| 朋友 | (44) | ئاغىنە |
| 非洲 | (28) | ئافرىقا |
| 流 | (31) | ئاق- |
| 白种人 | (28) | ئاق تەنلىك |
| 阿克苏 | (10) | ئاقسۇ |
| 蛋白质 | (33) | ئاقسىل |
| 平安 | (16) | ئاق يول |
| 哥哥 | (10) | ئاكا |
| 听,听见,听取 | (13) | ئاڭلا- |
| 拿,取,买 | (14) | ئال- |
| 有关的 | (37) | ئالاقىدار |
| 大约,大概,约莫 | (30) | ئالاھازەل |
| 特殊,特别 | (18) | ئالاھىدە |
| 特点 | (27) | ئالاھىدىلىك |
| 瞪,斜视 | (25) | ئالاي- |
| 六 | (11) | ئالتە |
| 金子 | (27) | ئالتۇن |
| 前,前面,前边 | (24) | ئالدى |
| 首,首先 | (15) | ئالدى بىلەن |
| 忙,急忙,匆忙,着急 | (30) | ئالدىرا- |
| 急的,急忙的,忙的 | (16) | ئالدىراش |
| 急躁情绪 | (44) | ئالدىراقسان |
| 往前移动 | (41) | ئالدىغا سۇرۇل- |

| | | |
|---|---|---|
| 预料 | (49) | ئالدىن كۆر- |
| 预防,预止,预范 | (33) | ئالدىنى ئال- |
| 手掌 | (46) | ئالقان |
| 受到欢迎 | (50) | ئالقىشقا ئېرىش- |
| 苹果 | (27) | ئالما |
| 交换,互换 | (39) | ئالماشتۇر- |
| 科学家;阿力木(男名) | (8) | ئالىم |
| 最高的,高等的,高级的 | (40) | ئالىي |
| 大学,高等学府 | (39) | ئالىي مەكتەپ |
| 爱,喜欢,喜爱,疼爱 | (18) | ئامراق |
| 美国 | (28) | ئامېرىكا |
| 因素 | (33) | ئامىل |
| 母语 | (40) | ئانا تىل |
| 石榴 | (27) | ئانار |
| 不怎么,怎么(多用于否定) | (19) | ئانچە |
| 然后 | (14) | ئاندىن |
| 人口,居民,人烟 | (28) | ئاھالە |
| 繁荣 | (36) | ئاۋات |
| 麻烦,打扰 | (20) | ئاۋارە قىل- |
| 声,声音,嗓门;音量;呼声 | (38) | ئاۋاز |
| 先,前,早先,原先,以前 | (17) | ئاۋۋال |
| 那 | (7) | ئاۋۇ |
| 家用电器 | (22) | ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى |
| 月 | (12) | ئاي |
| 女,妇女 | (43) | ئايال |
| 结束,完结,了结,告终,终止 | (35) | ئاياغلاش- |
| 阿依古丽(女名) | (9) | ئايگۈل |
| 分,分开;离开 | (23) | ئايرى- |

| | | |
|---|---|---|
| 离别,离开,脱离;分手;失去 | (29) | ئايرىل- |
| 旋转;变成;晕;绕,散步 | (33) | ئايلان- |
| 使变成;使转;搞晕 | (34) | ئايلاندۇر- |
| 旋转形,盘旋形 | (47) | ئايلانما شەكىللىك |
| 嗨,喂 | (36) | ئايھاي |

## ئە

| | | |
|---|---|---|
| 和解,重新和好 | (34) | ئەپلەش- |
| 原谅 | (34) | ئەپۇ قىل- |
| 关闭;做 | (48) | ئەت- |
| 明天 | (12) | ئەتە |
| 周围 | (45) | ئەتراپ |
| 周到 | (49) | ئەتراپلىق |
| 早晨,早上 | (14) | ئەتىگەن |
| 早晨的,早上的 | (17) | ئەتىگەنلىك |
| 奇怪的,古怪的;真 | (25) | ئەجەب |
| 傻瓜,笨蛋,愚蠢 | (36) | ئەخمەق |
| 愚弄 | (29) | ئەخمەق قىل- |
| 道德礼貌 | (36) | ئەدەب - ئەخلاق |
| 教训 | (48) | ئەدىبىنى بەر- |
| 男 | (43) | ئەر |
| 阿拉伯 | (40) | ئەرەب |
| 夫妻,夫妇 | (34) | ئەر - خوتۇن |
| 值得 | (32) | ئەرزى- |
| 从来,历来,素来,一向 | (31) | ئەزەلدىن |
| 著作 | (40) | ئەسەر |
| 认真 | (50) | ئەستايىدىل |
| 您好 | (11) | ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم |

| | | |
